
صلاح الدين الأيوبي



# سالاھىددىن

جۇرجى زەيدان

سالاھىددىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى جالالىدىن بەھرام لاھىيىلىگەن

نومۇرى: M10098.981

باھاسى: 0.98 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سالاھىددىن

— ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ ئىچكى سىرى

ئاپتورى: (لىۋان) جۇرجى زەيدان

تەرجىمانى: مامۇت سابىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى باقى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كىتاپخانلارغا

«سالاھىددىن» — ئىسلام تارىخىغا دائىر تارىخىي پوۋېست.

بۇ پوۋېستتا مۇھىم ئىككى تارىخىي ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى شىئە مەزھىبىدىكى فاتىمىيە خەلىپىلىكىنىڭ يىمىرىلىپ، سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ئەييۇپ سۇلالىسى تىكلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدىن كېيىن، سۈننى مەزھىبىدىكى ئاببىاسى خەلىپىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەرەپ زېمىنىدىكى ئەمەلىي ھوقۇق تۈركلەرنىڭ قولىدا بولدى.

ئىككىنچىسى، شىئە مەزھىبىدىكى ئىسمائىلىيە پىرقىسى سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈشكە ئىككى قېتىم ئۇرۇنغان (بۇ پوۋېستتا بىر قېتىملىقى تىلغا ئېلىنىدۇ) بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. سالاھىددىن ئىسمائىلىيلەرنىڭ ئىمامى راشىددىن سىنانغا قارشى كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى باتۇر ئىمادىددىننى راشىددىن سىناننىڭ قەلئەسىگە ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئىمادىددىن ئۇنى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇ فاتىمىيە خەلىپىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلىپىلىكنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان سۈيىقەستچى ۋە ئىككى يۈزلىمە ئەبۇ ھەسەننى ئۆلتۈرۈپ مىسىرغا سالامەت قايتىپ كېلىپ، فاتىمىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ئازىدلىدىنىللانىڭ ھەمشىرىسىگە ئۆيلىنىدۇ.

يۇقۇرقى ئىككى تارىخىي ۋەقەنىڭ جەريانى مۇرەككەپ كۈرەشلەر بىلەن داۋام قىلىدۇ ۋە بۇ كۈرەشلەر ئەدىبىي شەكىلدە

ئىخچام، چۈشىنىشلىك بايان قىلىنىدۇ، ۋەقەنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى بىرنەچچىلا كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە خاس مەيدانى، خۇسۇسىيىتى ۋە پائالىيەتلىرى روشەن تەسۋىرلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى سالاھىددىن ئەييۇبى سەلجۇق تۈركلىرىدىن بولۇپ، ئۇ 1138 - يىلى تىگىرىس دەرياسى بويىدىكى تەكرىتتە تۇغۇلغان، 1193 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دەمەشقتە قاراكېزىك بىلەن 55 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەۋرىسى دەمەشقتىكى ئۇمەييە جامەسىنىڭ يېنىدا.

سالاھىددىن ياۋروپالىق ئەھلى سەلىپنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسنى تارتىۋېلىش نامى بىلەن شەرققە قىلغان كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشتە داڭقى چىققان قەھرىمان ھەمدە شۇ دەۋردە مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش، ھەققانىيەتنى ياقلاش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىق بىلەن شۆھرەت قازانغان سەركەردە بولۇپ، ئەرەب ۋە ياۋروپا تارىخلىرىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. بۇنىڭ پاكىتى شۇكى، ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى ئەھلى سەلىپتىن قايتۇرۇپ ئالغاندا قولغا چۈشكەن ياۋروپالىق ئەسىرلەردىن بىر مىڭ كەمبەغەل ئەسىرنى ھەقسىز قويۇۋەتكەن (ئۇ دەۋردە ئەسىرلەردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىلەتتى).

ئۇ مىسىر، غەربىي ئافرىقا، نۇبىيە، غەربىي ئەرەبىستان، پەلەستىن، ئوتتۇرا سۈرىيە قاتارلىق كەڭ رايوننى سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ بىساتىدىن ئاران 47 دەرخەم (كۈمۈش پۇل) 1 دىنار (ئالتۇن پۇل) چىققان. خەزىنىدىكى دۇنيا - دەپىنىنى ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا، مەكتەپ - مەدرىسە قۇرۇلۇشىغا، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا، مىسىر شەھىرىنىڭ سېپىل قۇرۇلۇشىغا ۋە باشقا جامائەت ئىشلىرىغا سەرىپ قىلغان، قول ئاستىدىكى مۇلازىملارغا، ھەربىي قوشۇنغا بۆلۈپ بەرگەن.

بۇ ئەسەر تارىخ ئۆگىنىشتە قوشۇمچە ماتېرىيال بولۇش بىلەن بىللە، تارىخىي پوۋېست، رومان يېزىشتىمۇ مەلۇم ئۆلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى «رامىزانىنىڭ ئون يەتتىسى»، «قۇرەيش قىزى» قاتارلىق تارىخىي پوۋېستلارنىڭ ئاپتورى جۇرجى زەيدان بولۇپ، ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئەرەپ تارىخشۇناسى ۋە پىروزىچىسى.

مامۇت سابىت

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاساسلىق شەخسلەر

**ئازىدلىدىنىللا**

— فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى

**مەلىكە سەييىدە**

— خەلىپە ئازىدلىدىنىللانىڭ ھەمشىرىسى

**سالاھىددىن ئەييۇبى** (قىسقارتىپ سالاھىددىن دېيىلىدۇ)

— مىسىر سۇلتانى

**نەجمىددىن ئەييۇبى** (قىسقارتىپ نەجمىددىن دېيىلىدۇ)

— سالاھىددىننىڭ دادىسى

**باھائىددىن قاراقۇش** (قىسقارتىپ باھائىددىن دېيىلىدۇ)

— سالاھىددىننىڭ مەھرەم بېگى

**ئىمادىددىن**

— سالاھىددىننىڭ خاس مەھرىمى

**ئىيساھەككارى**

— سالاھىددىننىڭ يېقىن كىشىسى

**ئەبۇ ھەسەن**

— خەلىپىنىڭ كۆشەندىسى

**نۇرىددىن زەڭگى** (قىسقارتىپ نۇرىددىن دېيىلىدۇ)

— شام (سۇرىيە)نىڭ سۇلتانى

**راشىددىن سىنان** (قىسقارتىپ راشىددىن دېيىلىدۇ)

— ئىسمائىلىيلەرنىڭ ئىمامى

**ئابدۇرەھىم**

— ئىسمائىلىيلەرنىڭ مۇرىدى، ئىمادىددىننىڭ دوستى

# مۇندەرىجە


تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ........................ 1
خەلىپە ئازىدلىدىنىللا ۋە سالاھىددىن ........................ 4
ئەبۇ ھەسەن ۋە ھەشەشىنلار ........................ 27
مەلىكە سەيىدە ........................ 59
ئىمادىددىن ........................ 98
ئىساھەككارى ۋە باھائىددىن قاراقۇش ........................ 147
فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ........................ 197
سۇلتان نۇرىددىن ........................ 246
ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ........................ 315
ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشى ...... 337

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش

جەۋھەر سىقىللى قوماندانلىقىدىكى ئەرەپ قوشۇنى ھىجرىيىنىڭ 358 - يىلى① مىسىرنى پەتھى قىلدى. مىسىرنىڭ ئابباسىيلەردىن بولغان ئەخشىدى سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، مىسىردا فاتىمىيە سۇلالىسى تىكلەندى. ئىسلام قوشۇنى يىراققا يۈرۈش قىلغاندىن بۇيان، مىسىر تۇنجى قېتىم مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ دۆلەت قاھىرە خەلىپىسىدىن باشقا ھەرقانداق نوپۇز ئىگىسىنى ئېتىراپ قىلمايتتى.

فاتىمىيە سۇلالىسى ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپى ئاساسىدىكى دۆلەت بولۇپ، پادىشاسى خەلىپە دەپ ئاتىلاتتى. فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ مىسىردا ئون بىر خەلىپىسى ئۆتتى ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 200 يىلدىن كۆپرەك (ھىجرىيىنىڭ 358 - يىلدىن 567 - يىلغىچە) ھۆكۈم سۈردى. بۇ سۇلالىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى مۇئىزلىدىنىللا، ئاخىرقى خەلىپىسى ئازىد لىدىنىللا ئىدى.

شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، سۈننى مەزھىپىدىكى ئابباسىيە خەلىپىلىرى داۋاملىق باغداتتا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

ئەندەلۇس دىيارىدىكى مەرۋانىلارمۇ بۇ چاغدا باش كۆتىرىپ،

---

① مىلادىينىڭ 622 - يىلى ھىجرىيىنىڭ 1 - يىلى ھېساپلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ھىجرىيىنىڭ 358 - يىلى مىلادىينىڭ 980 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام پادىشالىقىدا بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئۈچ بۆلەك ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. ھەرقايسى تەرەپ ئۆز خەلىپىسىنى قانۇنلۇق (ئەلخۇلافە ئەلراشىدۇن. — ت)، باشقا خەلىپىلەرنى قانۇنسىز دېيىشەتتى. ئۈچ خەلىپە ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش بولۇپ تۇردى، ھەرقايسىسى باشقا خەلىپىلىكنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ھاكىم مۇتلەقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەيتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باغدات خەلىپىسى بىلەن قاھىرە خەلىپىسى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. سۈننى مەزھىبى بىلەن شىئە مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىياسى توقۇنۇشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان ھېكايىمىز فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ئازىدلىدىنىللا دەۋرىدە يۈز بەرگەن. ئازىد لىدىنىللا ئاسما، بوشاڭ خەلىپە ئىدى. ھاكىمىيەت ئىشلىرى ھوقۇقلۇق ۋەزىرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ خەلىپىنى ئالدايتتى، بىر بىرىنىڭ پېيىگە چۈشەتتى، بىر بىرى بىلەن پۇت تېپىشەتتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەملىكەتنى ئۇزاق مۇددەت جاھالەت قاپلاپ كەتتى، خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، مەملىكەت ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. لېكىن خەلىپە بۇنىڭغا ھېچقانداق چارە - تەدبىر قوللانمىدى ۋە ھېچنىمە قىلالمىدى.

خەلىپە ئازىد لىدىنىللا مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا، ئوغۇز ئۇرۇغىدىن بولغان سالجۇقىلار ئىراق بىلەن ئىراندا ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ ۋە بۇ رايونلاردا خانلىقلارنى تەسىس قىلىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شامدا① نۇرىددىن زەڭگى سۇلتان

① سورىيە قەدىمقى زاماندا شام دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا چەۋەنداز، جەڭگە ماھىر بىر تۈركۈم كۈرد سەركەردىلەر ۋە يىگىتلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەجمىددىن ئەييۇبى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەسەدىددىن مەشھۇر سەركەردىلەردىن بولۇپ، نۇرىددىن زەنگىنىڭ ئەمىر - ئەمرالىرى ئىچىدە يۇقۇرى نەسەپلىك كىشىلەر ئىدى.

مىسىردىكى فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئارىسىدىكى سىياسى قاراشنىڭ ئوخشاش بولماسلىغى تۈپەيلىدىن توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىگى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپالىق ئەھلى سەلىپنىڭ① تەھدىتى ئارقىسىدا، ئوردا تېخىمۇ پاراكەندىلىك ئىچىدە ئىدى. خەلىپە ئازىد لىدىنىللا شامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتان نۇرىددىن زەنگىدىن ياردەم سورىدى ۋە ئۇنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىنى ئىزغا سېلىشقا ياردەملىشىشىنى ئۆتۈندى. فاتىمىيە سۇلالىسىگە ئۇزاقتىن بېرى كۆز تىكىپ تۇرغان سۇلتان نۇرىددىن زەنگى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مىسىرنى بىراقلا ئۆز قولىغا ئېلىش نىيىتىگە كەلدى - دە، قوماندان ئەسەدىددىن باشچىلىغىدا مىسىرغا ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتتى، بۇ قوشۇن مىسىر ۋەزىيىتىنى تېزلا كونتۇرۇل قىلدى. بۇ چاغدا ياۋروپالىق ئەھلى سەلىپنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئوتى لاۋۇلداپ يانماقتا ئىدى. سۇلتان نۇرىددىن زەنگى ئەسەدىددىننى مىسىردا تۇرىدىغان ۋەزىر، ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى سالاھىددىننى ئۇنىڭ نايىبى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەسەدىددىن ھىجرىيىنىڭ 564 - يىلى ۋاپات بولدى، سالاھىددىن تاغىسى ئەسەدىددىننىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولدى. سالاھىددىن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مىسىردا ئۆزى ئۈچۈن تولۇق مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش نىيىتىدە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى.

بۇ كىتاپتىكى ھېكايىمىزنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئەنە شۇ.

---

① ئەھلى سەلىپ — بەيتۇلمۇقەددەس يەنى ئىرۇسالىمنى مۇسۇلمانلاردىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ياۋروپادىن غازاتقا ئاتلانغان خىرىستىيان مۇخلىسلىرى — تەرجىمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خەلىپە ئازىد لىدىنىللا ۋە سالاھىددىن

— ئۇخلاۋەرمەي قوپ ئەمدى، بۇرادەر، قاھىرە تازا قىزىپ كەتتى، ئادەملەر مىغىلدىشىپ - پاتىپاراقلىشىپ يۈرىدۇ، بىرىپ ئىشەكلىرىڭدىن خەۋەر ئال، — دېدى ھەسەن تاغا تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئىنىسى بىدىنگى ئۆمەرگە ۋاقىراپ.

— ھە، نىمە دىدىڭ؟ — دېدى ئۆمەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — نىمە بولدى، نىمە دەيسەن؟ ئۆز زامانىدا فۇستاتقا① ئوت كەتكەندەك، قاھىرەگە ئوت كېتىپتىمۇ - يا؟ تايىنلىق يەنە بېشىمىزغا جانغا تېگىدىغان ئالۋاڭ - ياساق چۈشكەندۇ. ماقۇل، ئۇنداق بولسا، ئىشەكلىرىمنى ئېغىلغا سولىشىپ بەرگىن، كۇردلار بىلەن تۈركلەر بۇلاپ كەتمىسۇن يەنە…

— ئۇنداق دىمە، ئۆمەر، — دېدى ھەسەن تاغا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — كۇردلار ئۇدان ئادەملەر جۇمۇ بۇرۇن تارتقان كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇ كۈنلەردە قىلغان - ئەتكىنىڭنىڭ ھەممىسى گۇنا ئىدى، سەللا بىخەستەلىك قىلساڭ، باج جەرىمانە قوياتتى، كىمكى يۈرگىنى قاپتەك قىلىپ «ئەبۇ بەكرى»، «ئۆمەر» دىگەن ئىككى خەلىپىنىڭ ئېتىنى ئاغزىغا ئالسا، پىشكەللىككە ئۇچرىغىنى ئۇچرىغان ئىدى.

① قاھىرە شەھىرى فۇستات شەھىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. تارىختا فۇستات شەھىرى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەن. كېيىن قايتا قۇرۇلۇپ، قاھىرەنىڭ بىر رايونى بولۇپ قالغان.

— راست دېدىڭ، — دېدى ئۆمەر، — ئاتا - ئانام ماڭا «ئۆمەر» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغانلىقىغا ھازىرغىچە پۇشايمان يەيدۇ. چۈنكى ھېچكىم مېنى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرالمايدۇ، ئەگەر ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئىسمىمنى ئاتاپ قالىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا جەرىمانە قويۇلاتتى. بۈگۈن يەنە نېمە ئىش بوپتۇ؟ نېمىشقا مېنى ئىشەكلىرىڭگە قارا دەيسەن؟

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى ھەسەن تاغا، — خەلىپە ئازىد بۈگۈن شەھەردىن چىقىدىكەن، ئۇنىڭ تۈرك ياساۋۇللىرىمۇ ھەمرا بولۇپ چىقىدۇدەك. ئۇلارنى سېنىڭ ئىشەكلىرىڭگە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ بۇلاپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئېھتىيات قىلغىنىڭ تۈزۈك.

— خەلىپىنىڭ شەھەردىن چىقىشىنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇ بىزدىن يىراق تۇرسا! — دېدى ئۆمەر.

— بىراق ئۇلار فۇتۇھ دەرۋازىسىدىن چىقىپ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىشىپتۇ، — دېدى ھەسەن.

— نېمە؟ ئۇلار فۇتۇھ دەرۋازىسىدىن چىقسا نەگە بارىدىغاندۇ؟ — دېدى يەنە ئۆمەر.

— ئۇلار نەجمىددىن ئەييۇبىنىڭ ئالدىغا چىقىدىكەن، — دېدى ھەسەن.

— خەلىپەم، نەجمىددىن ئەييۇبىنىڭ ئالدىغا چىقىدىكەن دەمسەن؟ ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر چۈشەنمەي.

— ئۇ ۋەزىر سالاھىددىننىڭ دادىسى، ئوغلىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاتايىن شامدىن كەپتۇ، — دېدى ھەسەن.

— يائاللا، — دېدى ئۆمەر ھەيران بولۇپ، — شۇنداق سەلتەنەتلىك خەلىپە بىر ۋەزىرنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقسا، تاغا، بۇ زادى ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە ئىش ئىكەن. فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرىدىن قايسىبىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق ئېگىلىپ باققان!

— ۋاي بۇرادەر، — دېدى ھەسەن، — ھازىرقى كۈندە ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالدى، خەلىپىنىڭ قۇرۇق ئاتىغىلا قالدى. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر قورچاق، ھوقۇقنىڭ ھەممىسى ھېلىقى كۇردنىڭ قولىدا. ھەي، بىچارە ئازىدا!

— بىچارە دېدىڭمۇ؟ — دېدى ئۆمەر، — ئۇ بىزدىنمۇ بىچارىمىدۇ؟ مېنىڭچە، خەلىپىدىن كۆرە بۇ كۇرد ياخشىراق چىقىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس!

— بۇ كۇردنىڭ خەلىپىدىن ياخشىراق ئىكەنلىكىنى نېمە بىلەن چۈشەندۈرىسەن؟ — دېدى ھەسەن.

— خەلىپە بىزنىڭ يىلىگىمىزنى شوراشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلەر تىرىلىشىمىز بىلەن كارى يوق! كۇرد بولامدۇ، ئەرەپ بولامدۇ، ياكى ھىندى بولامدۇ، ئىشقىلىپ خەلقنى ئەزمىسىلا بولدى، قانداق دەيسەن؟ — دېدى ئۆمەر.

— ئۈنۈڭنى پەس قىل! — دېدى ھەسەن، — ئۇلار كېلىپ قالاي دېدى، ناغرا - دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھەر ھالدا ئىشەكلىرىڭنى كۆزدىن نېرىراق قويغىن!

— ماقۇل، مەن كېتەي، — دېدى ئۆمەر، — بىراق، خەلىپىنىڭ ئاتلىقلىرى ناھايىتى سۈرلۈك ئىمىش، كۆرسە ئادەمنىڭ تېنى ئەيمىنىمىش؛ ئۇلارنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن كىمخاپ - تەتىلىلا تون، سەر - پايلىرى كىشىنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋېتەرمىش، مۇشۇ پۇرسەتتە تازا بىر كۆرۈۋالمايمىزمۇ ......

— ماقۇل، بىلله بېرىپ كۆرەيلى، — دېدى ھەسەن.

— ياق، — دېدى ئۆمەر، — ئاۋال ئىشەكلەرنى ئىبىغىلىغا سولىشىپ بەرگىن. ئاندىن ئىككىمىز ئىگىز يەرگە چىقىپ كۆرسەك تېخىمۇ ئوبدان بولامدۇ!

— ماقۇل، ئەمىسە ئىشەكلەرنى ھەيدەيلى، — دېدى ھەسەن.

ئىككىسى ئىشەكلەرنى ئېغىلغا سولىدى، ئۆزلىرى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، خەلىپە ئاتلىقلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.
بۇ چاغدا ھەسەن:

— خەلىپە ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى شاھ قەسرىدىن چىققاندىن كېيىن ھايال ئۆتمەيلا فۇتۇھ دەرۋازىسىدىن چىقىدۇ، ئاتلىقلارنىڭ تاقۇر - تۇقۇر، ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دىدى ئۆمەرگە.

— ھەئە، ئاڭلىدىم، — دىدى ئۆمەر، — بىز بۇ يەردە تۇرساق، بىزگە خېيىم - خەتەر يېتەرمۇ؟

— ياق، — دىدى ھەسەن، — سەن راستىن سەل قورققاندەك تۇرىسەن.

— تاغا، زاڭلىق قىلما، — دىدى ئۆمەر، — «پىلان چاققان ئادەم ئاغامچىدىن قورقۇپتۇ» دىگەندەك، يېرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن ئادەممەن. مۇشىنچىۋالا سەپ تارتىپ مىغىلداپ چىققان ئەسكەرلەردىن نىمە ياخشىلىق كېلىدۇ دەيسەن؟! يەنىلا خەلققە بالايى - ئاپەت كېلىدۇ!

— ئاتلىقلار كەلدى، تازا سەپسېلىپ كۆرۈۋالايلى، — دىدى ھەسەن.

— ۋاھ، قارا، نىمە دىگەن ھەيۋەت! رەڭگا - رەڭ بايراقلار، ئادەملەر مىغىلدايدۇ، نەيزىلەر يالتىراپ تۇرىدۇ، قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتى خۇددى نىل دەرياسىنىڭ سۈيىگە ئوخشايدۇ. تاغا، ئۇلار فۇتۇھ دەرۋازىسىدىن چىقاي دەپ قالدى. قايسىسى خەلىپە؟ كىمخاپ تون كىيگەن، ئاق ئارغىماق مىنگەن ئاشۇ كىشى خەلىپىمۇ؟

— سەنزە راستىن جاھان كۆرمىگەن ئادەم - دە. كاتتا كىشىلەر چوڭ سورۇنلارغا ئاشۇنداق دەبدەبە - ئەسئەسىلەر بىلەن ناھايىتى ھەيۋەتلىك چىقىدۇ. قارا، سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان،

كىمخاپ تونلۇق، ئاق ئارغىماقلىق كىشى خەلىپىنىڭ خاس مەھرىمى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بەگزادىلەر ۋە مۇلكىي، ھەربىي ئەمىر - ئەمرا، داڭلىق ئالىم قاتارلىق ئەل كاتتىلىرى. ئەنە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى جىق نەغمىچىلەر داپ - دۇمباق، ناغرا - كاناي چېلىپ كېلىۋاتىدۇ، قارا نىمە دېگەن قىزىق! قارا - قارا، ئاۋۇ تەرەپتىكى پۈزۈر كىيىنگەن، كۆمۈش نەقىشلىك ئىگەرلەنگەن ئاتلىقلار تۈرك ياساۋۇللار. مانا بۇ ئادەملەر خەلىپە سىرتقا چىققاندىلا ھەمرا بولۇپ چىقىشىدۇ. ئاۋۇ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان كۆڭلەك ئاستىدىكى كىشىنى كۆردۈڭمۇ، خەلىپە دېگەن ئاشۇ.

— كۆڭلەك توسىۋالدى، ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى بىلەن لەپىلدەپ تۇرغان تۇغ - ئەلەملەرنىلا كۆردۈم. ئەمدى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شۇنچە ئادەملەر كىملەر؟

— ئالدىرىماي تۇرمامسەن، بىر - بىردىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن، ئالدىرىمىساڭمۇ خەلىپىنىڭ ئاتلىقلىرى تېز ئۆتۈپ بولالمايدۇ، — دېدى ھەسەن، — خەلىپىنىڭ ئېتىنى كۆردۈڭمۇ؟ قارا، ئىگىرىگە كالۇتۇن بىلەن گۈل چېكىلگەن قىزىل تاۋار يېپىلغان. ئۇنىڭغا يەنە كۆزىنى چاقنىتىدىغان بىرمۇنچە گۆھەر قويۇلغان، ئاتنىڭ بويىنىغا بىرقانچە تىزىق ئالتۇن مەزەڭگۇ ئېسىلغان، ئاتنىڭ پاقالچاقلىرىغا يەنە بىرمۇنچە ئالتۇن پايە ئۈزۈك سېلىنغان. بەزىلەر بۇ ئاتنىكى جابدۇق، زىبۇ - زىننەتلەرنى مىڭ دىنارغا يارايدۇ دېيىشىدۇ. باشقا ئەمىر - ئەمرالار مىنگەن ئاتلاردىمۇ شۇنداق قىممەتلىك زىبۇ - زىننەتلەر بار. بۇ زىبۇ - زىننەتلەرنى ھەر يىلى ھېيت - ئايەملەردە خەلىپە ئۇلارغا ھەدىيە قىلغان.

— تاغا، — دېدى ئۆمەر، — سىز ئوردىدا مەھرەم بولغان، بۇ قىممەتلىك زىبۇ - زىننەتلەر ھەققىدە

خېلى جىق بىلىدىغانسىز؟
— راست دېدىڭ، — دېدى ھەسەن، — ئازراق بىلىمەن. بىراق ھازىر ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى كۆرسەڭ كۆزلىرىڭ ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئاجايىپ - غارايىپ دەپى - دۇنيادىن خەلىپىنىڭ قانداق بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ قارا، ئۇنىڭغا تۇتۇلغان كۈنلۈكنى، خۇددى ئەلئىھرامغا ئوخشايدۇ، ھەر خىل رەڭدىكى كۈنلۈكلەر بار، ئۇلار ھەر خىل تاۋار - دۇردۇنلاردىن ياسىلىدۇ. ناۋادا خەلىپە ھاۋارەڭ كىيىم كىيگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھاۋارەڭ كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ؛ ناۋادا خەلىپە قىزىل كىيىم كىيگەن بولسا، ئۇنىڭغا قىزىل كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ. كۈنلۈكلەرنىڭ ئالتۇن رەڭلىك پەۋازلىرى شۇنداق يالتىراپ تۇرىدۇكى، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. كۈنلۈكلەرنىڭ قۇببىسى لىمون رەڭلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەتلىك گۆھەر ئورنىتىلغان.

— لېكىن بۇنچىۋالا ئېغىر كۈنلۈكنى بىرەر ئادەم كۆتەرگەندەك قىلمايدۇ، بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى ئۆمەر.

— ئاتلىق نەۋكەردىن بىرسى خەلىپىگە كۈنلۈك تۇتۇپ ياندىشىپ ماڭىدۇ، — دېدى ئۆمەر، — لېكىن ئۇ، كۈنلۈكنىڭ سېپىنى ئېگەر ئۈستىگە تىرەۋالىدۇ، خەلىپىنىڭ ئادەتتىكى ئولتۇرۇشىغا قاراپ كۈنلۈكنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ تۇرىدۇ - دە، ئۇنىڭغا ئاپتاپ چۈشۈرمەيدۇ.

— خەلىپىنىڭ بېشىدا پارقىراپ تۇرغان نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر يەنە قىزىقىپ.

— ئالدىرىما، كېيىنكى قۇلاق سال، — دېدى ھەسەن ئۇنىڭغا سەۋرلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — خەلىپىنىڭ بېشىدىكى سەللىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئاق، سوقچاقراق كەلگەن سەللە، ئۇنىڭ ئۈستىدە دۇنيادىن جۈپتى تېپىلمايدىغان، يېگى چىققان ئاي

شەكىللىك قىزىل ياقۇت بار، پارقىراپ تۇرغان نەرسە ئاشۇ. قىزىل ياقۇت ئۈستىگە يەنە بىر تال بىباھا مەرۋايىت قويۇلغان. ئاڭلىشىمچە، بۇ مەرۋايىتنىڭ ئېغىرلىقى 7 دەرھەم①، ئاۋۇ قىزىل ياقۇتنىڭ ئېغىرلىقى 11 فەما② كېلەرمىش.

— يا رەببىم! — دېدى ئۆمەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ، — خەلىپە بۇنچىۋالا قىممەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى يىغىپ نىمە قىلىدىغاندۇ!؟ بىزنىڭ بۇ ئېلىمىزدە ئاچ - يالىڭاچ ئادەملەر نۇرغۇن. لېكىن خەلىپە ھەددىدىن زىيادە ئەيشى - ئىشرەتلىك، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. ھەم، بۇ ئىشلارنى كۆرگەنسېرى ئادەمنىڭ زەردىسى قايناپدۇ!

— ئۆزەڭنى بېسىۋال، — دېدى ھەسەن، — بۇ ئىشلار ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئاللانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىلتىپاتى. قارا، خەلىپىنىڭ سول تەرىپىدىكى سەرۋازنىڭ قولىدىكى ئاق ياغلىقنى كۆردۈڭمۇ؟

ئۆمەر سەرۋازنىڭ قولىدىكى ئاق ياغلىقنى كۆرۈپ:

— ھەئە، كۆردۈم. ئۇ ياغلىقتا نىمە باردۇ؟ — دېدى.

— ياغلىقتا بىر ئالتۇن قۇتا بار، — دېدى ھەسەن تاغا ئۇنىڭغا، — بۇ قۇتىدا مارجاندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەتلەر بار. قارا، ئۇنىڭ تەرەپتىكى چەۋەنداز كۆتىرىپ تۇرغان ئالتۇن ساپلىق شەمشەرنى، ئۇنىڭ غىلىپىغا ھەر خىل ياقۇتلار بېكىتىلگەن، شەمشەرنىڭ قىممىتى قانچە بولسا، بۇ، شەمشەر ئىگىسىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خەلىپىنىڭ ئەتراپىدا قوللىرىدا ئاق ياغلىقلارغا ئورالغان شەمشەرلەرنى تۇتقان نۇرغۇن يىگىتلەركە قارا. ئۇلار خەلىپىنىڭ ياساۋۇللىرى، خەلىپىنى ئىككى ياندىن قوغداپ، يوچۇن ئادەملەرنى يېقىن

---

① بىر دەرھەم 3.12 گىرام.
② بىر فەما 4.68 گىرام.

كەلتۈرمەيدۇ. خەلىپىنىڭ ئالدىدا چىۋىن قورىغۇچىلارنى ئىگىز كۆتىرىپ ماڭغان ئاۋۇ ئىككى كىشى سىلاۋىيانلار، ئۇلار پاشا ـ چىۋىن ۋە باشقا ھاشارەتلەرنى قوروۋپ ماڭىدۇ.

— قامەتلىك بىر چەۋەندازغا كۆزۈم چۈشتى، ئۇ ھەدەپ سەپ ئارىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا مىكىپلا يۈرىدۇ، ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر يەنە.

— ئۇ قاھىرە شەھىرىنىڭ مۈلكىي ئەمەلدارى، خەلىپە سىرتقا چىققاندا، تەرتىپ ساقلاش، قىستا ـ قىستاڭچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەسئۇل. خەلىپىنىڭ كەينىدىكى بىر توپ ئەسكەرلەر قاھىرە شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى.

ئۆمەر بىردىنلا ئەجەپلىنىپ يەنە سورىدى:

— خەلىپە سىپىنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان ئاۋۇ پۈزۈر كىيىملىك كىشى كىم؟

ھەسەن ئۇ كىشىگە قاراپ قويۇپ، ئۆمەرگە دىدى:

— ھە، ۋەزىرى ئەزەم سالاھىددىن دىگەن كىشى شۇ. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى كىمخاپ تون ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى، بۇ تونىنى خەلىپە ئۇنىڭغا ئۈچ يىل بۇرۇن ھەدىيە قىلغان. ئۇنىڭ بېشىدىكى سەللە كالوتۇن يىپتا توقۇلغان، كىمخاپ تونىغا كالوتۇن يىپتا گۈل چېكىلگەن؛ ئۇنىڭ كەڭ يەڭلىك پەرىجىسى بىلەن بويىنىدىكى شارپىسىغىمۇ كالوتۇن يىپتا گۈل چېكىلگەن؛ ئۇنىڭ بويىنىدىكى زۇننارىدىمۇ ئون مىڭ دىنارلىق ياقۇت بار. ئۇنىڭ شەمشىرى بەش مىڭ دىنارغا، كالوتۇن يىپتا ئىشلەنگەن ئىگەرلىك ئېتى سەككىز مىڭ دىنارغا يارايدۇ، ئاتنىڭ بويىنىغا ئىككى يۈز تال ياقۇت ئېسىلغان. قارا، ئاتنىڭ ئۈستىگە تۆت تىزىق ياقۇت مەزەڭگۈ ئېسىلغان، ئاتنىڭ بېشىغا يەنە ھال رەڭ نىقاپ كىيگۈزۈلگەن. سالاھىددىننىڭ تۇغ ـ ئەلەملەر ئاستىدا خەلىپىدىنمۇ ھەيۋەتلىك، روھلۇق تۇرغىنىنى قارا. ئۇنىڭ سالاپىتى كىشىدە

ھۆرمەت قوزغايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىش، ھەممە ھوقۇق ئاشۇ كىشىنىڭ قولىدا. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەچچە يۈز ياساۋۇل ئاشۇ كىشى ئۆزى تاللىۋالغان خىل ئەسكەر ۋە سەركەردىلەر. بۇ ئەسكەرلەر ئۇ كىشى سىرتقا چىققاندا ئالدىدا پوش - پوش دەپ ماڭىدۇ. سەپنىڭ كەينىدە يەنە داقا - دۇمباقچىلار بار. ئۇلار يول بويى داقا - دۇمباق، ناغرا - كاناي چېلىپ ئالەمنى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدۇ. سالاھىددىن سېپىنىڭ كەينىدە سېپىغا مەرۋايىتلار بېكىتىلگەن نەيزە ۋە قالقان كۆتەرگەن بىر ياساۋۇل بار. ئاڭلىشىمچە، بۇ قالقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبتىن قالغان تەۋەررۈك ئىمىش.

ئۆمەر دوستى ھەسەن تاغىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى. بولۇپمۇ پەيغەمبەرنىڭ تاغىسىدىن قالغان تەۋەررۈك قالقاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندا:

— بۇ قالقان راست پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىدىن قالغان تەۋەررۈكمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ھەممە خەق شۇنداق دېيىشىدۇ، — دېدى ھەسەن، — ھاسىل كالام، مەن ساڭا ئېيتسام، سالاھىددىننىڭ سېپى تېخى ئۇزۇن! ئارقىدا يەنە خىل قوراللانغان تۆت مىڭدىن جىق ئەسكەر بار ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىيە، كۈردىستان، ئەزەربەيجانلاردىن كەلگەن، جەڭگە ماھىر چەۋەنداز ئەزىمەتلەر.

ئۆمەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يەنە سورىدى:

— تاغا، توختاپ تۇرۇڭ، مەن يەنە سالاھىددىننىڭ يېنىدا كىمخاپ تونلۇق، سالاپەتلىك بىر يىگىتنى كۆردۈم، ئۇ كىم؟

— ئۇ سالاھىددىننىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك، گېپىدىن چىقمايدىغان يېقىن كىشىسى، ئۇنىڭ ئېتى ئىمادىددىن، — دېدى ھەسەن.

— ئىمىشقا بۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ساپلا «دىن»

كېلىدۇ؟ سىز ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئادەملەردىن ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرى «دىن» ئىكەن، مەسىلەن، نۇرىددىن، سالاھىددىن، نەجمىددىن. ئەمدى يەنە بىرسىنىڭ ئېتى ئىمادىددىن ئىكەن، — دەپ سورىدى پەقەت بىلمەيدىغاندەك قىلىپ.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئات قويۇش ئادىتى، ئۇنىڭغا ئەجەپلەنمىسەڭمۇ بولىدۇ. قارا! سەپ ئاخىر ئۆتۈپ بولدى. بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى ئېيتىپ بەردىم، خەير - خوش! — دېدى ھەسەن كۈلۈپ.

— خوش، ھەسەن تاغا، ئاللا ئامان قىلسۇن! — دېدى ئۆمەر ھاياجانلانغان ھالدا.

ئىككى دوست خوشلاشتى. دەبدەبىلىك ئاتلىقلار سېپى فۇتۇھ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى، ھەممە يەرنى چاڭ - توزاڭ قاپلىدى. ھەممە ئادەم خەلىپىنىڭ سېپىنى قىزىقىپ كۆرۈشتى، لېكىن سالاھىددىنىنىڭ سېپىنىڭ خەلىپىنىڭكىدىن كۆپ سالاپەتلىك، ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

خەلىپىنىڭ ئاتلىق سېپى شەھەردىن چىقىپ، ئۇدۇل مەسچىدى تىبرگە كېلىپ، نەجمىددىنلەر بىلەن ئۇچراشتى. نەجمىددىنگە ھەمرا بولۇپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئىنىسى شەمشىددىنمۇ بار ئىدى. سالاھىددىن دادىسىنى كۆرۈپلا ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى سۆيۈپ قويدى. نەجمىددىن ئوغلىنىڭ ئۇچىسىدىكى شۆھرەتلىك تونىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىدىن تاراملاپ ياش كەتتى، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئارقا - ئارقىدىن شۈكرە ئېيتتى. ئاندىن ناھايىتى ئەيمەنگەن ھالدا خەلىپىنىڭ ئىككى قولىنى سۆيدى ۋە خەلىپىنىڭ ئاتايىتەن ئۆزى ئالدىغا چىققانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. خەلىپە ئىززەت - ئىكرام بىلەن بىرنەچچە ئېغىز ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتتى، لېكىن ئاتتىن چۈشمىدى. ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلىرى بىر بىرىگە سالام - تازىم قىلىشقاندىن كېيىن شەھەرگە قايتىشتى. نەجمىددىن ئىگىز

ئارغىماق ئېتىغا مىندى، بىر تەرەپتە ئوغلى سالاھىددىن، بىر تەرەپتە ياش باتۇر ئىمادىددىن مۇھاپىزەت قىلىپ، يول بويى ئېچىلىپ - يېيىلىپ قىزىق پاراڭ بىلەن مېڭىشتى. ئۇلار خەلىپە بىلمەيدىغان كۇرد تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى شام سۇلتانى نۇرىددىن زەنگى بىلەن مىسىر خەلىپىسى ئازىدلىدىنىللا ئۈستىدە بولدى.

شۇ پەيتتە خەلىپە ئازىد ئالتۇن كۆنلۈك ئاستىدا غەم - ئەندىشىگە پاتقان ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدە ياش ئەگىيتتى، كۆرۈنۈشتە غەزىۋىنى باسقاندەك قىلغان بىلەن، كۆڭلىدىكى دەرت - ئەلەمنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك تەختىدىن ۋە ئىستىقبالىدىن قايغۇراتتى. ئۇنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا نەجمىددىننىڭ ئالدىغا چىققانلىقى ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىگە ۋە خەلىپىلىك ھۆرمىتىگە قاتتىق ئار كەلدى. لېكىن ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى نەجمىددىنلەرگە سەزدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. دەرۋەقە، بۇ ئىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەلەم قىلدىكى، ھەتتا ئاچ - زارلىقتىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ ئالladىن بالا - قازادىن ساقلاشنى تىلەيتتى.

ئاتلىق سەپ كۈن يانغاندا قاھىرەنىڭ شەرقىي چوڭ قەسىرىگە كەلدى. بۇ شەرقىي چوڭ قەسىر ئون نەچچە قەسىردىن تەركىپ تاپقان بىنالار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەسىر زۇمەررەت، قەسىر مۇزەففەر، قەسىر ئىقبال، قەسىر بەھرى، قەسىر ھەرەم، قەسىر شەۋق، دارۇلۋازارەت، دارۇلزىياپەت، تۇغ - ئەلەم غەزنىسى، كىتاب غەزنىسى دىگەندەك ئاساسلىق بىنالار بار ئىدى.

شەرقىي چوڭ قەسىر قاھىرە شەھىرىنىڭ شەرقىي چېتىدە ئىدى. مەشھۇر ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان ئەزھەر دارىلپۈنۇنى ۋە فۇتۇھ دەرۋازىسى ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلەتتى؛ غەربىي قەسىر بۇ شەرقىي چوڭ قەسىرگە يارىشىپ، بىر بىرىنىڭ

كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. بۇ قەسىر شەرقىي چوڭ قەسىردىن كىچىكرەك ئىدى، ئىككى قەسىرنىڭ ئارىلىقىدىكى مەيدان ئىككى قەسىر مەيدانى دەپ ئاتىلاتتى. غەربىي قەسىرنىڭ غەربىي يېنىدا كافۇر نامىلىق چارباغ بولۇپ، بۇ يەردىن قاھىرە قولتۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ باغ فاتىمىيە خەلىپىلىرىنىڭ ھەرەم بېغى ئىدى.

شەرقىي چوڭ قەسىر بىنالىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قەسىر زەھەپ ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى خەلىپىلەر مۇھىم شەخسلەرنى قوبۇل قىلىدىغان جاي ئىدى. مۇشۇنداق چاغلاردا ياساۋۇللار ئىككى تەرەپتە سەپ بولۇپ تۇرۇشۇپ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشاتتى.

خەلىپە ئازىد قەسىر زەھەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىدىن پىيادە كىردى. ئۇ نەچچە مىڭ مىسقال ئېغىرلىقتىكى ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، تەختنىڭ ئۈستىدىكى 30 مىڭ مىسقال ئالتۇن سايىۋەن تەختكە يارىشىپ تۇراتتى. قەسىرنىڭ ھەممە تاملىرىغا دىگۈدەك تاۋار پەردە تارتىلغان ئىدى. قەسىرگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆزى ئۇدۇلدا ئولتۇرغان خەلىپىنىڭ سەللىسىگە چۈشەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سەللىسىدىكى جۇلالىق ياقۇت يالت - يۇلت قىلىپ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.

خەلىپە تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىرى ئەزەم سالاھىددىنمۇ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۈگۈن خەلىپە ئۆزىنىڭ نەجمىددىنگە بولغان ئالاھىدە ئىلتىپاتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ باشقا مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى بىللە ئېلىپ كىرمىدى. ئۇ نەجمىددىننى تەكلىپ قىلىشقا ئەمرى قىلدى. نەجمىددىن ھۆدەيچىلەرنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خوش كەيپىياتتا كىرىپ كەلدى. خەلىپە تەكەللۇپ بىلەن ئۇنى تۆردىكى بىر ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. نەجمىددىن ھەشقاللا ئېيتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خەلىپە باشقا ۋەزىرلەرنىڭ كىرىپ ئولتۇرۇشىغا

ئەمرى قىلدى. ئۇردىنىڭ ئادەتتىكى قائىدىسى بويىچە، ۋەزىرلەر فاتىمىيە خەلىپىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئاۋال خەلىپىنىڭ قولىنى ۋە پۇتىنى سۆيۈش شەرت ئىدى. لېكىن سالاھىددىن ھازىرغىچە ئۇنداق قىلمىدى، دادىسىمۇ ئۇنداق قىلدۇرمىدى، خەلىپىمۇ بۇنى كۆڭلىگە ئالمىدى.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سالاھىددىن خەلىپىنىڭ جەمەتلىرى ئولتۇرغان يەردە ئوتتۇرا ياشلىق قاۋۇل بىر كىشىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنى ئانچە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرمايتتى، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولۇشى كېرەك. سالاھىددىن بۇ كىشىنى ۋەلى ئەھدى① بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى. بىراق ئۇنىسى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئەمدى ئازىد گەپ باشلىدى. بۇ خەلىپە ھازىر 21 ياش بولسىمۇ، 40 ياش ئەتراپىدىكى كىشىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ 11 يېشىدا خەلىپىلىك تەختىگە چىقتى، لېكىن ھازىرغىچە دەككە-دۈككىدە ئۆتتى. ئۇ گەپ قىلغاندا كۆزى سالاھىددىندا بولمىسىمۇ، لېكىن، ئەينى يىللاردا شام سۇلتانى نۇرىددىن زەڭگىدىن ياردەم سوراپ ئۆزىنى مۇشۇنداق ئاھانەت ۋە خورلۇققا قالدۇرغانلىقىغا پۇشايمان يەپ، قوسىقىدا غودۇڭشىيتتى.

— قوماندان، يىراق سەپەردە چارچىغانسىز؟ — دېدى خەلىپە نەجمىددىنگە.

— جاناپ ئالىيلىرى، سەپىرىم ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولدى، — دېدى نەجمىددىن، — چۈنكى ئاللانىڭ بىزنى ئەڭ ياخشى كۈتۈلۈشكە نېسىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق.

خەلىپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ زورغا كۈلۈپ دېدى:

① ۋەلى ئەھدى — پادىشا جەمەتىدىن كەلگۈسى پادىشالىققا تەيىنلەنگەن كىشى، — تەرجىمان.

— سىلەرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلاردىن خوشالمەن. ئۆيدان دەم ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق قەسىر لوئىلۈنى تەييارلاتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ يەردە كۆكلۈلۈك باغۇ ئارام بار، سىلەرگە مەنزۇر كېلىشى مۇمكىن.

نەجمىددىن خەلىپىگە تەۋەزۇ بىلەن ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنى بىرمۇنچە ماختىدى.

ئاندىن، سالاھىددىن گەپ قىستۇردى:

— دادام كېلىپ ھەزرىتى ئالىلىرىنى بىسەرەمجان قىلىپ قويدى، ئاتايىن ئۆزلىرى ئالدىغا چىقتىلا. جاناپلىرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن؛ ئۆمرى باقى جاناپلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئۆتىمىز.

سالاھىددىننىڭ گېپى خەلىپىگە تەسىر قىلدى. ئۇ سەۋلەجانىنى① ئېلىپ ئويناپ ئولتۇردى ۋە گېلىنى بىر ـ ئىككى قىقىپ قويۇپ، نەجمىددىنگە:

— دوستۇم نۇرىددىن ئاتا بەگنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى.

— ئۇ كىشى ھەر جەھەتتىن ياخشى، — دېدى نەجمىددىن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن، — جاناپلىرىغا ئۆزىنىڭ سەممىي سالىمىنى ۋە ئەڭ دوستانە مۇھەببىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى.

— مەن بۇنداق دوستۇمنىڭ بارلىقىدىن خوشالمەن. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن، — دېدى خەلىپە.

نەجمىددىن بۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— سۇلتانىمىزنىڭ بىزدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغانلىقىنى جاناپلىرىغا

① سەۋلەجان — تۈركچە زوكۇن تايىقى دېگەن سۆز. بۇ سۆزنى ئەرەپلەرمۇ قوبۇل قىلغان. — تەرجىمان.

يەتكۈزۈپ قويۇش مەن ئۈچۈن زور شەرەپ، — دېدى.

نەجمىددىننىڭ بۇ گېپى خەلپىنىڭ يېغىرىغا تەگدى. لېكىن ئۇ ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ، نەجمىددىنگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئوغلىڭىز غالىپ قوماندانىنىڭ ياردىمى بىلەن، — دېدى ۋە سالاھىددىننى كۆرسىتىپ، — نۇرغۇن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدۇق. ياردىمىڭلار يەتتى، سىلەرنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاۋارە قىلالمايمەن.

خەلپە ئۆزىنىڭ بويىنىدىكى بىر زۇننارنى ئالدى، بۇ زۇننار سالاھىددىنغا ھەدىيە قىلغان زۇننارغا ئوخشايتتى. بۇنى نەجمىددىنگە ھەدىيە قىلماقچى بولدى.

— بۇ مېنىڭ سىزگە تۇتقان سوغىتىم، ئېلىڭ، بۇ قىممىتى زىيارىتىڭىز ئۈچۈن خاتىرە بولۇپ قالسۇن، چۈنكى سىز ئەڭ ياخشى سۇلتان دەپ ئاتىلىشقا لايىق، — دېدى خەلپە كۈلۈپ.

نەجمىددىن ئورنىدىن قوپۇپ زۇننارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئېلىپ، ئاۋال خەلپىنىڭ قولىنى، ئاندىن زۇننارنى سۆيدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بويىنىغا ئاستى.

— جانابى ئالىيلىرىنىڭ سوغىسىنى ئۆزەم ئۈچۈن شان - شۆھرەت دەپ بىلىمەن. لېكىن جاناپلىرىنىڭ پېقىرنى «ئەڭ ياخشى سۇلتان» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم، چۈنكى مېنى ئارتۇقچە ماختىۋەتتىلە، — دېدى.

— مەن سىزنى «ئەڭ ياخشى سۇلتان» دېگىنىم ئۆزىڭىزگە تولىمۇ لايىق كېلىدۇ، خۇددى سىزنىڭ ئوغلىڭىز «غالىپ قوماندان» دەپ ئاتىلىشقا لايىق كەلگەندەك، — دېدى خەلپە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

نەجمىددىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خەلپىنىڭ ئارتۇقچە ماختىشىغا ئۆزىنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى كەينى - كەينىدىن بىلدۈردى.

سالاھىددىن بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. بۇ كىشىنىڭ خەلىپىنى نىمگىدۇر ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا خەلىپە ئۆزىنىڭ ئىملەرنى قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەندەك قىلدى-دە، ئاشۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىنى سالاھىددىنغا تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ كىشىنى سىز تونۇماسلىقىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ ئېتى ئەبۇ ھەسەن، مىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم بولىدۇ، ساياھەتتىن يىڭىدىلا قايتىپ كەلدى. — دىدى. ئاندىن ئەبۇ ھەسەنگە: — تونۇشتۇرۇپ يۈرمىسەممۇ بولار. بۇ كىشى مىنىڭ ۋەزىرى ئەزەمىم، غالىپ قوماندان، مەشھۇر سالاھىددىن دىگەن كىشى بولىدۇ، — دىدى.

ئەبۇ ھەسەن بۇ تونۇشتۇرۇشقا پىسىنگىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن رەھمەت بىلدۈردى.

شۇ چاغدا سالاھىددىن:

— خەلىپە ئالىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك تۇققىنى بىلەن تونۇشقىنىم مەن ئۈچۈن زور شان-شەرەپتۇر، — دىدى.

نەجمىددىن ئەبۇ ھەسەنگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ ئەبۇ ھەسەننىڭ ئەپتى-سىياقىدىن ۋە ھەييارلىق بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تەپ تارتىپ قالىدى، خەلىپىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ناپىسەنتلىك بىلەن رەھمەت بىلدۈردى.

خەلىپە ئازىد قولىدىكى سەۋلىجاننى دىۋانغا قويۇپ قويدى، ھەممەيلەن قوبۇل قىلىشنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى چۈشەندى. ئاۋال نەجمىددىن خوشلاشتى، سالاھىددىنمۇ خەلىپىنىڭ قولىنى سۆيۈشكە تەمشىلىۋىدى، خەلىپە ئۇنىڭ سۆيۈشى ئۈچۈن سەمىمى ھالدا قولىنى ئۇزاتتى.

نەجمىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خەلىپە بىلەن خوشلىشىپ،

www.uyghurkitap.com

قەسىردىن چىقتى. بۇ ئىككىلەننىڭ تولۇق قۇراللانغان ئىككى نەۋكىرى قەسىر سىرتىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

قەسىرنىڭ سىرتىدا كۈتۈپ تۇرغان نەۋكەرلەر ئىچىدە ياش، كېلىشكەن بىر باتۇر بولۇپ، ئۇ ئىمادىددىن ئىدى. ئۇ سالاھىددىننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، سالاھىددىنغا سەممى - سادىق ئىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى، ئۆزى زىرەك، جەسۇر، سۆزمەن بولۇپ، سالاھىددىننىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. سالاھىددىن قەسىردىن چىقىپ خوشال ھالدا:

— ئىمادىددىن قېنى؟ — دەپ توۋلىدى. ئىمادىددىن شۇئان كەلدى. ئۇنىڭ زىرەك كۆزلىرى ئىغىزدىنمۇ ياخشىراق سۆزلەيتتى. ئۇ ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كەمەر باغلىغان ۋە قىسقا قىلىچ بىلەن خەنجەر ئاسقان ئىدى، ئالتۇن - كۈمۈش يىپلار بىلەن توقۇلغان سەللىسى ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇراتتى. سالاھىددىن ئۇنىڭغا:

— خەلىپە دادامنى قەسىر لوئلۇغا چۈشسۇن دەپ پەرمان بەردى، مەنمۇ دادامغا ھەمرا بولۇپ شۇ يەردە تۇرىمەن، — دېدى.

ئىمادىددىن دەرھال ئېتىغا مىندى - دە، قەسىر لوئلۇغا يول باشلاپ ماڭدى. بۇ بىر توپ كىشىلەر ئىككى قەسىر مەيدانىدىن ۋە غەربىي قەسىردىن ئۆتۈپ، كافۇر باغچىسىغا كەلدى؛ قەسىر لوئلۇ قاھىرە قولتۇغىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئىدى، سول قىرغىقىدا «كالا قېرىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە مەشھۇر «بىستانۇلمە قىسا» دىگەن باغ بار، ئۇنىڭ نېرىسىدا يەنە ئۆزبېكىيە دىگەن بىر كۆل بولۇپ، ئۇ نىل دەرياسىغا تۇتۇشاتتى. قەسىر لوئلۇ قاھىرە بويىچە ئەڭ گۈزەل قەسىرلەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بۈك - باراقسان بوستانلىق ۋە رەڭگا - رەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان چىمەنزارلىق بولۇپ، ھەشەمەتلىك

قەسرىنىڭ زىنىستىگە زىننەت قوشۇپ تۇراتتى. قەسىر بىناسىنىڭ ئىچى قىممەت باھالىق ئېسىل جاھاز - بىساتلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان؛ تارتىلغان پەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن، كۈمۈش يىپلاردىن توقۇلغان؛ ھەرخىل، ھەر قىسما ئۈنچە - مەرۋايىتلار، پىل چىشى بىلەن سەندەل ياغىچىدىن يونۇپ ياسالغان بۇيۇملار تىزىلغان ئىدى. باغنىڭ ئىچكىرىسىدە رەڭگا - رەڭ قۇشلار بېقىلغان بولۇپ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى باغنىڭ پەيزىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى، قىسقىسى، بۇ باغنى ھەقىقەتەن بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى دېيىشكە بولاتتى. قاھىرە قولتۇغىنىڭ قىرغاقلىرىغا نۇرغۇنلىغان يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقلار قويۇلغان ۋە سايىدايدىغان كىچىك شىپاڭلار سېلىنغان ئىدى.

نەجمىددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سالاھىددىن ھەم ھەمرالىرى مۇشۇ يەرگە كېلىشتى. باش مەھرەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى دەم ئېلىش سارىيىغا باشلاپ كىردى؛ ئۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن بىرەر سائەتچە ھاردۇق ئېلىشتى. ئۇلار پاراڭ ئارىسىدا سەپەردە كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئوقۇغان كىتاپلىرى ئۈستىدە توختالدى. بۇ كىتاپلارنىڭ مەزمۇنى ياۋروپالىق ئەھلى سەلىپنىڭ يىراق سەپەرگە ئاتلانغانلىغىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ پارىڭى ياۋروپالىقلارنىڭ سۈرىيە، پەلەستىن ۋە باشقا جايلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ھەربى يۈرۈشى ئۈستىگە بۇرۇلدى.

كۈن ئولتۇردى. مەھرەملەر ئۇلارغا كەچلىك تاماق تەييارلىدى. نەجمىددىن، سالاھىددىن، شەمسىددىن ۋە ئۇلارنىڭ ھەمرالىرى بىللە تاماق يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن باشقىلار نەجمىددىن بىلەن ئوغلىنىڭ مۇھىم ئىش ئۈستىدە قىلىشىدىغان گەپلىرى بارلىغىنى سېزىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە خاس ھوجرىلارغا قايتىشتى. نەجمىددىن بۇ نۆۋەت مىسىرغا ئوغلى بىلەن مۇھىم بىر

ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈنلا كەلگەن ئىدى.

ھەمراھلىرى چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، نەجمىددىن شاملارنىڭ يوروۇغىدا يوپ - يوروۇق بولۇپ كەتكەن بۇ ئالىيىتە قەسىرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سۈرىيىنىڭ مەركىزى دەمەشقتىمۇ بۇنداق چىرايلىق، پوزۇر قەسىر يوق، دەپ ئويلىدى - دە، ئىختىيارسىز ھالدا ھوزۇرلانغاندەك بولدى. سالاھىددىن دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بالام، — دېدى نەجمىددىن ئوغلىغا، — خەلىپە بىلەن دىدار كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خوشالمەن. لېكىن سېنىڭ ئۇنى ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىڭنى سېزىپ قالدىم. ئۇ ھەر ھالدا بىر دۆلەتنىڭ سۇلتانى - دە!

— بۇنىڭدىن غەم يېمەڭ، — دېدى سالاھىددىن كۈلۈپ، — ئۇ خەلىپە بولغىنى بىلەن، ناھايىتى كەلسە مېنىڭ قولۇمدىكى بىر ئەسىر، بىر قورچاق، ماڭا ئىتائەت قىلىشى كېرەك.

— قىلىشىمىزغا تېگىشلىك يەنە بىرمۇنچە مۇھىم ئىش بار، ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغىنىڭ ياخشى، — دېدى نەجمىددىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — تولىمۇ ئېشىپ كەتمەي، بۇ يەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇشۇڭ كېرەك. خۇسۇسەن خەلىپىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن ناھايىتى پەخەس بولۇشۇڭ لازىم. ئۆزەڭنى ئاببासىيە خەلىپىسىنىڭ① ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرىددىن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىشىمەن دەپ قاراپ، ھۇشۇڭنى يوقىتىپ قويما.

— ئابباسىيە خەلىپىسىنىڭ ئەمرى نىمىدى؟ — دەپ سورىدى سالاھىددىن دادىسىدىن.

— ئابباسىيە خەلىپىسى ئۈچۈن مىسىردا جامائەت پىكرى

① ئابباسىيە خەلىپىسى — ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ چاغدا ئابباسىيە خەلىپىسى مۇستەدىل ئىدى، — تەرجىمان.

تەييارلا دەپ، نەۋاق خەت يازمىغانمىدىم؟ بۇ ئىشنى قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ ئوغلىدىن سورىدى نەجمىددىن.

سالاھىددىن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، سىپايە بىر قىياپەت ئېلىپ، دادىسىغا قارىەى ۋە مۇنداق دىدى:

— سىز مېنى ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش قىلغىن دەيسىز، يەنە ئاببابسىيە خەلىپىسىنىڭ پەرمانىنى قانچىلىك ئىجرا قىلدىڭ؟ دەپ سورىدىڭىز. ماڭا پەرمان قىلىنغان ۋەزىپە، ئەمىلىيەتتە، ئاببابسىيە خەلىپىسى مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھەقلىق دەپ تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ، فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسىنى ئاغدۇرۇش كېرەك دىگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق تەشۋىق قىلىش ياش، بىچارە ئازىدقا نەقەدەر قاتتىق زەربە بولىدۇ دەيسىز! مېنىڭ سۆز - ھەركەتلىرىم ۋە ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىززەت - ئىكراملىرىم بەلكى ئۇنىڭغا ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ئىشتۇر. مېنىڭچە، بۇ ياش خەلىپە ئۆزىنىڭ خەلىپە دىگەن نامى بىلەن مەس بولۇپ يۈرۈۋەرسۇن! بۇ چاغلىق ئىش، ئەمىلىيەتتە، ئەگەر مەن خالايدىغانلا بولسام، مىسىرنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدىغانلىقىمنى ئەتىلا جاكالاۋېرىمەن.

— بالام، — دىدى نەجمىددىن، — سۇلتان نۇرىددىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىڭنى تولىمۇ ئۈمىت قىلىۋاتىدۇ. ئاببابسىيە خەلىپىسى سۇلتان نۇرىددىندىن مىسىرنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك قولىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى كېچىكتۈرسەڭ، ئاببابسىيە خەلىپىسى سۇلتان نۇرىددىننى تەلۋىمگە سەل قارىدى دەپ قالىدۇ، شۇڭا سۇلتان نۇرىددىن ساڭا بىر پارچە مەخپى خەت يېزىپ ئاتايىن مەندىن ئەۋەتتى. خەتنى كۆرۈپ باققىن، — دەپ خەتنى سالاھىددىنغا بەردى.

سالاھىددىن خەتنى ئېچىپ تەپسىلى ئوقۇپ چىقتى. بۇ خەتتە نۇرىددىن ئۇنىڭدىن ئۆز ۋەزىپىسىنى جىددى ئىجرا قى-

www.uyghurkitap.com

لىشنى ئۇمىت قىلغان؛ ۋەزىپىنى ئورۇنلىسىلا، ئالى شان ـ شە-
رەپكە، يۇقۇرى مەرتىۋىگە ۋە ئىنئامغا ئېرىشىدىغانلىغىنى ۋەدە
قىلغان ھەمدە بۇ ئىش ئۈنىڭ ھازىر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور
ئىشى ئىكەنلىگىنى ئىزھار قىلغان.

سالاھىددىن خەتكە قارىغىنىچە تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ
مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلدى. دادىسى ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگە-
رىشكە سەپسېلىپ تۇردى، ئوغلىنىڭ ھازىر نىمىلەرنى ئويلا-
ۋاتقانلىغىنى تېزلا سېزىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قەستەن:

— نىمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن، خەتتە نىمىلەرنى دەپتۇ؟ —
دەپ سورىدى.

— بابا سىز ئېيتقانلارنى دەپتۇ. ھەممىسى سىزگە
مەلۇملۇق، — دىدى.

— ئاتابىسىيە خەلىپىسىنىڭ ئەمىرىنى ئىجرا قىلىشتا قىيىن-
چىلىغىڭ بارمۇ؟

— ياق، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق، لېكىن
سىز باشقا بىر مۇھىم مەسىلىگە سەل قاراۋاتىسىز.

— ھە، چۈشەندىم. سۇلتان نۇرىددىنغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنى
نەزەردە تۇتىۋاتامسەن؟ ئاۋادا ۋەزىپە ئورۇنلانسا، مىسىر سۇرىيىگە
قارايدۇ، ئۇ چاغدا مىسىرغا كىم ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك،
نۇرىددىنمۇ ياكى ...!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سالاھىددىننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا دادىسىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— ياكى سالاھىددىننىڭ ئۆزىمۇ!؟ — دىدى.

نەجمىددىن كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئۇنچە ئالدىراپ كەتمە. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھازىر-
قى مۇھىم ئىش ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلاش، — دىدى.

— ئاتابىسىيە خەلىپىسىنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى قانداق

ئورۇنلاش جەھەتتە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىمەن. لېكىن، دادا، مەن سىزنىڭ مۇشۇ ئىش ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى بىلگىم كېلىدۇ.

— قانداق قارىشىمنى دېمەكچى بولىسەن؟

— دادا، مېنىڭ مەقسىتىم سىزگە ناھايىتى ئېنىق، لېكىن سىز ئۆز ئاغزىڭىزدىن گەپ ئالماقچى. ماقۇل، مەن دەي. مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ھوقۇقنى قولغا ئېلىشىمغا تاغام ئەسەدۇددىن يول ئېچىپ بەردى. پۈتكۈل مىسىرنى قىلىچىم بىلەن تىزگىنلىدىم. سۇلتان نۇرىددىن دەمەشقتە تۇرۇپ، كەڭ كەتكەن ئەل - زېمىنغا، پۇقرا - رەئىيەلەرگە ئىگە بولدى، ئەمدى يەنە مىسىرنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولسا، بىز ئۇنىڭغا پەرمان بەردار بولۇۋەرسەك ئادىللىق بولمايدۇ - دە! نۇرىددىن بىزدىن ئۈنچە دانىشمەنمۇ ئەمەس، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان يېرىمىز يوق. لەشكەر قوماندانى مەن، مەن سالاھىددىن بولمىغان بولسام، مىسىر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغان بولاتتى. مەنمۇ ئۆزەمنى ئاپباسىيە سۇلالىسىگە سېتىشنى خالىمايمەن.

مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانى نۇرىددىن ئەمەس، مەن سالاھىددىن بولۇشۇم كېرەك.

سالاھىددىن بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. ئۇ دادىسىدىن نېمە سادا چىقىدىكىن دەپ قاراپ تۇراتتى.

— ھازىرچە ئالدىرىماي تۇر، — دېدى نەجمىددىن كۈلۈپ، — ئۆز ئالدىڭغا شاھلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەكچى بولۇۋېتىپسەن، لېكىن ئۆزەڭنىڭ نۇرىددىن ئەۋەتكەن كىشى ئىكەنلىكىڭنى. ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشۇڭنى ئۇنتۇما.

— دادا، مەن سىزنىڭ رايىڭىزنى بىلمەكچى، ھازىرچە باشقا گەپنى قويۇڭ!

نەجمىددىن ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا تاپمىغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

www.uyghurkitap.com

— كۈچ ھەقىقەت، ھەممە شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئەقىدىسى ئەنە شۇ. لېكىن «ئالدىرىغان قالار» دېگەن گەپ بار. سەن بىلەن تاغاڭ ئەسەدۇددىننى باشتا نۇرىددىن ئەۋەتكەن، ئاۋال بارلىق كۈچۈڭ بىلەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىپ، جامائەت كەيپىياتىنى ھازىرلاپ، فاتىمىيە سۇلالىسىنى ئاببىاسىيە سۇلالىسىگە ئايلاندۇرغىنىڭدىن كېيىنلا، قالغان ئىش ئۈستىدە ئاندىن بىر نېمە دېگىلى بولىدۇ، ھازىر نۇرىددىن بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس.

نەجمىددىنىنىڭ گېپى ئوغلىنى خېلىلا قايىل قىلدى. شۇڭا سالاھىددىن يىراقنى كۆزلەپ، كېيىنچە بىر نېمە دېيىش قارارىغا كەلدى ـ دە، دادىسىغا:

— قاتتىق چارچىغانسىز، بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ! — دېدى، ئاندىن مۇلازىملارنى دادىسىنى كۈتۈشكە ۋە ئورۇن ـ كۆرپىسىنى سېلىپ بېرىپ، چىقىپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى.

# ئەبۇ ھەسەن ۋە ھەششىنلار①

نەجمىددىن ئاتا-بالا ئىككىسى خەلپە بىلەن خوشلىشىپ، قەسىر زەھەپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەن خەلپىگە ھەمرا بولۇپ قالدى. خەلپە ئازىز قەسىردىكى مۇلازىملىرىنى ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. مۇلازىملار ئۇنىڭ گۆھەر قويۇلغان سەللىسى ۋە ئۈنچە-مارجانلار تاقالغان كىمخاپ تونىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىسىنى يېنىكلىتىپ قويدى، ئۇ ناھايىتى چارچىغان، دەم ئېلىشى كېرەك ئىدى. ھەرەم قىزلىرى ئۇنىڭغا باشقا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئۆزى بوشىشىپ كەتتى، كۆزلىرىنىڭ قان تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى-دە، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى، ئىككى پۇتى دىر-دىر تىترەيتتى، گويا ئورنىدىن قوپالمىغۇدەك قىلاتتى. ئەبۇ ھەسەن دەرھال بېرىپ خەلپىنى يۆلىدى. ئۇ خەلپىنىڭ قولىنىڭ ناھايىتى قىزىقلىقىنى سەزدى-دە، خەلپىگە ئاپتاپ (ئىسسىق) ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى پەملىدى.

خەلپە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىگەندىن كېيىن، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھالدا كارۋاتتا ئوڭدا ياتتى، ئۇنىڭ چىرايىنى غەم باسقان ئىدى.

① ھەششىنلار — شىئە مەزھىبى ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ ئىمامى ھەسەن ئىبنى سەبباھنىڭ بەڭگە مۇرىتلىرى. — تەرجىمان.

— بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىلا؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ ھەسەن.

— ئۆگىلىرىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، گەجگەم مۇزلاپ كەتتى، ئۇشۇقچە قايغۇرۇپ، يۈرىكىمنى ئەلەم مۇجۇغانلىقتىن بولۇۋاتقان بولسا كېرەك! — دېدى خەلىپە ئازىد كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— جانابى ئالىلىرى، ھەرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ، سالامەتلىكلىرىنى ئاسراشلىرى تولىمۇ زۆرۈر، — دېدى ئەبۇ ھەسەن شۇ ئان مۇلايىم ئاھاڭدا.

خەلىپە قاتتىق ھاسىراپ تۇرغاچقا، تەسلىكتە سۆزلىدى:

— مەن ئاشۇ كۇردنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئېتىمغا مىنىپ شەھەردىن چىققاندىن باشلاپ مىجەزىم يوقتەك بولۇپ قالدىم، بەدىنىم جۇغۇلداپ تىترەك بېسىپلا تۇردى. ھەيىي، بۇ ئادەملەر مېنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، ئۇلار مەندىكى پۈتكۈل ھوقۇقنى، مال - مۈلۈكنى تارتىۋالماقچى، شۇنداق بولسىمۇ، ماڭا يەنىلا زورىغا كۈلۈپ، ئۇلارنى ئۇچۇق چىراي قارشى ئېلىشقا توغرا كەلدى.......

ئەبۇ ھەسەن ئۆزىدە ناھايىتى ئىشەنچ ۋە سەۋرى - تاقەت بارلىقىنى كۆرسەتكەندەك، ساقلىنى سىلاپ قويۇپ دېدى:

— جانابى ئالىلىرى، سىر ساقلىساق، سەۋرى قىلساق، ئالla بىزگە مەدەت بېرىدۇ. جاناپلىرىنىڭ بۇ ھىلىگەرلەرنىڭ ئازاۋىدىن بالدۇرراق خالاس بولۇشلىرى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلىمەن.

— قاچانغىچە سەۋرى قىلىمەن، ئى ئەبۇ ھەسەن؟ ئۇلارنىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن، ئۇلار تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق مۇناپىقلار. بولۇپمۇ ھىلىقى سالاھىددىن قاراپ تۇرۇپ بىزنىڭ مەزۇنىمىزنىڭ ئەزان ئېيتىشىنى چەكلىدى، بۇنى ئاز دەپ، مىسىر قازىسىنى قازىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى، چۈنكى

ئۇ بىزنىڭ مەزھىپىمىزدىكى قازى ئىدى؛ ئاندىن ئۆزىنىڭ
شافىئى مەزھىپىدىكى بىر كىشىنى قازىلىققا قويدى. سەن سەۋرى
قىلىش كېرەك دەيسەن، بۇنىڭغا قانداق سەۋر قىلغىلى بولسۇن؟!

ئەبۇ ھەسەن مىجەزى چۇس ئادەم ئىدى، لېكىن خەلىپى-
نىڭ زارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ناھايىتى بىپەرۋا تۇتتى؛
يۈرىكى ئۆرتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ناھايىتى
ئەستايىدىل قىياپەتكە كىرىپ مۇنداق دېدى:

— شۇنداق بولسىمۇ، جاناپلىرىنى يەنىلا سەۋرى قىلىشقا تەۋ-
سىيە قىلىمەن. بۇ ئىشقا مەنمۇ ئۆزلىرىدەك كۆڭۈل بۆلىمەن؛
بۇ ئىش بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھايات-ماماتى-
غا مۇناسىۋەتلىك. ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئۈمىتلىرى بولسا، ئۇنى
بىجا كەلتۈرۈشۈمگە ئىشەنسىلە، مەن ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى-
دىن ئەنسىرەۋاتىمەن. سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، ئوبدان ئارام
ئالسىلا. بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ
مەلۇم قىلىمەن.

— شۇنداق بولسۇن، مەن قەسرىنىساغا بارىمەن، — دېدى
خەلىپە جۇغ-جۇغ تىترەپ تۇرۇپ، ئاندىن ئورنىدىن قوپتى.
ئەبۇ ھەسەن دەرھال بېرىپ يۆلىدى. بىرنەچچە خاس مەھرەم
ئۇنى يۆلەپ چىقىپ مەپىگە چىقاردى، مەپە قەسرىنىساغا
يۈرۈپ كەتتى. ئەبۇ ھەسەن خەلىپە بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا،
ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم:

— بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ
خەۋەر قىلىمەن، — دېدى.

قەسرىنىسا ئايرىم قەسىر بولسىمۇ، لېكىن خەلىپىنىڭ خا-
لىغان چاغدا ئۇ يەرگە بېرىشى ئۈچۈن، قەسىر زەھەپتىن قەسرى-
نىساغا ئۆتىدىغان يول بار ئىدى. قەسرىنىسانىڭ دەرۋازى-
سىنى خەلىپە بەلگىلىگەن خاس مەھرەم ساقلايتتى. خاس مەھ-

رەملەرنىڭ ئىلگىرىكى بېگى خەلپىنىڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. لېكىن ئۇ پەرمانىنى ئورۇنلاشتا سالاھىددىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، سالاھىددىن ئۇنى چېپىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى باھائىددىن قارا قۇشنى قويغان ئىدى.

خەلپە ئازىد ئادەتتە مەپە بىلەن قەسىرنىساغا كەلسە، خاس مەھرەملەر ئۇنى يۆلەپ چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆزى ئىختىيار قىلغان ھوجرىغا ئەكىرىپ قوياتتى. بۈگۈن ئۇ خاس مەھرەمگە مەلىكە سەيىيدەنىڭ ھوجرىسىنى ئىشارەت قىلدى. مەلىكە سەيىيدە ئەقىللىق، زېرەك، مۇستەقىل پىكىرلىك قىز بولۇپ، ئىنىسى خەلپە ئازىدنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. خەلپە بۈگۈن ئاچىسى مەلىكە سەيىيدە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

خاس مەھرەملەر خەلپە ئازىدنى مەلىكىنىڭ ھوجرىسى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. خەلپە ئىشىكنى قاقتى، مەلىكە چىقىپ ئۇنى يۆلەپ ھوجرىغا ئېلىپ كىردى. خەلپە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەلىكە ئۇنىڭغا:

— ئەمىرۇلمۆئمىنىن، يېقىندىن بېرى قانداقراق تۇرىسەن، سالامەتلىكىڭ قانداق؟ — دېدى.

— پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ تۇرىدۇ، ھالىم ياخشى ئەمەس، كۆڭلۈم جىمجىتلىقنى خالايدۇ. ئۆيدە سەندىن باشقا كىشى بولمىسۇن، مۇلازىم قىزلارنى چىقىرىۋەتكىن!

مەلىكە خەلپىنىڭ تەلىۋى بويىچە مۇلازىم قىزلارنى چىقىرىۋەتتى. مەلىكە سەيىيدە ئۆزىنىڭ بۇ خەلپە ئىنىسىدىن تۆت ياش چوڭ بولۇپ، زىلۋا بويلۇق، سېرىق چاچلىق، ساھىپجامال قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغان كىشىدە ئۇنىڭغا تەبىئىي ھالدا ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىلاتتى.

مەلىكە سەيىيدە خەلىپىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ بويىنىنى سىلاپ:

— ئۇكام، روھى - رەڭگىڭ سۇنۇق تۇرىدۇ. نىمە كېسەل بولۇپ قالدىڭ؟ ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالساڭ، ھەممىمىز ئەنسىرەيمىز، — دېدى.

خەلىپە بېشىنى مەلىكىنىڭ مۈرىسىگە قويدى ۋە بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايمەن، لېكىن ئىللەت يۈرەكتە، — دەپ يۈرىكىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

خەلىپىنىڭ تولىمۇ ئازاپلىنىۋاتقان ۋە بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىسسىتمىسىنىڭ ئۆرلەپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە:

— تىۋىپ چاقىرتايمۇ؟ — دېدى.

— ياق. ئاخشاملىققىچە ئىسسىتمام يېنىپ قالار، ناۋادا كۈردىلارنى تىزگىنلىيەلەيدىغان تىۋىپ تاپالىساڭ، كېسىلىمنى ساقايتىشى مۇمكىن.

— كېسىلىڭنى ساقايتىدىغان ئاشۇنداق تىۋىپ ھەتتاكى ھىندىستاندا بولسىمۇ مەن ئۇنى جەزمەن ئەكەلدۈرىمەن، بىراق... — دېدى مەلىكە چاخچاق تەرىزدە.

خەلىپە مەلىكىنىڭ مۈرىسىدىن بېشىنى كۆتىرىپ، مەلىكىگە قارىدى. بۇ چاغدا خەلىپىنىڭ سەللىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى، مەلىكە ئۇنى ئېلىپ خەلىپىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى.

— سەيىيدە، — دېدى خەلىپە، — سەن مەندىكى كېسەلنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن.

مەلىكە كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، لېكىن كۈن بويى غەم - غۇسسىگە

پېتىپ يۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ - دە! سەۋرى قىلساڭ ھەممە ئىش ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.

خەلىپە بېشىنى يەنە مەلىكىنىڭ مۈرىسىگە يۆلەپ، مەلىكىنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكىلىپ دېدى:

— مېنىڭ دەردىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، پەقەت بىر نەۋرە ئاكام ئەبۇ ھەسەن بىلىدۇ. ئۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ ھەم دەردىمگە سەۋەپ بولۇۋاتقان ئاپەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئايىمايدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

مەلىكە سەيىدە ئەبۇ ھەسەن دىگەن ئىسىمنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ كەتتى - دە، چىرايىدا بىردىنلا ئەنسىزلىك ئەكس ئەتتى. خەلىپە ئازىد قۇلىغىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە يېقىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاۋاتاتتى، ئەگەر مەلىكە ئۆز ھىسسىياتىنى دەرھال بېسىۋالمىغان بولسا، خەلىپە ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالغان بولاتتى.

مەلىكە ئۆزىنى قەستەن بىپەرۋا تۇتۇپ:

— ئۇ نىمىلەرنى دىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، دەرھال شەرىپ جەلىلىنى ئەۋەتىپ ماڭا خەۋەر قىلىدىغانلىغىغا ۋەدە بەردى.

— بۇ كىشىگە ئىشىنەمسەن؟ — دەپ سورىدى مەلىكە ئەندىشە بىلەن.

— ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە نىمە ئاساسىم بار؟ ئۇ سەمىمى، ئىشەنچىلىك ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تۇققىنىمىز، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ.

مەلىكە بۇ گەپكە قوشۇلمىغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، لام-جىم دىمىدى. لېكىن ئىچىدە: «ئۇ بىر مۇناپىق» دىدى.

خەلىپە ئازىد ئۆز ئورۇندۇغىدا ئولتۇردى، ئۆزىگە قىزىتمىسى بىر ئاز يانغاندەك بىلىنىپ، كەيپىياتى بايىقىدىن سەل ياخشىلاندى.

— بىرئاز ئوڭلانغاندەك بولدۇم، سىڭىلچە قانداق؟ —
دىدى ئاچىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ئەبۇ ھەسەندىن گۇمانلا-
غاندەك تۇرىسەن، لېكىن كىشىلەردىن ئاساسسىز گۇمانلانماسلىق-
مىز لازىم. ئۇ بىزنىڭ بىر نەۋرە ئاكىمىز، بوۋىمىزنىڭ ئۆز پۇش-
تىدىن بولغان بوغۇنلاردىن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا شاھ نەسلى-دە.
— دىگىنىڭدەك بولغاي! — مەلىكە چىرايى تۇتۇلغان
ھالدا ئالتۇندەك ساغۇچ چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇردى.
— ئاچا، نىمىگە خاپا بولدىڭىز؟ ئۇ سىزنى رەنجىتىپ
قويغانمىدى؟ مېنىڭچە، ئۇ كىشى بىزگە سەممى-سادىق. بىر كى-
شىدىن سەۋەپسىز گۇمانلانماسلىق كېرەك-تە!
مەلىكە خەلىپىگە پىسەنتسىزلىك بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا
قاراپ قويدى ۋە:
— خوداغا شۈكرى، ئۇنىڭغا ھىچقانداق ھاجىتىم چۈشمەي-
دۇ، ھەم قىزىقمايمەن، — دىدى.
— ئۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ئۇنىڭ ھىممىتىنى رەت قىل-
ماسلىغىمىز لازىم.
— ئۇ بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ئىكەنلىگىنى، شاھ نەسلى
ئىكەنلىگىنى كىم ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە
قىزىققانلىق بىلەن، — مېنىڭچە، ئۇ ئۆزىنى-ئۆزى ئىسپاتلاۋا-
تىدۇ. بىرەر ئادەمگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەسلىگىمىز لازىم.
— سەن بۇ ئىشنى بەكمۇ مۇرەككەپ ئويلاپ كېتىپسەن،—
دىدى خەلىپە بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى ئاياقلاشتۇرماقچى بولۇپ.
دەل شۇ چاغدا بىر مەھرەم كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئۇنى بىر
ئىشنى خەۋەر قىلغىلى كىردى دەپ پەملەپ:
— نىمە گېپىڭ بار؟ — دىدى.
— شەرىپ جەلىس كەلگەن ئىكەن، باھائىددىن مەھرەم بې-
گى ئۇنى توساپ قويدى، — دىدى مەھرەم.

مەلىكە دەرھال خەلىپىگە قاراپ، ئۇنىڭدىن چارچىغان - چارچىمىغانلىقىنى، كەلگەن كىشىنى قوبۇل قىلىش - قىلالماسلىقىنى سورىدى.

— چارچىمىدىم، كىرسۇن، — دېدى خەلىپە.

مەلىكە مەھرەمگە:

— چىقىپ مەھرەم بېگىگە ئېيت، خەلىپە قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنى كىرگۈزسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

مەلىكە ئىنىسىنىڭ شەرىپ جەلىسنى قوبۇل قىلماقچى بولغانلىقىدىن تولىمۇ نارازى بولدى، لېكىن ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى توسىمىدى. ئانچە ئۆتمەي، شەرىپ جەلىس كىردى ۋە خەلىپىگە سالام قىلدى، خەلىپە ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. مەلىكە كىچىكىدىن تارتىپ شەرىپ جەلىس بىلەن تونۇش بولغاچقا، سورۇندىن چىقىپ كەتمەي، ئىنىسىنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

خەلىپە شەرىپ جەلىسكە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق ئۆتۈپ، بىرئاز بىتاپ بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ئەبۇ ھەسەندىن ئاڭلاپ، ئاتايىن شۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى شەرىپ جەلىس.

خەلىپە ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— سېنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭ بىلەنلا خېلى ساقىيىپ قالدىم، ئىسسىتمام يېنىپ كەتتى، ئىشەنمىسەڭ قولۇمنى تۇتۇپ باق. راستىنى ئېيت، زادى نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى.

شەرىپ جەلىس خەلىپىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، دېگەندەك ئىسسىتمىسىنىڭ يانغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، مەلىكىنىڭ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش بېكىتى

ئالدىدا ئېيتىشقا بىئەپ بولىدىغان بىر ئىش باردەك، سىرئاز ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ قالدى.

مەلىكە دەرھال سېزىپ، ئورنىدىن قوپتى - دە:

— ئەگەر ئىككىڭلارنىڭ سۆزلىشىشىگە بىئەپ بولسا، مەن چىقىپ كېتەي، — دىدى.

مەلىكىنىڭ ئىنىسى ئۇنىڭ يېنىدىن تارتىپ:

— ئولتۇر، چىقىپ كەتمە! سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق ئىشىمىز يوق، — دىدى، ئاندىن شەرىپ جەلىلنى سۆزلە دىدى.

— مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىم. دەۋرىسەم بولادىكىن؟

— دەۋەر، ئەندىشە قىلما. ئەبۇ ھەسەن توغرىسىدىكى ئىشمۇ؟ ئۇ بىرەر تەدبىر تېپىپتىمۇ؟

— جانابى ئالىيلىرى، تاپتىلا. ئەبۇ ھەسەن ئېيتتىدۇ، ئۇ، دۆلىتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ھوقۇق تاماسىدا يۈرگەن ھېلىقى كىشىنى.......

— ئۇ نېمە دىدى؟ — دەپ سورىدى خەلىپە بىتاقەت بولۇپ.

— ئېيتسام، چۆچۈپ كېتىشلىرى مۇمكىن.

خەلىپە شەرىپ جەلىلكە يېقىن كېلىپ:

— ئۇ نېمىلەرنى دىدى؟ — دەپ سورىدى.

* * *

— ئەبۇ ھەسەننىڭ ئېيتىشىچە، قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلىمىز دىسەك، گەپ سالاھىددىندا ئىكەن، — دىدى شەرىپ جەلىل گويا باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك شىۋىرلاپ.

— ئۇنداق بولسا، ئەبۇ ھەسەن قانداق قىلماقچى ئىكەن؟

شەرىپ جەلىس قولىنى بوغۇزىغا ئەكىلىپ:

— ئەبۇ ھەسەن ئۇنى جايلىۋەتمەكچى، — دەپ بوغۇزلاشنى ئىشارەت قىلدى.

خەلىپىنىڭ چۆچۈگەنلىكى بىردىنلا چىرايىغا چىقتى، ئۇ:

— ئۇنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ پۈتكۈل مىسىردا ئۇنىڭ بىر تال مويىغا تېگەلەيدىغان كىم بار دەيسەن؟ — دىدى.

— سالاھىددىننى ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ غايىۋانە ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مەخسۇس مەخپى ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باتىنىيە دىگەن گۇرۇھنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىلا؟ بۇ گۇرۇھ ئىسمائىلىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خەلىپە بۇ قاتىللىق گۇرۇھنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— بۇ گۇرۇھنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان. ئۇقۇشۇمچە، بۇ گۇرۇھ ئەسلىدە بىزگە ئىتائەت قىلىدىكەن، — دىدى.

— شۇنداق، ئەسلىدە بىز تەرەپتە ئىدى، ھازىر ئەبۇ ھەسەن بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىكەن.

— ئۇلار قاتىللىق قىلىشنى يېقىندىلا ئەمەس، خېلى بۇرۇنلا باشلىغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇلارنىڭ قاتىللىقلىرىنى سەن ماڭا بىرنەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدىڭ. ھۆرمەتلىك سۇلتان ئەمىر جىيۇش، تۈركمەن - ئوغۇزلاردىن بولغان مەشھۇر ۋەزىر نىزامۇلمۇلۈككە ئوخشاش كىشىلەر ئاشۇ گۇرۇھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سەندىن ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ گۇرۇھنىڭ ئىلگىرىكى پاشلىغى بەھرام ئىكەنمىش.

— ھەق راست، جانابى ئالىلىرى، بۇ گۇرۇھ نۇرغۇن كىشىلەر-

نى ئۆلتۈرگەن، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇلارنىڭ كەسپى.

— ھازىرقى باشلىقى كىم؟

— بۇنىڭدىن 150 يىل ئىلگىرى، يەنى جاناپلىرىنىڭ بوۋىسى تەختتىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ باشلىقى ھەسەن ئىبنى سەبباھ دىگەن كىشى بولغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئالاموت قەلئەسىدە بىر تۈركۈم پىدائىلارنى توپلاپ مۇشۇ ۋەھىملىك تەشكىلاتنى قۇرغان ئىكەن، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئۇچىغا چىققان بەڭگىلەر ئىكەن. كېيىن مىسىرغا پارسلار، ئىراقلىقلار، سۈرىيەلىكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرنەچچە باشلىق يەڭگۈشلەنگەن ئىكەن. ھازىرقى باشلىقى راشىددىن سىنان دىگەن كىشى. ئۇ ھەلەب شەھىرى يېنىدىكى ساماق دىگەن مۇستەھكەم تاقتا بېكىنىۋېلىپ ئۆزى خان - ئۆزى بەگ بولماقتا. قول ئاستىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدىغان تەجرىبىلىك چوماقچىلار بار. ئۇ پالانى پادىشانى ياكى پالانى سۇلتاننى ئۆلتۈرۈڭلار دەپ ئەمرى قىلسىلا، بۇ چوماقچىلار دەرھال بىجا كەلتۈرىدۇ. راشىددىن سىنان بىلەن ئەبۇ ھەسەننىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق، بىر بىرىنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسلىرىنى يەردە قويمايدۇ.

خەلىپە ئازىدىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە يەنە مۇنداق دىدى:

— سالاھىددىن ئادەتتىمۇ ناھايىتى ھۇشيار يۈرىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش تەس، قاتىل ئۇنىڭغا قانداقمۇ قول سالالىسۇن! قول سالغان تەقدىردىمۇ، قۇتۇلۇپ كېتىشى تەس.

— ئۇلار دائىم چاكار، مۇلازىملارچە ياسىنىپ، قۇل، چاكارلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالىدۇ - دە، پەيتكە قاراپ ئىش قىلىدۇ. مەقسەتكە يېتىدىغانلا بولسا، ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ، ئۇلار ئۆلۈشتىن قورقمايدۇ، قاتىللىقنى شەرەپ ھىساپلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

خەلىپە ئاچچىسىدىن گەپ كۆتۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. مەلىكىمۇ خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. خەلىپە ئۇنىڭغا:

— بۇ ھەقتە سىنىڭ قارىشىڭ قانداق؟ — دېدى.

مەلىكە جاۋاپ بەرمىدى.

خەلىپە يەنە شەرىپ جەلىسكە قاراپ:

— ئۇلار قاچان ھەركەت قىلماقچىكەن؟ — دېدى.

شەرىپ جەلىس ساقىلىنى سىلاپ بىرنەچچىنى يۆتىلىپ قويدى. ئۇ خەلىپىنىڭ سوئالىغا دىققەت قىلمىدى، لېكىن ئېيتقۇسى بولسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايۋاتقان باشقا بىر گېپى باردەك قىلاتتى. مەلىكە ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلدى. شەرىپ جەلىس بىر دەم دىلىغۇل بولۇپ، ئاخىر مۇنداق دېدى:

— جانابى ئالىيلىرى، ئەبۇ ھەسەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن بىر شەرتى بار ئىكەن. ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق، ئۇمۇ ئېسىلزادە، خان جەمەتى، شۇڭا ئۇ...

ئۇنىڭ مەقسىدىنى دەرھال چۈشەنگەن مەلىكە شۇ ئاندىلا:

— ئۇنىڭ شەرتى خەلىپىدىن كېيىن... ئۇنى ۋەلىئەھدى دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىكەن؟ — دېدى.

شەرىپ جەلىس قوپاللىق قىلىپ ئەبۇ ھەسەننىڭ شەرتىنى ئېيتىپ تاشلىغانلىقىغا پۇشايمان قىلغاندەك بولۇپ، مۇنداق دېدى:

— راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ شەرتىنى قويۇشى ئەخمەقلىق ھەم قىلچە ئەھمىيەتسىز. چۈنكى، خۇداغا شۈكرى، خەلىپەمىز تېخى ناھايىتى ياش، خۇدا دۆلىتىنى زىيادە، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، بىزدىنمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى نېسىپ قىلغاي. ئەبۇ ھەسەن بولسا ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان كىشى. ئۇنىڭ بۇ شەرتنى قويۇشى پەقەت ئۆز كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرماقتىن

باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى بۇ ۋەزىيە ناھايىتى خەتەرلىك، ئۇنى ئورۇنلاپ بولغۇچە ئۆزى تىرىك قالامدۇ - يوق، بۇنىڭغا بىر نىمە دىيىش تەس.

— ئۇ مەندىن كېيىن خەلىپە بولماقچىمىكەن؟ — دېدى خەلىپە.

— خۇدا ئۆمرىلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي. مېنىڭچە، يەزىلەرنىڭ راستىن خەلىپە بولۇشنى خىيال چاغلىشى ناتايىن، لېكىن ئۇنداق كىشىلەر ۋەلى ئەھدىلىك نامغا ئېرىشسە رازى بولىدۇ.

خەلىپىنىڭ بۇ گەپلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئارىسالدى بولۇپ قالغانلىغى كۆزلىرىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ قالدى. ئۇ يەنە شەرىپ جەلىسكە قاراپ:

— سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ — دېدى.

— گەپنى ئوچۇق ئېيتقانلىغىم ئۈچۈن جانابى ئالىيلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن، — دېدى شەرىپ جەلىسى، — مېنىڭچە، ئەگەر ئۇ سالاھىددىننى كۆزىمىزدىن يوقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىسىلا، ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىش ئورۇنسىز بولماس. دەرۋەقە، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئوغلى ئەمىر داۋۇتنى ۋەلى ئەھدى قىلىشقا ماقۇل بولۇش شەرتىنى قويساقمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوغلى داۋۇت ھەقىقىي ۋەلى ئەھدى بولىدۇ، ئەبۇ ھەسەن بولسا قۇرۇق ئاتاقتىلا ۋەلى ئەھدى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

بۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە سەييىدە خەلىپىنىڭ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ئەبۇ ھەسەننىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىغىنى سەزدى - دە، بىئارام بولدى ۋە يىرگەندى. بۇ شەرتتىن نىمە ئۈچۈن يىرگىنىدىغانلىغىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، لېكىن بۇ شەرتتە قانداقتۇ بىر ھىيلە - مىكىر ۋە ئاسىيلىق بارلىغىنى ھىس قىلاتتى. يۈرىگىدە بولسا سالاھىددىننى

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق دەپ قا-
رايتتى. ئۇ ئىنىسىغا:

— سەن سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ ھەسەننى قويماقچىمۇ؟ — دېدى.

— ياق. ئەگەر ئەبۇ ھەسەن سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈۋېتەلىسە، ئۇنىڭغا ۋەلى ئەھدىلىك مەرتىۋە بېرىمەن، لېكىن ئۇ سالاھىددى-
نىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدۇ.

— ئوغلۇڭ داۋۇتنى نەگە قويىسەن؟

— ئەبۇ ھەسەن ئۇنى ۋەلى ئەھدىلىككە تەيىنلەيدۇ.

— ئۇنداق قىلىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ نېمىشقا سالاھىددىننى ئۆلتۈرىدىغان گويا ئىشنى قىلىسەن؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ چۈشەنمىدىڭمۇ؟

— چۈشەنگەن بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن جانابىي ئالىينىڭ ئويىنى بىلىپ باقماقچىمەن.

— سالاھىددىن مېنىڭ ھەممە ھوقۇقۇمنى تارتىۋالدى، مەندە خەلىپىلىك ھوقۇق ئەمەس، پەقەت خەلىپە دېگەن قۇرۇق ئاتاقلا قالدى.

— سالاھىددىندىن بۇرۇن سەندە ھوقۇق بولغانمىدى؟ بۇرۇن ھوقۇقنىڭ ھەممىسى ۋەزىر ئەزەمنىڭ قولىدا بولغانغۇ! ئۇ چاغلاردىكى ۋەزىر ئەزەم يا ئەرمەن، ياكى تۈرك ئىدى، كۇردلاردىن بولغان بۇ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئۇلاردىن نېمە پەرقى بار!؟

— ئۇ ئۆكتەم، ئۆز بېشىمچى، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ...

مەلىكە ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۈنلۈك سۆزلىدى:

— ئۇ ئۆكتەملىك، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان بولسا، پۇقرا-
لارنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم - سىتەمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن جاھا-

لەتكە ئۆكتەملىك، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان. دەرۋەقە، ئۇ چارە-
تەدبىر قوللانماقتا، ئۇ بۇنى سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرگە ۋە قارا نىيەت ئەبلەخلەرگە تاقابىل
تۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا ھەسەت قىلى-
دۇ، شۇڭا سەلدە ئۇنىڭغا نارازىلىق تۇغدۇرماقچى بولىدۇ. سالاھىد-
دىنىنىڭ ئادىمەتچىلىكىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. ئەينى
ۋاقىتتا سالاھىددىن، ئۇنىڭ تاغىسى ئەسەدىددىن بىزنى خەۋپ-
خەتەر ئىچىدىن قانداق قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ باقساڭ
بولىدۇ. سەن نۇرىددىنىنىڭ بىزگە ھەسىداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن،
بىز ئاياللارنىڭ چېچىنى نۇرىددىن سۇلتانىغا ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن
قوشۇن ئەۋەتىپ بىزنى ئەھلى سەلىپنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن
قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەدىددىن
بىلەن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئاشۇ سالاھىددىنلار كېلىپ بىزنى
قۇتقۇلدۇرۇۋالدى. قارا، شۇ چاغدا كېسىۋەتكەن بىر تۇتام چېچىم
ھازىرغىچە قىسقا، — مەلىكە سۆزلەۋېتىپ، ئۆز چېچىنى گۇۋا-
چى قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — بىز نۇرىددىن سۇلتاننىڭ شەرتى بويىچە، ئۆز
ھۆكۈمرانلىقىمىزدىكى زېمىننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ
بەردۇق. ئۇلار بىزنى پەرەڭلەرنىڭ بالايى-ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇپ
قالدى. بىراق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قال-
دۇق، شۇ چاغدا سېنىڭ ۋەزىرلىرىڭدىن شاۋەر ئۆز لەۋزىدە تۇر-
ماي، ھەدەپ كەينىگە سۆرگەنلىكتىن، ئاخىر ئۇلار ئۇنى چېپىۋەت-
تى. ئاللا گۇۋا، سالاھىددىن شاۋەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاق
كۆڭۈل، سادىق. لېكىن بىز تېگىشلىك ساۋاقنى قوبۇل قىلماي،
بىزنى سالاھىددىنغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈۋاتقان، سالاھىددىنغا
ھەسەت قىلىدىغان ئەمىر - ئۆمرالارنىڭ پىتنە - پاسات ۋە

www.uyghurkitap.com

قوتراتقۇلۇقلىرىغا بېرىلىپ كېتىۋاتىمىز. ۋاي ئوكام، ئاشۇ ئەمىر-ئۆمرالارنىڭ شۇ چاغلاردا نىمە ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار ئەھلى سەلىپلەر بىلەن خەت - پەت ئېلىشىپ، تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىغىز - بۇرۇن يالىشىپ، سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى پىلانلاشقان. كېيىن سالاھىددىن سېزىپ قالغان ۋە بىر ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، باشقىلىرىغا ئىبرەت قىلدى. كۈتۈلمىگەندە، بۇ ھەركەت شاھ قەسىرىدىكى باشقا ئەمىر-ئۆمرالارنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئەللىك مىڭ ئادەم يىغىپ، سالاھىددىنغا قارشى چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ قەسىردە قىلىچلىشىپ كەتتى. شۇ كۈن زادى ئىسىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى بىز قەسىردە ئىدۇق. سەن پىشايۋاندا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سوقۇشىنى تاماشا قىلدىڭ. ئەمەلدارلىرىڭغا غەيرەت بېرىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يۈرەكلىك قىلدىڭ. سالاھىددىن ئۆز كىشىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن قەسىرگە ئوت قويۇشقا پەرمان چۈشۈردى...

— شۇ چاغدا مەن سالاھىددىنغا قەسىرگە ئوت قويمىسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتكەن ...، — دىدى خەلىپە مەلىكىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

مەلىكە شۇ چاغدىكى زور ئوت ۋەقەسىنى تىلغا ئالغاندا چىرايى بۆلەكچىلا بولۇپ، ئىچىنىشلىق خاتىرىگە غەرق بولۇپ، ئويغا پاتتى. ئۇنىڭ خەلىپە ئىنىسى ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئەجەپلەندى - دە، شەرىپ جەلىسكە قارىدى. ئۇمۇ مەلىكىنىڭ كەيپىياتىغا سەپسېلىپ تۇراتتى.

مەلىكە سەل ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتىن نىمە پايدا چىقىدۇ؟ — دىدى.

— ئەمسە، قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— بۇ گەپلەرنى قويايلى! بۇلارنى ئويلىسام، يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. سەنمۇ ئارام ئالغىن، ساڭا جىمجىتلىق كېرەك.

مەلىكە سۆزىنى تۈگىتىپ بېشىغا رومىلىنى ئارتتى. خەلىپە شۇ ئان:

— هازىر كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى، سالامەتلىكىم ھېچگەپ ئەمەس، خۇداغا شۈكرى، ئىسسىتمام يېنىپ كەتتى، گېپىڭنى دەۋەتكىن، — دىدى.

مەلىكە يانچۇقىدىن بىر تۇتام چاچنى ئالدى ۋە ئۇنى خەلىپىگە بېرىپ:

— بۇ چاچنى تونۇمسەن؟ — دىدى.

— سەن ئۆزۈڭ كېسىپ بەرگەن ئاشۇ بىر تۇتام چاچ ئەمەسمۇ! — دىدى خەلىپە ھەيران بولۇپ، — مەن بۇنى دەمەشق سۇلتانىغا ئەۋەتكەن ئىدىمغۇ، قانداق قىلىپ سىنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدى؟

— بىزنىڭ ئوردا خادىملىرىمىز سالاھىددىننىڭ كىشىلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان كۈنى قولۇمغا چۈشتى.

— قانداق بولۇپ؟

— سالاھىددىنغا ئۆز ئادەملىرىنى قەسىرگە ئوت قويۇشتىن توساشنى ئېيتقان ئىدىم دىدىمغۇ. ئەھۋال راست شۇنداق. بىراق، شۇ چاغدا بىزنىڭ قەسىردە ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكىمىز ھېلىمۇ يادىمدا. شۇ چاغدا مەن ھوجرامنىڭ يېنىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ ئوتنىڭ قەيەردىن تۇتىشىپ قالغىنىنى ئۇقمىدىم. شۇئان ساراسىمىگە چۈشۈپ ۋاقىرىدىم، لېكىن ئەتراپتا بىرەرمۇ چاكار، مۇلازىم كۆرۈنمىدى. تۇساتتىنلا، مۇلازىمچە كىيىنگەن، يۈزىگە نىقاپ تارتقان بىر ئەركىشى ھوجرامدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ھوجرىغا قانداق كىرىۋالـ

www.uyghurkitap.com

غىنىنى بىلمىدىم. مېنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان كىشى ئوخشايدۇ دەپ،
ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇنىڭ كىملىگىنى سوراشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا،
ئۇ قولۇمدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشقا
سۆرىدى. مەن يۇلقۇنۇپ قولۇمنى تارتىۋالدىم، لېكىن ئۇ قولۇمنى
يەنە تۇتۇۋالدى، ۋە مېنى يۆدەپ ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. شۇ
چاغدا ئەتراپتا باشقا ئادەم يوق ئىدى، قورققىنىمدىن ۋاقىراپ
كەتتىم، لېكىن سىرتتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ، گۈلدۈر - گالاپ بەك
قاتتىق بولغاچقا، ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. شۇ چاغدا يەنە
بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، نىقاپلانغان بايىقى ئادەمنىڭ مېنى ئېلىپ
مېڭىشىغا ياردەملەشتى، يەنە تېخى ماڭا خەنجەر تەڭلەپ قورقۇ-
تۇپ، ھېلىقى ئادەم بىلەن مېڭىشقا زورلىدى. قورقۇپ پۇت -
قولۇمدا جان قالمىدى، رومىلىممۇ چۈشۈپ قاپتۇ، چاچلىرىممۇ
چۇۋۇلۇپ چاڭگىمدەك بولۇپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇتلا
يەنە بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى ھەم ماڭا قاراپ كەلدى.
ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىدىن قارىغاندا سالاھىددىننىڭ ئادەملىرىگە ئوخ-
شايتتى. مەن، ئەمدى تۈگەشتىم، دىسەم - دىمىسەم، ئۇمۇ بۇلار-
نىڭ شېرىگى دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ خەنجىرىنى كۆتىرىپ
ۋاقىرىغان پېتى بايىقى ئىككى مۇتەھەممگە ئېتىلىپ كېلىۋىدى،
ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورققان بۇ ئىككى مۇتەھەم مېنى تاشلاپ
بەدەر قاچتى. خۇددى شىردەك قامەتلىك ھېلىقى يىگىت ماڭا:
«ھېلىقى ئىككى مۇتەھەم كىملەر، تونۇمسىز؟» دىدى مۇلايىملىق
بىلەن. مەن: «تونۇمايمەن. ئۆزۈڭ كىم؟ نىمە قىلماقچىسەن؟»
دىدىم. «مەلىكە، قورقماڭ! — دىدى ئۇ، — مەن سالاھىددىننىڭ
ئادەملىرىدىن. بايىقى ئىككى مۇتەھەمنىڭ سىزنى ئېلىپ قېچىشقا
ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا، سىزنىڭ ئالتۇندەك سېرىق
چاچلىرىڭىزغا كۆزۈم چۈشۈپ، خەلىپىنىڭ خانىدانىدىكى قىز بول-
سا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم - دە، دەرھال كېلىپ سىزنى قۇت-

قۇزۇۋالدىم. ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، بۇ مۇتىھەملەرنى قوغلىۋەتتىم.» مەن ئۇنىڭدىن: «سىرتتىكى ئوت ئۇلغىيىپ كېتەرمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا مەن تۇرۇۋاتقان قەسىر ئەتراپىغا ئۆزلىرىنىڭ ئوت قويمىغانلىغىنى، بۇ ئوتنى يامان غەرەزلىك باشقا ئادەملەر قويۇپ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېنى ئېلىپ قاچماقچى بولغانلىغىنى چۈشەندۈردى.

مەلىكە سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، مەڭزىلىرى قىپ - قىزىل بولۇپ، ھۆمىدەپ كەتتى.

خەلىپە بىلەن شەرىپ جەلىسمۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالدى، ئۇلار مەلىكە ئاشۇ يىگىتنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكىنىنى سەزدى، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆزگىرىشنى چۈشەنمەيتتى. مەلىكە جىمجىتلىققا چۆمگەندە، خەلىپە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سېنى قۇتقۇزۇۋالغان يىگىت كىم ئىكەن؟ مېنىڭ تۇققىنىم ئىكەنلىگىنى قانداق بىلدىكەن؟ سەن ھەممىشە ئۆيدىن چىقمايدىغان قىز تۇرساڭ، سالاھىددىننىڭ ئادەملىرى سېنى قانداق تونۇيدۇ؟ بۇ غەلىتە بىر ئىش - تە! بۇ زادى قانداق گەپ؟ ئېيتىپ باقە.

مەلىكە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويۇپ دېدى:

— جانابى ئالىلىرى، سىلى مېنى ئەيىپلىمەكچىمۇ؟ مەندىن گۇمانلىنىشىڭغا ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق. شۇ چاغدا مەنمۇ ئۇنىڭدىن مېنى قانداق تونۇيدىغانلىغىنى سورىدىم. ئۇ يانچۇغىدىن بىر تۇتام سېرىق چاچنى ئېلىپ ماڭا بېرىپ: «بۇ سىزنىڭ چېچىڭىزمۇ؟» دېدى. مەن چاچنى ئېلىپ، بېشىمدىكى چېچىم بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەم، ئوخشاش چىقتى.

— ئۇ سېنىڭ بېشىڭدىكى چېچىڭني تۇتۇپ كۆردىمۇ؟ — دېدى خەلىپە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ياق، مەن ئۆزۈم تۇتۇپ سىلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ئۇ تەڭ تەك يىگىتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭغا مىنىڭ جىنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىغا رەھمەت ئېيتتىم، ئۇ مىنىڭ نام-ئابرويۇمنى، ئېپپەت- نومۇسۇمنى ساقلاپ قالدى. ئۇ بولمىغان بولسا، ئاشۇ كۈنى ئىككى مۇتەھەمگە قۇربان بولۇپ كەتكەپ بولاتتىم.

— ئۇ ئىككى مۇتەھەمنى تونۇمسەن؟

— تونۇيالمىدىم. بىراق، بىرىنى تونۇغاندەك قىلدىم.

— ئۇ كىم؟

— ئېيتىشنى خالىمايمەن. خاتا تونۇپ قالغان بولسام، چاتاق بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ساڭا تىمماي كەلدىم. بۇ ئىشقا سىر يەلىدىن ئاشتى، ساڭا كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈشنى خالىمايمەن.

خەلپە ئازىدىنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتتى — دە:

— مۇشۇنداق زور ئىشنى نىمىشقا شۇ چاققىچە ماڭا ئېيتمىدىڭ!؟ كىم ئۇ!؟ تېز ئېيت! — دەپ ۋاقىرىدى.

— ئۇكام، ئاچچىقىڭغا هاي بەر. ئۆز ۋاقتىدا ۋەقەنى ئەيىەن ئېيتمىغان ئىكەنمەن، هازىرمۇ ئېيتالمايمەن. چۈنكى بۇ ئىش ساڭا ئالا- قازا ۋە بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ. خۇدا مىنى ئامان- ئېسەن ساقلاپ قالدى، مۇشۇنىڭ ئۆزى زور بەخت. بىراق مىنىڭ جىنىمغا ئارا تۇرغان ئاشۇ نىجاتچىمىنىڭ ئىسمىنى سورىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن، — مەلىكىنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتتى، ئۇ دىلخەستىلىگىنى ئىنىسىغا بىلىندۈرمەسلىك كە تىرىشاتتى. خەلپىمۇ ئۇنىڭ ھىسسىياتىدىكى نازۇك ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمىدى ۋە:

— سىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇنى ئەتىسى ساڭا خەۋەر قىلىدۇ ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن سەندىن ئىنئام سورايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كىملىگىنى سۈرۈشتۈرمىگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئىنئام سورىمايدىغانلىغى

خىيالىمغا كىرىپ چىقماپتىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ سەپسېلىشقا ئوڭيىسىزلاندىم. ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇ بىر تۇتام چېچىمنى ماڭا بېرىپ: «مەلىكە، چېچىڭىزنى ئېلىڭ، بۇنى چىڭ ساقلاڭ، نامەھرەملەرنىڭ قولى تەگمىسۇن. خەلىپەم بۇ چاچنى ياردەم سوراشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئەۋەتمەسلىگى كېرەك ئىدى» دەپلا چاقماقتەك تېز چىقىپ كەتتى. شۇندىن بۇيان ئۇنى كۆرمىدىم.

* * *

خەلىپىنىڭ كەيپى ئۆچكەن، كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىقلىقىنى ئۇنتۇدى. ئورنىدىن دەس قوپۇپ، بايىقى چاچنى مەلىكىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالدى - دە، ئۇنىڭغا بىردەم سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن ئۇنى مەلىكىنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئۇنىڭ چېچىغا سېلىشتۇرۇپ، شەرىپ جەلىسكە مۇنداق دېدى:

— قارا، بۇ قانداق گەپ...؟ ھېلىقى يات ئادەم قانداقسىغا بۇ چاچنى ئېلىپ قەسىرگە كىرگەن؟ ھەيىي! ئۆزۈمدىن كەتكەن! ياردەم ئالىمەن دەپ، بۇ چاچنى دەمەشق سۇلتانىغا ئەۋەتكەن ئىدىم. بۇ چاچ قانداق بولۇپ ئاشۇ يىگىتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان؟ ئۇ، بۇ چاچنى چىڭ ساقلىغانىنىڭ ئۈستىگە چاچنىڭ ئىگىسىنىمۇ بىلىدىكەن.

شەرىپ جەلىس ئاچا - ئىنى ئىككىيلەننىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئۇقۇپ ھاڭۋېقىپلا قالدى. خەلىپىنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ، زەردىسى قاينىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— جانابى ئالىلىرى، پەرىشان بولمىسىلا. چاچنىڭ ئاشۇ يىگىتنىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقى چاغلىق ئىش. لې-

www.uyghurkitap.com

كىن مەلىكىنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان ئاشۇ نىقاپلىق ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم. يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ مەلىكىنى ئېلىپ قېچىشقا جۈرئەت قىلغان زادى كىم ئۇ؟! بۇنداقمۇ ھەددىدىن ئاشقان بارمۇ!

خەلىپە ئازىد ئاچچىقىغا قاراپ:

— ئېيتىپ باقە، قانداق ئادەم مېنىڭ پەرمانىمنى بۇزۇپ، قەسرىنىڭ ئىچكى ھوجرىلىرىغا بېسىپ كىرىشكە پېتىنالايدۇ؟ — دېدى.

خەلىپە بۇ گەپنى قاتتىق ھۆمۈدەپ تۇرۇپ تۆگەتتى، كۆزلىرىگە قان قۇيۇلدى. ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، چاچنى مەلىكىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ ماداردىن كەتتى.

مەلىكە خەلىپىگە يېقىن كېلىپ، ئۇنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەزىز ئۇكام، خاپا بولما، ئۇ كىشىنىڭ ئېتىنى ئېيتالمايمەن، كەچۈرگىن. چۈنكى مەن ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى گۇمانەن پەملىدىم. گۇمان، كۆپىنچە، بالا - قازا كەلتۈرىدۇ. بۇ جىنايى شۇملۇقنى قىلغان كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ. ناۋادا مەن ئۇنى خاتا تونۇپ قالغان بولسام، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

— بۇ خائىن زادى كىم، ئېيتىۋەتكىن. خاتىرجەم بول، ۋاقتى كەلمىگىچە، ئۇنى ئالدىراپ جازالىمايمەن.

مەلىكە رومىلىنى تۈزەپ قويۇپ، قولىدىكى چاچنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ، لام - جىم دېمەي ئولتۇردى. ئۇنىڭ خەلىپە ئىنىسى ئۇنىڭ ئاشۇ ناكەسنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشىنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتەتتى، لېكىن مەلىكە يەنىلا ئاغزى پېچەتلىۋېتىلگەنەك زۇۋان سۈرمىدى. خەلىپىنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ:

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ —
دېدى.

— يائاللا، يەنە ئوبدانراق ئويلىنىۋالمايمۇ؟

— جانابى ئالىيلىرى، — دېدى ياندا تۇرغان شەرىپ جەلىس، — مەلىكە ئويلىنىۋالسۇن، رەنجىتىپ قويمىسىلا، بىر دەم تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەر، بۇ ئىشقا ئۇنچە ئالدىراشنىڭ هاجىتى يوق. هازىر ئاشۇ كۆردىتىن قانداق قۇتۇلۇش ئۈستىدىكى گېپىمىزگە كېلەيلى. جانابى ئالىيلىرى، ئەبۇ هەسەننىڭ شەرتىگە قانداق قارايدىلا؟

مەلىكە ئەبۇ هەسەننىڭ ئېيتىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغاندا، نېرۋىسى چۆچۈگەندەك، پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆز هېسسىياتىنى بېسىشقا تىرىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالدى.

— سالاهىددىننى يوقاتىسىلا، ئۇنىڭ شەرتىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى ۋەلى ئەهدىلىككە تەيىنلەيمەن، — دېدى خەلىپە شەرىپ جەلىسكە.

— جانابى ئالىيلىرى، ئەگەر ئۇنىڭ شەرتىنى ماقۇل كۆرسىلە، ئىككىلىك مۇبارەك خەتلىرىنى ئالىمىغايلا. بولمىسا، ئۇ مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيدۇ.

— ياق، هاجەت ئەمەس. ئاغزىڭدا ئېيتساڭ بولىۋېرىدۇ.

— خوپ، بېرىپ ئېيتاي، بىراق ...، — شەرىپ جەلىس يەنە ئېيتمىدىغان گېپى باردەك، ساقىلىنى سىلاپ دۇدۇقلاپ قالدى.

— بىراق دەپ قالدىڭغۇ؟ گېپىڭ بولسا ئوچۇق - يورۇق ئېيتمۇەرگىن! — دېدى خەلىپە شۇئان.

— مەلىكە ئالىيلىرىنى رەنجىپ قالارمىكىن دەيمەن، چۈنكى ئۇ ...

— مېنىڭ رەنجىيدىغانلىغىمنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ئەبۇ ھەسەننى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقلىرىنى گەپ - سۆزلىرىدىن پەملىگەن ئىدىم.

— ئۇنى نېمىشقا ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن؟ ئۇ مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈمگە ئەرزىمدۇ؟ — دېدى مەلىكە شۇئان.

— يوقسۇ، مەلىكە ئالىيلىرى، بىراق ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئۆزلىرىنىڭ تۇققىنى، ئۇ مۇشۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنتايىن شەرەپ دەپ بىلىدۇ.

— نېمىشقا؟

شەرىپ جەلىس خەلىپىگە قاراپ:

— جانابىي ئالىيلىرى ئىجازەت قىلامدىكىن؟ — دېدى.

— دەۋەرگىن، ئەبۇ ھەسەن نېمىلەرنى ئويلاپتۇ؟ ئۇ مېنى ھەرقانداق تەلەپ قويسام ماقۇل دەيدۇ، دەپ قارامدىكەن؟

مەلىكە خەلىپىنىڭ «ھەرقانداق تەلەپ قويسام ماقۇل دەيدۇ دەپ قارامدىكەن» دىگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى، چۈنكى خەلىپە ئەبۇ ھەسەننىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىش خىيالىنىڭ بارلىغىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇنى رەت قىلغانلىغىنى مەلىكىگە ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. مەلىكە بىلمىگەن بولۇپ:

— سىنىڭ «ھەرقانداق تەلەپ» دىگەن گېپىڭنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە، ساڭا ئېنىق.

خەلىپە يەنە شەرىپ جەلىسكە بۇرۇلۇپ:

— ئەبۇ ھەسەن مېنىڭ رەھمەت - تازىم ئۈچۈن ئاچامنى نىكالاپ بېرىشىمنى ئويلايدۇ، شۇنداقمۇ؟ سەن قانداق قارايسەن؟ — دېدى.

— پېقىرنىڭ كالتە پەمىچە، ئۇنىڭ بىلەن تويلىشىش ھەممىدىن ئەۋزەل تەدبىردۇر. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق كىشىدىن پەم - پاراسەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھۆرمەت

لىك تۇققىنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئادەم زۆرۈر بولۇۋاتقان ھازىرقى كۈندە، جانابى ئالىلىرىنىڭ خىزمىتىگە مۇشۇنداق ئادەم لازىم. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىۋىنى ماقۇل كۆرۈشكە بولىدۇ دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ تەلىۋى قانائەتلەندۈرۈلسە، ئۇنىڭ باشقا شەرت قويۇشىغا ئورۇن قالمايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن مەلىكە ئالىلىرىغا تولىمۇ ئىززەت - ئىكرام ۋە كۆيۈمچانلىق بىلدۈرۈپ كەلدى، مەلىكىگە مۇشەررەپ بولۇش ئۇنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى. دەرۋەقە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئىچىمىزدىكى ئاپەتنى يوقىتىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش.

مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەقسەتلىك ھالدا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مېنى نىكايىغا ئېلىشىنى ماقۇل كۆرىدىكەنسەن. شۇنداقتىمۇ، خەلىپە ئىنىمنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

خەلىپە ئۇنى كۆڭلىدىكى گەپنى قىلدى دەپ قارىدى، ئۆزى بولسا ئەبۇ ھەسەن ئارقىلىق سالاھىددىندىن قۇتۇلۇشنى تولىمۇ ئۈمىت قىلاتتى. شۇڭا:

— ھازىرلا ئۆزۈڭ ئۇققاندەك، مېنىڭ قارىشىم شەرىپ جەلىسنىڭ پىكرىگە ئوخشاش، — دېدى.

— بىراق، بۇ مېنىڭ پىكرىم ئەمەس - تە، — دېدى مەلىكە سوغاققىنا ۋە شۇئان تەتۈر قارىۋالدى.

— قارىغاندا، تېخىچە چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتقاندەك قىلىسەن. ئەبۇ ھەسەن بىزگە شۇنچىلىك مۇھىمكى، ئۇ بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنى كۆزىمىزدىن يوقىتىدۇ، — دېدى خەلىپە يەنە.

— ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. مەن ساڭا ئېيتقان ئىدىمغۇ، ياتلىق بولغۇم يوق دەپ. ئۇنىڭغا ھەشقاللا -

www.uyghurkitap.com

رەھمەت ئېيتماقچى بولساڭ، باشقا ئامال تاپقىن!

— لېكىن، — دېدى شەرىپ جەلىس، — مەلىكە ئالبىرى، مۇبادا ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلسىلا، بۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلىپە ئالدىرىغا قىلغان بىۋاستە خىزمەتلىرى بولىدۇ. چۈنكى بىزنى ئەبۇ ھەسەنلا قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ.

مەلىكە شەرىپ جەلىسكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى لايىق كۆرمىگەن قىياپەتتە:

— ئەبۇ ھەسەن ئىككى يۈزلىمە كاززاپ، ئۇ بىزگە چىن دىلىدىن ياردەم قىلمايدۇ، — دېدى.

شەرىپ جەلىس مۇلايىم كۈلۈپ:

— ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىلا، ئۇ خەلىپىمىزگە بىجانىدىل سادىق كىشى، خانىدان كىشىلىرىنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلىدۇ، — دېدى.

— ياق، خاتا ئېيتىڭ. ئۇ بىزگە سادىق ئەمەس. ئۇنىڭ تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق، خوشامەتچىلىككە ئۇستا مۇناپىق ئادەم ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇق.

خەلىپە مەلىكىنىڭ گەپ - سۆزنى دادىل قىلىشىۋەرگىنىنى ياقتۇرماي، نارازى ھالدا مۇنداق دېدى:

— سېنىڭلا دېگىنىڭ ھېساپ بولىشىۋەرمەيدۇ، نىمە ئاساسىڭ بار؟ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ماڭا ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام، يېقىملىق، ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ كەلدى. سەن ئۇنى نىمە ئاساستا كاززاپ، مۇناپىق دەيسەنكىن - تاڭ؟

— ئەلۋەتتە ئاساسىم بار. ئات ئۇزۇن يولدا سىنىلىدۇ، ئادەم ئۇزاق يىلدا. ئاخىر بىر كۈن مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىسەن. دەيدىغىنىمىزنى دېيىشىپ بولدۇق، ھەممىمىز چارچىدۇق، دەم ئالغىن. ئەتە ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىمەن.

راست، خەلىپە ئازىد بەك چارچىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكىنىڭ گەپلىرى ئۇنى تېخىمۇ پەرىشان قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ھازىرچە ئاچىسىنىڭ تەۋسىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئىش ئۈستىدە بۆلەك بىر كۈنى سۆزلەشمەكچى بولدى - دە، ئورنىدىن تۇردى، شەرىپ جەلىسمۇ ئورنىدىن قوپتى. ھەممەيلەن چارچىغان ئىدى، ھەممەيلەن دەم ئېلىشقا چىقىپ كېتىشتى.

* * *

شەرىپ جەلىسنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ئەبۇ ھەسەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن تىت - تىت بولۇپ ئۆزىنى باسالماي قالدى.

شەرىپ جەلىس ياشىنىپ قالغان كىشى ئىدى. ئەبۇ ھەسەن ۋەلى ئەھدىلىكنى ئاسان قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئالداپ، خەلىپىنى ئۆزىنىڭ شەرتىگە كۆندۈرۈشكە ئەۋەتكەن ئىدى. لېكىن شەرىپ جەلىس ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى، بەلكى ئۇنى خەلىپىنىڭ سالاھىددىنىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلالايدۇ دەپ ئىشەندى. شۇڭا، ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈشنى ھاۋالە قىلغاندا، ئۇ دەرھاللا ماقۇل دېگەن ھەم بارلىق كۈچ - زېھنى بىلەن خەلىپىنى كۆندۈرمەكچى بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنى ئەمەلىيەتتە خەلىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىم بولىدۇ دەپ قارايتتى.

لېكىن ئۇ خەلىپىنى كۆندۈرەلمەي قۇرۇق قول قايتقاندا، ئەبۇ ھەسەنگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي بېشى قاتتى.

ئەبۇ ھەسەن غەربىي قەسىر يېنىدىكى بىر مېھمانخانىدا تۇراتتى. بۇ مېھمانخانا بۇرۇن مۇزەففەر ئىبنى ئەمىرنىڭ ھۆكۈ-

مەت تەسەررۇپىدىكى بىناسى ئىدى، ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن
كېيىن مېھمانخانا قىلىنغان بۇ مېھمانخانىنىڭ باشلىقى ئەدى
مەلىك ئىدى. ئەبۇ ھەسەن خەلىپىگە يېقىن بولغاچقا، ئەدى
مەلىك ئۇنىڭغا ھەر تەزەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈپ ئالاھىدە ئېتىۋار
بەردى، ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر يۈرۈش ھوجرا تەييارلاپ بەردى
ۋە بىرمۇنچە چاكار - مۇلازىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەر-
دى. ئەبۇ ھەسەن بۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا تولىمۇ رازى ئىدى. ئۇ
بۇ يەردە ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خالى-
غىنىچە ھەركەت قىلالايتتى. ئۇ نام - شۆھرەت قوغلىشىدىغان
ئادەم بولۇپ، ھىيلە - مىكىرگە ئۇستا ئىدى، زۆرۈر تېپىلغاندا،
قاتىللىق قىلىشتىن يانمايتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى خۇ-
شامەتچىلىك ئىدى؛ پەلسەپىسى بولسا «مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
ھەرقانداق ۋاستىنى قولدىن بەرمەسلىك» ئىدى. ئۇنىڭ دانالىقى
ئۆز مەقسىدىگە يېتىمگىچە توختىماسلىقتا ئىپادىلىنەتتى. ئۇنىڭ
قارا نىيىتى شۇ قەدەر ھەددىدىن ئاشقانكى، ئۇ، ئۇزاقتىن بۇيان
خەلىپىلىكنى، ھېچ بولمىغاندا، ۋەلى ئەھدىلىككە ئېرىشىشنى تاما
قىلىپ كەلدى. مۇشۇ مەقسەتتە، ئۇ ياش قاتۇرۇپ بىرمۇنچە سۇ-
يىقەستلەرنى پىلانلىدى، مەلىكە سەييىدەنى نىكايىغا ئېلىپ،
ئۇ ئارقىلىق خەلىپىگە تەسىر ئۆتكۈزۈپ، سالاھىيىتىنى ئۆستۈرۈپ،
ئاندىن ھوقۇقنىڭ يۇقۇرى چوققىسىغا يامىشىپ چىقىش ئاشۇ
سۇيىقەستلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ھىساپ -
چوتى ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەلۋىنى مەلىكىنىڭ رەت قىلى-
دىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزى-
دىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەسلى -
نەسەبىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان
ئىدى.

ئەتىسى شەرىپ جەلىس سەھەر تۇردى - دە، ئەبۇ ھە-

سەنىڭ چاقىرىشىنى كۈتمەيلا، پالاقلاپ مېھمانخانىغا كەلدى. ئەبۇ ھەسەنمۇ ئۇنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى. بىر مۇلازىم كىرىپ شەرىپ جەلىسنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشىغا، ئۇ دەرھال قوپۇپ ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتمىگەندەك قىياپەتكە كىرىپ، خەلىپىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا سوراپ قويدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى، — دېدى شەرىپ جەلىس.

— كېسەلنىڭ يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانمىسىلا كېسەلمۇ ياخشى بولۇپ قالغاي.

شەرىپ جەلىس ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— ئەگەر بىز ئۇنىڭ كېسەلنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىۋېتەلىسەك، ئۇنىڭ كېسىلى جەزمەن ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى.

— ئىنشائاللا، كېسەلنىڭ يىلتىزىنى جەزمەن قومۇرۇپ تاشلايمىز. خەلىپە ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمنى ئايىماي خىزمەت قىلىمەن. مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن ۋە ھۆرمەتلەيمەنكى، مېنىڭ ئىرادەمنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

شەرىپ جەلىس ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قىلغان بۇ مەردانە سۆزلىرىدىن ناھايىتى تەسىرلەندى، لېكىن ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشامقى مەغلۇبىيىتىدىن خىجىل بولاتتى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ چىرايىدىن پەرىشان بىر ھالەتنى سەزدى - دە، تەلىۋىمنى مەلىكە رەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنى خەلىپىگە ئىخلاسمەن ۋە ئاق كۆڭۈل كۆرسىتىپ:

— خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىنى پەرىشان قىلماسلىقىنى تىلەيمەن، جانابى ئالىيلىرى ئۆزىنى كۆپ ئاسرىشى، خاتىرجەم داۋالىنىشى لازىم. مېنىڭ گېپىمنى مۇشۇنداق يەتكۈزدۈڭمۇ؟

— شۇنداق يەتكۈزدۇم ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىرادىلىرىنى تەكىتلىدىم. ئەمما ...

شەرىپ جەلىس ئىككىلىنىپ ساقىلىنى سىلىدى.

ئەبۇ ھەسەن سەل بىتاقەت بولغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— سەن گېپىمنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ، ۋەلى ئەھدى بولۇش شەرتى بىلەن مېنى قىستىماقچى بوپتۇ، دەپ قارىغانمىدۇ؟ ۋاھالەنكى، ۋەلى ئەھدى بولمىساممۇ مەيلى. مېنىڭ خەلىپىنى قۇتقۇزۇۋېلىشتىكى مەقسىدىم ۋەلى ئەھدى بولۇش ئەمەس ...

— خۇدا گۇۋا، مەنمۇ شۇنداق دېدىم. ئەمما مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ... — دېدى شەرىپ جەلىس دەرھال گەپ قىستۇرۇپ.

ئەبۇ ھەسەن قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار مەندىن تېخىچە گۇمانلىنىدىكەن، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر ئىش - تە. ئا كۈنكى مەخپى كېڭەشنى خەلىپىگە دېدىڭمۇ؟

— يوقسۇ، دېمىدىم. چۈنكى سۆھبىتىمىز مەلىكىنىڭ ھوجرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەچكە، دېيىش بىئەپ بولۇپ قالدى.

— مەلىكە سەيىدە سۆھبەتكە قاتناشقانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ ھەسەن شۇئان.

— ھەئە، مەلىكىمۇ بار ئىدى.

— مېنىڭچە، بۇ مەلىكە ئاكىسىدىنمۇ تەرسا. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئەيىبلىمىگەندەك، بۇ مەلىكىنىمۇ ئەيىبلىمەيمەن. ۋەلى ئەھدى مەسىلىسىنى ئېيتقىنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مەسىلىنى ئېيتتىڭمۇ؟ — ئەبۇ ھەسەن بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

شەرىپ جەلىس پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەئە. باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدىمۇ خەلىپە بىلەن سۆھبەتلەشتىم. بۇ مەسىلە مەلىكىگە ئالاقىدار بولغاچقا، مەلىكە ئاڭلاپ، مېنى جاناپلىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتىسەن، دىدى.

شەرىپ جەلىس مەلىكىنىڭ سۆزىنى غەرەزلىك ھالدا سىلىق ۋە ئەگىتىپ ئېيتتى. لېكىن ئەبۇ ھەسەن زادىلا مەمنۇن بولمىدى. چۈنكى ئۇ شەرىپ جەلىسنىڭ تىلىنى چاينىشىدىن ئۇنىڭ تۇمشۇغىغا يىگەنلىگىنى ھىس قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا:

— مەلىكە بىلەن سۆزلەشكەندە، ئارىسالدى، دەككە - دۈككىدە بولدۇڭمۇ؟ — دىدى.

— شۇنداق، سەل ئاسىقىپ قالدىم. چۈنكى مەلىكە سۆزلىگەندە ھەدەپ دارىتمىلاپ گەپ قىلدى، ساپلا گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار.

— مۆھتىرەم تەقسىرىم، گەپنى توپ - توغرا ئېيتساڭچۇ؟ مەلىكە مېنىڭ تەلىۋىمنى رەت قىلدىمۇ؟ بىرەر ئىشتىن ئەندىشە قىلامدىكەن ياكى باشقا تەشۋىشى بارمىكەن؟ دەرۋەقە، مەلىكىدىن رەنجىمەيمەن، رەنجىسەم خەلىپىدىن رەنجىسەم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا ھاجىتى بار - دە.

— ئۆزلىرىگە كاپالەت بېرىمەن، خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قارىشى يامان ئەمەس.

ئەبۇ ھەسەن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— بوپتۇ. مەن مەلىكىنى ھەر قانداق ئىشنى توغرا چۈشىنىدىغان دانىشمەن قىز دەپ قاراپ كەلگەن ئىدىم. ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشتا مۇنچىلىك نادانلىق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، كېيىن پۇشايمان يەپ قالمىسىلا بولدى. مەيلى، مەن يەنىلا خەلىپە ئالىيلىرى ئۈچۈن ئىسسىق قېنىمنى ئايىماي خىزمەت قىلىمەن، ناۋادا مەلىكە باشقا دانىشمەندىن بىرنى تاپسا ۋە ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا دەسسەتسە، بۇ باشقا ئىش.

— راستىنى ئېيتقاندا، مەلىكە باشقا گەپلەرنى قىلمىدى، پەقەتلا، ياتلىق بولغۇم يوق، دېدى خالاس.

ئەبۇ ھەسەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياتلىق بولغۇم يوق دېدىما؟ چىن كۆڭلىدىن ئېيتمىغان بولۇشى كېرەك! ياتلىق بولمايدىغانمۇ قىز بولامدۇ؟ پۇشايمان يەپ قالمىسىلا بولىدىغۇ!

شەرىپ جەلىسمۇ ئورنىدىن قوپۇپ، ئەبۇ ھەسەننىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەبۇ ھەسەن سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سېنى خەلىپە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتكەنلىكىم خەلىپىگە ئايان بولغاچقا، يەنە سېنى چاقىرتىشى تۇرغان گەپ، ئۇ ساڭا مۇھتاج. ناۋادا خەلىپە بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ قالساڭ، مېنىڭ يەنە بۇرۇنقىدەكلا، ئۇنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمنى ئايىماي خىزمەت قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويغىن. مەلىكە توغرىسىدىكى گەپنى تىلىڭغا ئالمىغىن. ئۇنى ئاللا ئەيىپلەيدۇ.

شەرىپ جەلىس ئەبۇ ھەسەننىڭ كەڭ قوساقلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئەيلىدى.



uyghurkitap.com

# مەلىكە سەيىيدە

شەرىپ جەلىس ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا، ئەبۇ ھەسەن دەرغەزەپ بولۇپ كەتتى. قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ، تىنىم تاپماي ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى، قاتتىق خىيال سۈرەتتى. گويا كىكىرتىكىگە بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، تۇرۇپ يۆتىلىپ قوياتتى، تۇرۇپ گېلىنى قىقىپ قوياتتى. ئۇ ئىڭىكىنى خەپىلەپ تۇتۇپ، سەللىسىنى تۈزەپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشىدى: «ئازىد مېنىڭ ۋەلى ئەھدى بولۇشۇمنى رەت قىلغان بولسا، قاراپ تۇرسۇن، مەن خەلىپە بولۇپ ئۆزەمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام! سەيىيدە دىگەن بۇ پەس ماڭا تېگىشكە ئۇنىمىغان بولسا، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئالدىمغا يىغلاپ كېلىدۇ تېخى. ئۇ مېنى ئۆزىگە ئاشىق دەپ قارىسا كېرەك، مەن ئۇنىڭغا ئاشىق ئەمەس، چىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دىگەندەك، مېنىڭ مەقسىدىم باشقا يەردە. مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت يوق، مەن ھىچكىمنى سۆيمەيمەن. مەن پەقەت خەلىپىلىككىلا ئاشىقمەن. مەن سالاھىددىننى ئۆلتۈرمەن، لېكىن ئازىد ئۇچۇنمۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھىلىقى پەس ئۇچۇنمۇ ئەمەس، ئۆزەم ئۇچۇن ئۆلتۈرىمەن. ناۋادا ئاچا - ئىنى ئىككىسى مېنىڭ خەلىپىلىك تەختىگە چىقىشىمغا كاشىلا بولىدىغان بولسا، ئۇ ئىككىسىنى ئىككىلەنمەستىن ئۆلتۈرىۋېتىمەن. بۇنىڭدا مەن ھەقلىق.»

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۆتىرىلىپ كەتتى، ئۆزىنىڭمۇ

www.uyghurkitap.com

بىرئاز چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى.

ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى ۋە قولى بىلەن يەرنى زەردىلىك بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ «خەپ! بۇ پەسكە ئۆزەمنى بىر تونۇتۇپ، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ، پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالمايدىغان ھالغا چۈشۈرمەيدىغان بولسام!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، خېچىرىغا مىندى - دە، سالاھىددىن دادا - بالا تۇرغان قەسىر لوئىلۇغا ماڭدى. ئۇ يەردە سالاھىددىننىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى ئىيسا ھەككارى بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە شەھرى ھەلەبلىك ئىسلام قانۇنشۇناسى ئىدى. كېيىن سالاھىددىننىڭ تاغىسى ئەسەدىددىن بىلەن مىسىرغا كەلگەن. سالاھىددىن ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە بىرەر ئىش ئۇستىدە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. شۇ شۇ چاغلاردا ئەسەدىددىن بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە باھائىددىن قاراقۇش دېگەن بىر ۋەزىرمۇ بار ئىدى. ئەسەدىددىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىيسا ھەككارى بىلەن باھائىددىن قاراقۇش بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، سالاھىددىننى ۋەزىر ئەزىملىككە كۆتەردى، ئۇنىڭغا چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە دانىشمەنلىرى بولدى. ئىيسا ھەككارىنىڭ ئەبۇ ھەسەن بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەبۇ ھەسەننىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سالاھىددىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلايتتى. بۇ ئىككىسى دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇراتتى، لېكىن سالاھىددىن ئەبۇ ھەسەن بىلەن تونۇشمايتتى. ئەبۇ ھەسەن مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

شۇ تاپتا ئىيسا ھەككارى قەسىر لوئىلۇدا سالاھىددىن ۋە ئۇنىڭ دادىسى نەجمىددىنلەر بىلەن نەجمىددىننىڭ مىسىرغا كىپـ

لىشتىكى ۋەزىپىسىنى قانداق ئورۇنلاش ئۈستىدە كېڭىشىۋا-تاتتى.

ئەبۇ ھەسەن خېچىرىغا مىنگەن پېتى قەسىر لوئىلۇغا يېقىن كەلدىيۇ، ئىچىگە كىرمىدى، چۈنكى ئۇ ئىيسا ھەككارىدا شۇبھە تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يول ئۈستىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بولۇۋېلىشنى نىيەت قىلغان ئىدى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ ھەمىشە كۈتۈپخانىغا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، كۈتۈپخانىدا بىلىم ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاپلار بار ئىدى. ئالىم - ئۆلىمالارمۇ دائىم شۇ يەردە ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى. ئىيسا ھەككارى مۇشۇ ئىلىم ئەھلى ئىچىدىكى پائالىيەتچانراق كىشىلەردىن بىرى ئىدى.

ئەبۇ ھەسەن قەسىر لوئىلۇنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، دەر-ۋازىۋەندىن ئىيسا ھەككارىنىڭ كۈتۈپخانىغا كەتكەنلىكىنى ئۇقتى - دە، شۇئان خېچىرىنىڭ بېشىنى قايرىپ كۈتۈپخانا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. كۈتۈپخانا ئىشىكىگە كەلگەندە، ئىشىك باققۇچى ئۇنى كىرگۈزمىدى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا:

— تارىخىي كىتاپلارنى ئوقۇغۇم بار ئىدى، ئوقۇپ بولۇپلا يېنىپ چىقىمەن، — دىدى.

— تەقسىر، سىزنىڭ كىرىشىڭىزگە بولمايدۇ دىدىمغۇ! — دىدى ئىشىك باققۇچى.

— مەن كىرسەم نىمىشقا بولمايدىكەن؟ بايا بىر كىشى كىرىپ كەتتىغۇ، — دىدى ئەبۇ ھەسەن رەنجىگەن ھالدا.

— ئۇ كىشى مەشھۇر قانۇنشۇناس ئىيسا ھەككارى بولىدۇ.

ئەبۇ ھەسەن ھەيران قالغان بولۇپ دىدى:

— ھە، ئىيسا ھەككارى مۇشۇ يەردىمۇ؟ ئۇ مېنىڭ قەدىر-

ناين دوستۇم بولىدۇ. مېنى كىرىمەن دەيدۇ دەپ ئۈنىڭغا خەۋەر قىل.

— سىز كىم بولىسىز؟

— كىرىپ ئۈنىڭغا، ئەبۇ ھەسەن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، دە.

ئىشىك باققۇچى كىرىپ كېتىپ، بىر دەمدىلا ئىيسا ھەككارى ئىشىك باققۇچى بىلەن بىللە چىقتى. ئۇ ئەبۇ ھەسەننى كۆرۈپلا، مەرھابا دەپ سالاملاشتى. ئەبۇ ھەسەن دەرھال خېچىردىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى ھەم ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قېلىپ خوشال بولغان بولدى. ئاندىن ئىككىسى كۇتۇپخانىغا ماڭدى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى سەركەردىچە كىيىمىنى، بېشىدىكى سەللىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىپ:

— ئۇچىلىرىڭدا ھەربى كىيىم، باشلىرىڭدا سەللە، ئۆزلىرى ھەربىمۇ ياكى ئۆلىمامۇ؟ — دېدى.

— مەن كۇتۇپخانىدا بىر ئۆلىمامەن.

— مەن بۇ يەردە ئۆلىما ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، كىتاپ-پىتاپ كۆرۈپ، ئاز-تولا بىلىم ئالاي دەيمەن. — ئۇ ئىككىيلەن مۇڭدىشىپ ماڭدى.

ئىيسا ھەككارى ئۇنىڭدىن:

— ئەدىبىيات تەتقىق قىلغىلى كەلدىلىمۇ ياكى باشقا بىلىمنىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق. مەن ئەدىبىياتقا قىزىقمايمەن، ئۇنىڭ ماڭا پايدىسى تەگمەيدۇ. مەن تارىخىي مەسىلىلەرگە قىزىقىمەن. بۈگۈن تۈركمەن ئوغۇزلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىپ باققىم بار. ئۇلار پارلاق تارىخقا ئىگە قۇدرەتلىك خەلق.

— مېنىڭچە، بىچارە نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقسىلا كېرەك!

— يوقسۇ، ئۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،

ئۇ ئايان مەسىلە. ئۇ بىچارە نىزامۇلمۇلۇكنى ئىسمائىلىيە پىرقىسىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنداقمۇ؟ مەن ئوغۇز دۆلىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر مەسىلىلەرگە قىزىقىمەن.

— ئۇنداق بولسا، تارىخ كىتاپلار ساقلىنىدىغان بۆلۈمگە كىرەيلى.

* * *

ئەبۇ ھەسەن ئىيسا ھەككارى بىلەن بىللە تارىخ كىتاپلار بۆلۈمگە كىردى. بۇ يەردە يىللار بويىچە رەتلەپ قويۇلغان بىرمۇنچە تارىخ كىتاپلار بار ئىدى. ئىيسا ھەككارى ئۇنىڭغا ئوغۇزلار قۇرغان سالجۇقىلار دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر دۆۋە كىتاپ تېپىپ بەردى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا:

— مالال كۆرمىسىلە، ماڭا سالجۇقىلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى توغرۇل بەگنىڭ تەرجىمھالىنى تېپىشىپ بەرسىلە. ئۇ ناھايىتى قابىل كىشى ئىكەندۇق.

ئىيسا ھەككارى بىر ھازا ئىزلەپ، ئاخىرى تاپتى ۋە ئۇنى ئەبۇ ھەسەنگە بەردى.

— ياردەملىرىگە رەھمەت. ئۆزلىرىنى كۆپ كاشىلا قىلىپ قويدۇم! — دىدى ئەبۇ ھەسەن.

— ئۇنداق بولامدىغان. تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزغا ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. جاھاننى بىر مەزگىل زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ تارىخىي شەخسكە مەنمۇ بەك قىزىقىمەن. قېنى ئولتۇرسىلا!

ئىككىيلەن بىر بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشۇپ، ھەرقايىسى ئۆز قوللىرىدىكى كىتاپنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئىيسا ھەككارى كىتاپنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، ئەبۇ ھەسەننىڭ قولىدىكى كىتاپقا

قارايتتى. ئۇ، ئەبۇ ھەسەننىڭ كۆرۈۋېتىپ مەلۇم بەتكە كەلگەندە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە بېشىنى ئىگـ شىتىپ ئاپىردىن ئوقۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندە، شۇ بەتتە نېمە دېيىلـ گەنلىكىنى بىلىشكە ناھايىتى تەقەززا بولۇپ كەتتى. ئەبۇ ھەسەن ئاشۇ بىر ئابزاسنى كۆرۈپ بولۇپ، كىتاپنى قويۇپ قويۇپ، باشقا بىر كىتاپنى ئالدى. بۇ چاغدا ئىيسا ھەككارى ئاشۇ كىتاپنى قولىغا ئالدى ۋە ئەبۇ ھەسەننىڭ بۇنى سەزمىدى دەپ قارىدى. ئىيسا ھەككارى ھېلىقى بەتنى ئىچىپ ئەستايىدىل ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ بەتتە ھىجرىيىنىڭ 454 - يىلى تۈرك سۇلتانى تۇغرۇل بەگنىڭ ئابباسىيە خەلىپىلىرىدىن قائىم بىئەمرۇللانىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويغانلىقى ھېكايە قىلىنغان ئىدى. شۇ چاغدا، بەزى ۋەزىرلەر خەلىپىگە: «تۇغرۇل بەگنىڭ بۇ تەلەپنى قويۇشتىكى ھەقىقى مەقسىدى خەلىپىلىكنى تارتىۋېلىش» دەپ مەسلىھەت بېرىپ، خەلىپىگە ئېھتىيات قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقان. خەلىـ پىنىڭ بېشى قاتقان. كېيىن ئۇ سۇلتان تۇغرۇل بەگكە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بۇ تەلەپتىن قول ئۈزۈشىنى ئۆتۈنگەن. لېكىن تۇغرۇل بەگ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشتە چىڭ تۇرغان ۋە ئاخىر خەلىپىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن، بىراق، ئىش تەتۈر كېلىپ، شۇ يىلى تۇغرۇل بەگ ۋاپات بولغان، خەلىپىنىڭ قىزى يەنىلا پەرزەنت قالمىغان.

ئىيسا ھەككارى بۇ باپنى ناھايىتى بېرىلىپ ئوقۇدى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قارايتتى، ئۇنىڭ بۇ باپنى ئوقۇپ بولغىنىنى سەزگەندە، ئۇنىڭغا:

— تۇغرۇل بەگ قالتىس كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇر- لۇغى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن سۈرىيە ۋە ئىراق رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت قۇرغان، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ئىيسا ھەككارى، — ئۇ ھەقىقەتەن

قالتىسى كىشى ئىكەن. مۇشۇ باپنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىن ئەيلەپ قالدىم. مېنىڭچە، توغرۇل بەگلا شۇنداق شىجائەت قىلالىغان، باشقىلار شۇنداق قىلىشنى خىيال قىلسىمۇ، ئۇنىڭدەك قىلىش ھەرگىز قولىدىن كەلمىگەن بولاتتى.

ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— راست دەيلا. پەقەت توغرۇل بەگلا خەلىپىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان. ئۇنىڭ مەقسىدى كەلگۈسىدە خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئىدى، چۈنكى مەلىكىدىن بولغان ئوغۇل خەلىپىگە قانداش بولاتتى. مانا بۇنى توغرۇل بەگنىڭ خەلىپىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى زور تەدبىرى ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، خەلىپە ئۇنىڭ سۈيىقەستىنى ئاخىر قانداق مەغلۇپ قىلىپ، ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلەمدىلا؟

— تاسادىپى ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكتىن خەلىپە قۇتۇلۇپ قالغان.

— توغرۇل بەگنى تاسادىپى ئۆلگەن دەپ قارامدىلا؟ دۇنيادا مۇنداقمۇ قاملاشماي كېلىدىغان ئىش بولامدۇ؟ مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى، توغرۇل بەگنى ئۇلار زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن. بۇ، خەلىپىنىڭ ئۆز نام - ئاتىغىنى ساقلاپ قېلىش ۋە سۈيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىش يولىدىكى ئەڭ ئەپىلىك ئۇسۇلى.

— گەپلىرى ئورۇنلۇق. بىراق، خەلىپە بۇ ئىشنى قانداق بىلىپ بارغان؟

— شۇ چاغدىكى خەلىپە قائىم بىئەمرۇللا توغرۇل بەگنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نارازىلىقىنى بىلدۈرمىگەن، توغرۇل بەگنىڭ قارا نىيىتىگە پەرۋا قىلمىغان

www.uyghurkitap.com

بولۇۋالغان. لېكىن جاسارەتلىك، پاراسەتسىز، نەزەر دائىرىسى تار بۇ تۈرك ئاخىر سۈيىقەستكە ئۇچرىغان.

ئېيسا ھەككارى سالاھىددىنغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭغا دائىم چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ تۇراتتى؛ بەزى تارىخىي كىتاپلاردىكى ھېكايىلەر ۋە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەردىن تەجرىبە - ساۋاقلارنى تېپىپ، بۇلارنى سالاھىددىننىڭ پايدىلىنىپ ئۆز ئىشىغا ئەينەك قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، ئەبۇ ھەسەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سالاھىددىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ توغرۇل بەگكە ئوخشاش قىسمەتكە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. چۈنكى خەلىپىنىڭ ھەمشىرىسى مەلىكە سەيىدە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نازىنىن بولۇپ، سالاھىددىننىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئەمما خەلىپە سالاھىددىننىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى رەت قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، بەلكى... ئېيسا ھەككارى مۇشۇلارنى ئويلىدى - دە، بۈگۈنلا سالاھىددىننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى سۈيىقەستتىن دىققەت قىلىشقا ۋە ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئەبۇ ھەسەنگە تۇيۇغۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنە كىتاپ ئوقۇغان بولۇۋالدى. ئەبۇ ھەسەنمۇ ھېچنەرسىنى سەزمىگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىۋەردى، ھەر ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى بىپەرۋا قىياپەتتە تۇتتۇشتى. شۇ چاغدا، ئەبۇ ھەسەن يەنە ئېيسا ھەككارىدىن نەجمىددىن ئەييۇبنىڭ قەسىر لوئلۇدا تۇرغانلىقىغا رازى بولغان-بولمىغانلىقىغا ئوخشاش ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى سورىدى. ئېيسا ھەككارى خۇش ياقمىغان ھالدا ئۇنى - بۇنى دەپ جاۋاپ بەردى.

بىر دەمدىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىيلەن خوشلىشىپ كېتىشتى. ئەبۇ ھەسەن خېچىرىغا مىنىپ مەمنۇن ھالدا مېھمانخانىغا قاراپ كەتتى. ئۇ ئۆز ھىيلە - مىكرىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىغى بىلەن خوشال ئىدى، گويا خېچىرىنىمۇ بۇ خوشاللىغىغا شېرىك قىلغۇسى كېلەتتى. چۈنكى ئۇ، ئىيسا ھەككارىنى دەرھال سالاھىددىننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئازىد ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىسى مەلىكە سەيىيدەگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ دەپ ئىشىنەتتى، يەنە خەلىپە بىلەن ھەمشىرىسىنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت كېلىدۇ دەپمۇ ئىشىنەتتى. ئۇ، ناۋادا خەلىپە سالاھىددىننىڭ تەلىۋىنى رەت قىلسا، ئاندىن يەنە ئۇنى مەلىكىنى ماڭا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولغان دەپ ئالداپ قويسا، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك بولىدۇ - دە، ئىشىم پۈتىدۇ دەپ ئويلىدى.

* * *

مەلىكە سەيىيدە ئۆز ھوجرىسىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىگانىسى ياقۇتە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ تاش كىيىملىرىنى سېلىشىغا ياردەملەشتى ۋە ئۇنىڭ كۆرپە - چۈشەكلىرىنى ھازىرلىدى. مەلىكىنىڭ بايا خەلىپە بىلەن بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېيتقۇسى كەلدىيۇ، لېكىن ئىككىلىنىپ قالدى.

ئومۇمەن، قەسىردە پادىشا جەمەتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان غۇلام - غۇلمانلارنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىدىن گەپ - سۆز تىڭ - تىڭلايدىغان ئادىتى بار، مەلىكىنىڭ ئىنىگانىسى ياقۇتەمۇ بۇنىڭدىن خالى ئەمەس ئىدى. مەلىكە سەيىيدە قەسىردە ئاشۇ ئايالنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ئىدى. بۇ ئايال مەلىكىگە ناھايىتى كۆيۈنەتتى، مەلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىشىنەتتى، ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى يوشۇرماي ئېيتاتتى. دېمەك،

ياقۇتە مەلىكىنىڭ سىر ساندۇغى ئىدى. سىرتقا كەمدىن - كەم چىقىدىغان، ئالى نەسەپلىك مەلىكىنىڭ بۇنداق ئەھۋالى ئەقىلىغا سىغاتتى. چۈنكى مەلىكە غۇلام - غۇلمانلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاندىن باشقا ھەرقانداق يات كىشى بىلەن كەلدى - باردى قىلىشمايتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، خەلىپە مەلىكىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ پاراڭلاشقاندا، ياقۇتە ھامان پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىۋېلىپ، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىۋالاتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىيالمىغان، سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنىمۇ پەرەز قىلالمىغان ئىدى. مەلىكە كېيىمنى سالغاندىن كېيىن، ياقۇتە مەلىكىنىڭ نىمىلەرنىدۇر سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلغان ئىدى، لېكىن مەلىكە ھېچنىمىنى دىمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەندىشە ۋە قايغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

مەلىكە كېيىم يەڭگۈشلىگەندىن كېيىن، كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى ۋە ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرىنى بوشىتىۋەتتى ھەم بىر تال ئۆرۈم چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، تېز - تېز نەپەس ئېلىشقا باشلىدى، لېكىن لام - جىم دىمىدى. ياقۇتە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى - دە:

— مەلىكەم، نىمىنى ئويلاۋاتىسەن، نىمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.

مەلىكە ئىنىگانىسىغا قاراپ بىر ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ:

— چىرايىمدىكى قايغۇنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىۋاتامسەن؟ مەن بىرمۇنچە يىغلىدىم، — دىدى - دە، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاقتى. مەلىكىنىڭ شۇ قەدەر كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى كۆرگەن ياقۇتەمۇ تەڭ يىغلاپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ياقۇتە يېشىنى توختىتىپ، مەلىكىدىن:



www.uyghurkitap.com

— نېمە كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلدى؟ ماڭا ئېيتقىن، — دېدى.

— ئېيتمىساممۇ ئۆزەڭگە مەلۇم، سەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىسەن. ئاشۇ كۈردلار بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ سەۋەپتىن خەلىپە بىئارام بولماقتا. ھەددىدىن زىيادە قايغۇرغانلىقتىن مانا ئەمدى ئاغرىپ قالدى. ئويلاپ باق، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن قايغۇرماي تۇرالامدىمەن؟!

— بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ، لېكىن يىغا بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. سالامەتلىكىڭنى ئاسرىغىن، سەۋرى قىلغىن، ئىشىمىز ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ كېتەر. بىزگە ئاللا مەدەتكار.

— ياق. ئەھۋال بۇنچىلىك ئاددى ئەمەس، — دېدى مەلىكە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ھازىر بىز باشقىلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدۇق. ھېچقانداق ئىش بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولماي قالدى، چوڭ ھوقۇق كۈردلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ھەتتا بىزنىڭ قەسرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ بولۇپ قالدى، قاراۋۇللارنىمۇ ئاشۇلار تەيىنلەيدىغان بولدى. بىزنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ — مەلىكە سۆزلەۋېتىپ ئۇلۇق - كىچىك تىنىۋاتتى، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئادەمنى بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشمۇ بار تېخى، بۈگۈن شەرىپ جەلىس ئىنىم بىلەن كۆرۈشتى.

— ئۇ نېمە دەپ كەپتۇ؟ — دەپ بويىنىنى سوزۇپ سورىدى ياقۇتە.

— ئۇ، ئىنىمغا بىزنى مۇشكۇللۇكتىن قۇتقۇزالايدىغان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ كەپتۇ. ۋاھالەنكى، بۇ بالايى - ئاپەت كەلتۈرىدىغان تېخىمۇ خەتەرلىك سۇيىقەست. ئۇ ئادەم مېنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىتتىرەكچى.

— تېخىمۇ خەتەرلىك قەست دېدىڭما؟ — دېدى ياقۇتە.

www.uyghurkitap.com

— ھەئە، ناھايىتى ئېپلاس سۇيىقەست. چۈنكى قارا نىيىتى ھەددىدىن ئاشقان بۇ ئادەم ئىنىمدىن كېيىن خەلىپە بولماقچى ئىكەن، شۇڭا ئىنىمدىن بۇنى ۋەلى ئەھدىلىككە تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

ياقۇتە مەلىكىنىڭ گېپىنى تولۇق چۈشەنمەي، ئۇنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ئەبۇ ھەسەن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنىڭ قانداقلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئەگەر بىز ئەبۇ ھەسەننىڭ شەرتىگە ماقۇل دەپ، ئۇنى داۋۇتنىڭ ئورنىغا ۋەلى ئەھدى قىلساق، ھەممىمىز ئاخىر ئۇنىڭ قولىدا ئۆلىمىز دېگەن گەپ.

ياقۇتە بۇ گەپنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دېدىكى:

— مەلىكەم، بۇ ئىش بۇنچىلا جىددى ئەمەستۇ. ناۋادا ئۇ سالاھىددىننى ئۆلتۈرەلمىسە، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ سالاھىددىننى ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى خەلىپە ئالىيلىرى تېخى ناھايىتى ياش، ئاللا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي. كەلگۈسىدە قانداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

مەلىكە ئۇنىڭ گېپىگە تاقەت قىلالماي دەس ئورنىدىن قوپتى، ياقۇتەمۇ قوپتى. ئۇ مەلىكىنىڭ يەنە بىرنېمىلەرنى دېگۈسى بارلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. شۇ چاغدا مەلىكە يەنە:

— ئۇ يەنە باشقا بىر شەرتنى قويۇپتۇ، بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىش ئۆلۈمدىن تەس! — دېدى.

ئەبۇ ھەسەننىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ياقۇتە خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ مەلىكىگە ھېسداشلىق قىلىپ مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ بۇ ئادەمنى يامان كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، لېكىن تولىمۇ قايغۇرۇپ كەتمىگىن. چۈنكى ھەر ھالدا ئۇمۇ ئىسىل نەسەپلىك كىشى. ئۇ بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنى يوقىتىپ، مەملىكەتىمىزنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بوپتۇ. بۇنداق مۇھىم ئىشنى ئۈستىگە ئالغۇدەك ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم تېپىش قىيىن. ناۋادا ئۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسە، ئۇنىڭغا ۋەلى ئەھدىلىك بېرىلسە، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭغا بولغان قارىشىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مەملىكەتىمىزنى قۇتقۇزغان بىر تۆھپىكارغا ياتلىق بولۇشقا رازى بولىسەن. شۇڭا سەۋرى قىلىپ، كېيىنكى ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلمامسەن. — ياقۇتە سۆزلەپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ ئۇنى سۆيدى ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن باغرىغا باستى، كۆڭۈل - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشنى ئېيتتى.

مەلىكە تەتۈر قارىۋالدى - دە، كۆزلىرى پەردىگە تىكىلدى، پەردىدە بېسىلغان ئەرەپچە گۈللەر بار ئىدى. لېكىن مەلىكە راستتىن بۇ گۈللەرگە قاراۋاتمايتتى، ئۇ ئىنتايىن ئازاپلانغان ۋە غەزەپلەنگەن ئىدى.

ياقۇتە ئۇنىڭ ئۈن - تىنسىز تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى بايىقى گەپلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىدۇ دەپ قارىدى - دە، بىلەگىنى مەلىكىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ مۇنداق دېدى:

— مەلىكەم، تېرىكمەي، ئاۋال ئوبدان ئويلانغىن، ھەرقانداق ئىشتا يىراقنى كۆزلەش كېرەك. ھازىر بىزگە ئۇنىڭدەك خىزمەت قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايمىز، شۇڭا ئۇنى ئۇنچىۋالا يامان كۆرمىسەڭمۇ بولىدۇ...

— ئۇنى ئۇنچىۋالا يامان كۆرمە دەمسەن؟ — دېدى مەلىكە تەرىنى تۈرگەن ھالدا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ھەئە. ئۇنچىۋالا يامان كۆرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى يامان كۆرۈش ئۈچۈن بىرەر سەۋەپ بولۇش كېرەك - تە.

— بۇ مۇناپىقنى كۆرسەم تىت - تىت بولۇپ كېتىمەن، قورقىمەن. ئۇنىڭ لەنەتى كۆزلىرى خۇددى دوزاقنىڭ رۇجەك-لىرىگە ئوخشايدۇ، گويا ئۇلاردىن پىر ئويناۋاتقان بىر توپ جىننى كۆرگەندەك بولىمەن، ئۇلارغا نەپرەتلىنىپ پۈتۈن بەدىنىم تىتى-رەپ كېتىدۇ.

ياقۇتە ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە قوشۇلمىغان هالدا بېشىنى چايقاپ:

— قىزىق گەپ، سەن ئۇنى نېمىشقا شۇنچە يامان دەپ قارايسەن، مەن ئۇنداق قارىمايمەن! — دېدى.

— سەن ئۇ ئادەمنى چۈشەنمەيسەن، ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلگە-نىڭ بىلەن يۈرىكىنى بىلمەيسەن. مەن ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن.

— مەلىكەم، ئولتۇرغىن. ئەگەر ئىجازەت قىلساڭ، ئانا ئۆز قىزىغا يۈرەك سۆزىنى ئېيتقاندەك، مەنمۇ ساڭا بىرنەچچە ئېغىز يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتاي.

مەلىكە ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا قارىدى. ياقۇتە مۇنداق دېدى:

— مەلىكەم، سەن تېخى ياش، تازا پورەكلىگەن گۈلدەك، ئالتۇن دەۋرىڭ. ئاللا ساڭا هۆسۈن - جامال ۋە ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان، شۇڭا سەن ياتلىق بولۇشۇڭ كېرەك. هازىر هەرقانچە مۇۋاپىق لايىقمۇ ئېسىل نەسەپلىك ئەبۇ هەسەن-گە يەتمەيدۇ.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە تەرىنى تۈرۈپ:

— بولدى قوي بۇ گېپىڭنى! مېنىڭ ياتلىق بولغۇم يوق. ئەگەر مېنى ياتلىق بولمىساڭ بولمايدۇ دىسەڭلار، مەن نەسەپ سۈرۈشتۈرمەيمەن، — دەپ ئۆزۈن ئۇھ تارتتى، بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، قورۇنۇپ كەتتى ۋە مەقسەتلىك هالدا ئىنىڭانىسىنىڭ كۆزىدىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ياقۇتە مەلىكىنىڭ ئەپتى - چىرايىدىكى بۇ كىچىككىنە ئۆزگىرىشتىن ئەجەپلىنىپ، مەلىكىنىڭ



www.uyghurkitap.com

بىر كىمگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى-دە، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— سېنىڭ دەردىڭنى چۈشەندىم، كۆڭلۈڭدە بىرەر كىشى بارمۇ؟ — دىدى.

مەلىكە چۆچۈپ، ئۇنىڭ باغرىدىن ئۆزىنى تارتتى ۋە هاڭۋېقىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى-دە، ئۇنچىقمىدى.

ياقۇتە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— رەنجىتىپ قويغان بولسام، ئەپۇ قىلغىن! مەن سېنى رەنجىتىشنى خالىمايمەن. راستىنى ئېيتسام، مەن سېنىڭ ياتلىق بولۇشۇڭنى چىن كۆڭلۈمدىن خالىمايمەن، چۈنكى مېنىڭ سەندىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. خەلىپىدىن قالسا، مەن سېنى هەرقانداق ئادەمنىڭ مەندىن تارتىپ كېتىشىنى خالىمايمەن. لېكىن قىز بالا هامان ياتلىق بولىدۇ. راستىنى دىسەم، كۆزۈڭدىن سېزىپ قالدىم، بىرسىگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغاندەك تۇرىسەن.

مەلىكە تېخىمۇ ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى.

— خىجىل بولماي دەۋەرگىن، كىمگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدى؟

— ئىنىگانا، ئوبدانراق ئويلىنىپ ئاندىن دەي، چۈنكى ئۆزەممۇ ئىككىلىنىپ تۇرىمەن.

مەلىكە بۇ گەپنى قىلغاندا، مادارىدىن كەتكەندەك، ئۇيقۇسى كەلگەندەك بولدى. ياقۇتە ئۇنىڭغا تۆشەك سېلىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭ روهىي هالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى كۈزىتىپ چەتتە جىمجىت قاراپ تۇردى.

يۇقۇرقى سۆهبەتلەردىن مەلىكىنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى ۋە بېشى قاتتى. ئۇ، ئىنىگانىسىنىڭ بىر ئىشنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۈرۈشتۈرىدىغان ئادىتىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى ئەركىن-ئازادە تۇتالماي قورۇنۇپ كەتتى-دە، ئۆرە بولۇپ، ياقۇتەنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ زىددىيەت ئىچىدە قالغانلىقىنى

بايقىغان ياقۇتە ئىڭىشىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ:

— جېنىم مەلىكەم، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دېدى.

— مەسخىرە قىلىشىڭدىن قورقىمەن! — دېدى مەلىكە دۇدۇقلاپ.

— ۋاي ئاللا، مەن سېنى قاچان مەسخىرە قىلىپ باققان! مەن سېنى ھەرگىز مەسخىرە قىلمايمەن، مەسخىرە قىلىشقىمۇ ھەققىم يوق.

— سېنىڭ خىيالىڭغا كەلمەيدىغان بىر كىشىگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىنىم بىلىپ قالسا، چوقۇم مېنى ئۆلىشىپ قاپتۇ دەيدۇ، — مەلىكە خىجىل بولغان ھالدا سۆزلەۋېتىپ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

ياقۇتە مەلىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ مەلىكىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمىدى، لېكىن ئۇنىڭ يەنىمۇ كۆپرەك بىلگۈسى كېلىپ، مەلىكىگە:

— مەلىكەم، گېپىڭنى ئوبدان ئۇقالمىدىم. كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان كىشى كىم؟ مېنىڭچە، ئۇ قالتىس كىشىغۇ دەيمەن! — دېدى.

— مەن ئۇنى تونۇغاندەك، سەنمۇ ئۇنى ئوبدان تونۇيسەن. ئۇ ئالى پەزىلەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى. ئۇ مۇشۇ ئۆيدە مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن مىنىڭ ئىپپەت - نومۇسۇم خورلۇقتىن ساقلىنىپ قالغان. ئۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا دەمەشىق سۇلتانىغا ياردەم تىلەپ ئەۋەتىلگەن بىر تۇتام چېچىمنىمۇ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.

— سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ ھىلىقى كۇرد يىگىتمۇ؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ياقۇتە چۆچۈپ.

— ھەئە، شۇ، — دېدى مەلىكە مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — ئۇ ئالىجاناب ۋە غەيرەتلىك يىگىت. — مەلىكە مۇشۇلارنى دې-



www.uyghurkitap.com

گەندە، كۆزلىرى خوشاللىقتىن جىلۋىلىنىپ كەتتى.

ياقۇتە تەبەسسۇم بىلەن يېقىن كېلىپ، گويا ئۇنىڭ خوشاللىقىغا شېرىك بولىدىغاندەك قىياپەتتە:

— مۇددىئايىڭنى ئەمدى چۈشەندىم، بۇ يىگىتنى راست تونۇيمەن. ئاشۇ كۈنكى ئىش زادى ئېسىمدىن كەتمەيدۇ، — دىدى.

— ئۇنىڭ ئېتىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

— ھەئە، بىلىمەن، — دىدى ياقۇتە بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ، — لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىز سالاھىددىننىڭ ئادىمى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىغىنى بىلەمسەن؟

— ئۇنىڭ سالاھىددىن بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىغىنى بىلمەيمەن.

— ئۇ سالاھىددىننىڭ يېقىن مەھرىمى، ئىككىسى بىر بىرىدىن سايىدەك ئايرىلىشمايدۇ.

مەلىكە پىسىڭىدە كۈلۈپ دىدى:

— دىمەك ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا سادىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجايىنىنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولغان ناھايىتى ئالىجاناپ كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئېتى نىمە؟

— ئېتى ئىمادىددىن. سالاھىددىن خەلىپە ئالىلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولغان چاغلاردا، ئۇنىڭ قەسىر زەھەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سالاھىددىننى كۈتۈپ تۇرغانلىغىنى كۆپ كۆرگەنمەن. سەن قەسىر راۋىغىدىن ئۇنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

— ئۇنىڭ ئۇستازىمىز باھائىددىن قاراقۇش بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن. ئۇ، پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئويان - بويانغا ياكى يۇقۇرى - تۆۋەنگە قارىمايتتى، شۇڭا، مەن بار راۋاقتا، گويا بۇ يەردە كىم بارلىغىنى بىلمەيدىغاندەك، مەن تەرەپكە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەلۇم ئىلھام - مەدەت ئالارمەن دەپ، ئۇنىڭ مەن تۇرغان راۋاققا بىر قارىشىنى ئۈمىت

قالغان ئىدىم. لېكىن ئۇنداق قىلماي، ھامان سىپايە، تەمكىن تۇرىۋەردى. ئىنىگانا، مەن ئۆزەمنىڭ ئىشىق مەجنۇنلۇغىمدىن ئىزا تارتىپ ئىغىز ئاچالماي كەلدىم. ۋاھالەنكى، مەن ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن مۇنداق سۇكۇت قىلىشىدىن پارلاق بەختىمنى كۆردۈم.

— جېنىم مەلىكەم، سالاھىددىننىڭ مەھرىمىگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغىنى قانداق بولغىنى؟ بۇ غەلىتە ئىشقۇ! بىزنىڭ بۇ چوڭ قەسرىمىزدە سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ قۇيرۇغىدا بىر قاراپ قويۇشۇڭغا ئىنتىزار يىگىتلەر نۇرغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىگىتلەر ئارىسىدا ئىمادىددىندىنمۇ ئېسىل نەسەپلىك يىگىتلەر تولا تۇرسا، ئۆتۈپ - تېشىپ ئاشۇنىڭغا كۆيۈپ قالغىنىڭنى قارا!

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى مەلىكە، — نىمىشقا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغىنىمغا ئۆزەممۇ ھەيرانمەن. لېكىن مەن ئۇنىڭغا راست كۆيۈپ قالدىم. ھىلىمۇ ئېسىمدە، ئاشۇ كۈنى ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرغاندا، ئۇنىڭغا خەۋپسىرەپ قارىغىنىمدا ئۇ مەندىنمۇ بەكرەك ئۇيالدى. لېكىن ئۇ مېنى ئىككى ناكەستىن قۇتۇلدۇرۇشتا قەيسەرلىك، باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، مېنى گويا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك قۇتقۇزۇۋالدى. — مەلىكە بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى.

— دىمەك، سەن ئىمادىددىننى راست ياخشى كۆرىدىكەنسەن - ھە؟ — دېدى ياقۇتە.

مەلىكىنىڭ ھارغىن كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، لېكىن ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئىزا تارتقان ھالدا: «ھەئە» دېدى - دە، خىجىل بولۇپ يوتقىنىنى تارتىپ ئېلىپلا يۈزىنى توسىۋالدى.

ياقۇتە مەلىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسىرى ھەيران بولاتتى. ئۇ يوتقاننى مەلىكىنىڭ يۈزىدىن تارتىپ ئېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— مەلىكەم، ئىمادىددىن ھەقىقەتەن ئاز تېپىلىدىغان ياخشى يىگىت. ئەپسۇسكى، ئۇ ئالى نەسەپلىك مۇئىزلىدىنىللا سەئىدى-

www.uyghurkitap.com

مىزنىڭ ئەۋلادىدىن ئەمەس - تە، — دېدى.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى ئوينايتتى. ئۇ ياقۇتەدىن نارازى بولغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— مۇئىزلىدىنلا ئەۋلادىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق ئىمادىددىندا كەم ئەمەس. ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ دادىل چىقىپ مېنى قۇتقۇزغانلىقى ۋە مېنىڭ چېچىمنى ئۆزەمگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئالىجاناپ يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ماڭا ئۇنىڭ دۇشۇ يېرى ياردى، ئۇنىڭ قانداق نەسەپتىن ئىكەنلىكى مەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس، — مەلىكە بىردەم جىم بولۇپ قالدى ۋە كۆزىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاشۇ كۈنى مېنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان ھىلىقى ئىككى ئەبلەخ ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ ئىككى نىجىسنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ساڭا دەپ بەرسەم، ئۇ، ماڭا ئۆيلەنمەكچى بولغان ئاشۇ ئېسىل زادىنىڭ دەل ئۆزى. سەن مېنى ئېپقاچماقچى بولغان ئاشۇ سۇيىقەستچىگە ياتلىق قىلماقچىمۇ؟ — مەلىكە ھۆمىدەپ كەتتى ۋە گېپىنى يەنە داۋام قىلدى، — شۇ ئىككى ئەخلاقسىز ئەبلەخنىڭ بىرسى ئەبۇ ھەسەن، يەنە بىرسى ئۇنىڭ قولچومىغى. لېكىن ئۇنى ئانچە تونۇيالمىدىم. ئەبۇ ھەسەننىڭ تەلۋى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، توپىلاڭدا توغاچ موغرىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مېنى بۇلاپ كەتمەكچى بولغان، — مەلىكە توختىماي شۇنىچىلا جىق گەپ قىلغىنىدىن سەل پۇشايمان قىلىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى - دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

ياقۇتە شۇ ئەبلەخنىڭ ئەبۇ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— مەلىكەم، بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ئەبۇ ھەسەن بىلەن

ئۇنىڭ قولچومىغى ئېكەنلىكىنى جەزم قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى ئەنسىرەپ.

— ياق. جەزملەشتۈرەلمەيمەن، بۇ مېنىڭ پەرىزىم. بىراق، نىمە دىسەڭ مەيلى، مەن ئىمادىددىنىنى كۆرگەندىن بۇيان ئۇنىڭغا قاتتىق بەنت بولۇپ قالدىم. ئەسلىدە مەن ئۇنى خەلىپە ئالـرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئاشۇ ئەبلەخلەرنىڭ مېنى ئېپقاچماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئىنئام تەلەپ قىلارمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالىجاناپلىغى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى يەنىمۇ ئۆستى، ئۇنى ھۆرمەتلەشتىن بارا - بارا ياخشى كۆرۈشكە بېرىپ يەتتىم ...، — مەلىكە سۆزلەۋېتىپ ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن ئۇنىڭدا ماڭا مۇھەببەت بارمۇ، يوقمۇ، بىلمەيمەن، — مەلىكە ئۆز ھېسسىياتىنى باسالماي، ئاخىر بوغۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدى.

ياقۇتە مۇلايىملىق بىلەن تەسەللى بەردى. ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ مۇنداق دىدى:

— مەلىكەم، ئۆزەڭنى بېسىۋال! ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتمە، سەن ئۇنى تېخى بىرنەچچە قېتىملا كۆردۈڭ، ئۇنى تازا چۈشىنىپ كەتمىدىڭ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسى بولسا، ئۇ چاغدا سېنىڭ ھالىڭ نىچۈك بولىدۇ؟ شۇڭا، ھازىرچە سەۋرى قىلىپ تۇرغىنىڭ تۈزۈك. كېيىنچە بىر گەپ بولىدۇ.

مەلىكە بۇ گەپنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى - دە، ھېسسىياتىنى بېسىپ، يۈرىگىنى پەسكويغا چۈشۈرۈشكە تىرىشتى. لېكىن، ئىمادىددىنغا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنى يىغىۋېلىشقا يول قويمايتتى. ئىشىق - مۇھەببەت ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئازاپلىماقتا ئىدى.

مانا بۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئارىلىقتا مەلىكىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەركەت ئىدى، ئۆزىنى بىسىۋالغاندىن كېيىنكى ئەقلى ـ ئىدرىكى شۇ تاپتا ئۇنى تولىمۇ ئېشىپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇلارغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇ گاڭگىراپ قالغان ئىنىگانىسىغا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويۇپ مۇنداق دىدى:

— ئىنىگانا، ئېيتقانلىرىڭ توغرا، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ياق، ئىشەنمەيمەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسى بولسىمۇ كارىم يوق. ماڭا بىر يول كۆرسەتكىن.

ياقۇتە نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى دەمال بىلەلمەي قالدى. جىق گەپ بولۇندى، بۈگۈن كەچتە شۇنچە كۆپ ئاجايىپ ئىشلارنى ئاڭلىدى، مەلىكىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانداق خىزمەت قىلىش ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىۋېلىشى كېرەك ـ تە. ئۇ مەلىكىنىڭ ئىككى قولىغا سۆيۈپ قويۇپ مۇنداق دىدى:

— مەلىكە ئالىلىرى، ئۆزەڭنى بىسىۋالغىن، خىزمىتىڭ ئۈچۈن پارلىق كۈچۈمنى ئايىمايمەن. خاتىرجەم بولغىن! بەك چارچاپ كەتتىڭ، تۆشەككە چىقىپ ياتقىن. بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇر، مەن بىر ئامال قىلىمەن، ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. خەلىپە ئالىلىرىنىڭ سىنى سەن ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىگە ياتلىق قىلىشىغا ئاللا يول قويمايدۇ. مەن ئامال قىلىپ ئىمادىددىننى ساڭا كۆرسىتىمەن. ئۇخلىغىن، مەن چىقىپ كېتەي. بۈگۈن كېچە سەن ئۈچۈن باش قاتۇرىمەن، لېكىن مىنىڭ گېپىمگە كىرىشىڭ كېرەك. ئوبدان ئۇخلىغىن! — ئىنىگانا چاخچاق قىلىپ يەنە مۇنداق دىدى: — ھىلىقى ئامراق يىگىتىڭنى كۆرۈش ئىشىنى مەن ھۆددە ئالىمەن.

مەلىكە خوش بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئىنىگانىسىنىڭ ماقۇل-

لۇغىنى ئېلىش ۋە ياردىمىگە ئېگە بولۇش ئۇنىڭ ناھايىتى زور ئۈمىدى ئىدى، ئۇ ياردەم قىلسا، ھەممە ئىش ئەپلىشىپ كېتەتتى. شۇڭا مەلىكە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن يېتىپ ئارام ئالدى. ئۇنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرگەن ياقۇتەمۇ ئەمىن تېپىپ ئۆز ھوجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

ياقۇتە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە سەيىدە تۆشەككە چىقىپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن پىكرى چېچىلىپ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، مۇھەببەت ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىينىماقتا ئىدى. ئۇ ئويلىنا، ئويلىنا، تاكى مادارىدىن كەتكەندىلا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇ سەھراسىغا كىرىپ كەتتى.

مەلىكە ئەتىسى سەھەردە، تېخى تاڭ يورۇماستىلا چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ خەلىپە ئىنىسىنىڭ كېسىلىدىن ئەندىشە قىلىپ چۈش كۆرگەن ئىدى. كۆڭلى پەرىشان بولغاچقا، قايتا ئۇخلىيالمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى، گۈللۈك تاۋار يېپىنچىسىنى يېپىنىپ، ھوجرىدىن چىقتى، دالان ئارقىلىق، خەلىپىنىڭ مەسچىتى كۆرۈنىدىغان پېشايۋانغا كەلدى. سالقىن شامالدا مېڭىسى خېلى سەگىپ قالدى. غۇۋا چىراق يورۇقىدا، ئىنىسىنىڭ بامدات نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىندى.

مەلىكە ھوجرىسىغا قايتىپ كىرگەندە، ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرغان ياقۇتە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېيىملىرىنى كىيگۈزدى ۋە ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ ھازىر خەلىپىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەۋاتقىنىنى بىلگەن ياقۇتە ئۇنىڭغا:

— خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىمەڭگىن، چوقۇم ئوڭلىنىپ قالىدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى.

# ٧

— خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ مەسچىتكە ناماز بامداتقا كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆپ ئەمىن تاپتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى يوقلاپ كەلگۈم بار.

— كەچتە قەسىر زەھەپتىن قايتقاندا كۆرۈشىسەن. ھازىر ناشتا قىلىۋالغىن.

مەلىكە سەييىدە ياقۇتە بىلەن ناشتا قىلىۋاتقاندا، ياقۇتەنىڭ ئىمادىدىن ھەققىدە ئۆزلۈگىدىن گەپ ئېچىشىنى ئۈمىت قىلاتتى، لېكىن ياقۇتە، تۈنۈگۈن ئاخشامقى سۆھبەتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مەلىكە سەييىدە بۇ ئىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا ئوڭايسىزلىناتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى لام-جىم دېيىشمەي غىزا يېيىشتى. ناشتىدىن كېيىن، مەلىكە سەييىدە بىرمۇنچە ۋاقىتنى خاراموش ئۆتكۈزدى. چوش مەزگىلىدە ئۇ ناھايىتى چارچىدى - دە، كېيىملىرى بىلەنلا كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كەيپىياتىنىڭ ياخشى، ھاردۇقى چىققانلىقىنى ھىس قىلدى ۋە تۈنۈگۈن ھېچ ئىشنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانلىقىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى چۈشەندى. چۈنكى ئادەمنىڭ نېرۋىلىرى چارچىغاندا كىشىدە پەرىشانلىق كۆچىيىدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولغاندا، ھەممىشە دىگۇدەك بىرەر ئىش كىشىگە قاراڭغۇ جاڭگال كۆرۈنىدۇ.

مەلىكە سەييىدە روھلۇق قوپتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۇ چاۋاك چېلىپ ئىنىگانىسى ياقۇتەنى چاقىردى. ياقۇتە لەببەي دىدى، لېكىن شۇ زامات كىرمەي، بىر ھازادىن كېيىن كىردى. مەلىكە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنى قانداقتۇ بىرەر خەۋەر ئېلىپ كىردى دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە يۈرىگى سېلىپ كەتتى، ياقۇتەنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭدىن نىمە ئىش بولغانلىقىنى تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— قۇتلۇق بولسۇن مەلىكەم، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، مەن بىلەن يۈرگىن! — دېدى ياقۇتە.

سەيپىدە گاڭگىرىغان هالدا ئۇنىڭغا قاراپ:

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى.

— جاۋاهىرات غەزىنىسىگە.

— جاۋاهىرات غەزىنىسى بۇلاپ كېتىلگەن تۇرسا، ئۇ يەردە جەۋهەر نىمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدى سەيپىدە ئاچچىقلاپ.

— نۇرغۇن جەۋهەرنى قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىرمۇنچە قاپتىكەن، — دېدى ياقۇتە، — مەن سېنى ئۇ يەرگە جەۋهەر ئالغىلى بارغىن دېگىنىم يوق، خەلىپە ئالىلىرى سېنى ئاشۇ يەرگە كەلسۇن دېگەن. ئۇ يەردە نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. مېنىڭچە، بىرەر ياخشىلىق بار!

— ئىنىم كەلسۇن دېدىمۇ؟

— هەئە، هازىرلا ماڭايلى. كېيىم يەڭگۈشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ: چۈنكى جەۋهەر غەزىنىسىگە بارىدىغان يولدا هېچكىم ئۇچرىمايدۇ.

مەلىكە سەيپىدە ياقۇتەنىڭ سەممىي ئەپتى - هالىنى كۆرۈپ، گۇمانلانمىدى - دە، هاۋارەڭ، سىپتە رومىلىنى ئارتىپ، خەلىپە يېنىغا بېرىشقا تەييارلاندى، لېكىن ئىنىسىنىڭ نىمىشقا كۈپ - كۈندۈزدە چاقىرتقانلىقى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى.

ئىككىيلەن قەسىرنىڭ سادىن چىقىپ، ئادەمسىز ئۇزۇن دەهلىز ئارقىلىق بىردەمدىلا جاۋاهىرات غەزىنىسىگە كەلدى. مەلىكە بۇ يەرگە كەلمىگىنىگە بىرنەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر هىلىمۇ غۇۋا هالدا ئېسىدە بار ئىدى: بۇ جاۋاهىرات غەزىنىسىدە بىرنەچچە ئېگىز ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆيلەرگە ئىشكاپ ۋە جازىلار قويۇلغان، يەرگە گىلەملەر سېلىنغان، ئۈستىگە دېۋانلار قويۇلغان ئىدى. مەلىكە بۇ جاۋاهىرات غەزىنىسىدە ئۇز زامانىسىدا نۇرغۇنلىغان جەۋهەر، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بولغانلىقىنى،

بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بوۋىسى خەلىپە مۇستەنسىر بىللا ئەبۇتەمىم ① ئۇرۇشتا پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغاندا، بۇ غەزىنىنىڭمۇ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان. شۇڭا مەلىكە سەيىدە بۇ يەرگە قانداقتۇ بىباھا جەۋھەرلەرنى تاماشا قىلىش ھەۋىسى بىلەن كەلگەن ئەمەس ئىدى.

مەلىكە سەيىدە بىلەن ياقۇتە غەزىنە دەرۋازىسىغا كەلگەندە، دەرۋازىۋەن سەيىدەنىلا كىرگۈزدى، ياقۇتە كىرمەي نېراق كەتتى.

مەلىكە سەيىدە كىرگەندىن كېيىن ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ئىنىسى غەزىنىنىڭ كەڭ ئايۋىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىنى سېلىپ خىيالغا چۆمگەن ھالدا قولىدىكى تەسۋىينى سىرىپ ئولتۇراتتى.

دەرۋازىۋەن مەلىكىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندىلا، خەلىپە بېشىنى كۆتىرىپ مەلىكىگە خۇش خۇي سالام قىلدى، سەيىدە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالامەتلىكىنى سورىدى.

— ئىنشائاللا، سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى، — دىدى خەلىپە ئازىد، — سىنىڭ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

— خۇداغا شۈكرى، مەنمۇ ياخشى تۇردۇم. سىنى خۇدايىم مەڭگۇ ئامان - ئېسەن قىلسۇن، — دىدى مەلىكە ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ نىمىشقا چاقىرتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، لېكىن دەرھال سورىمىدى. ئاندىن گۈل چېكىلگەن كۆرپىلىك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ دىدى:

— بۇ يەرگە كەلمىگىنىمگە ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى. مۇشۇ ئۆيگە ئاخىرقى قېتىم كىرگەن ۋاقتىمدا تېخى كىچىككىنە بالا ئىدىم، شۇڭا بۇ يەردە نىمىلەر بارلىقىنى بىلمەيمەن.

— نىمىلەر بارلىقىنى بىلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دىدى خەلىپە

---

① فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ 8 - خەلىپىسى (1035 — 1094). — تەرجىمان.

ئازىد ۋە مەلىكىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆزى مۇنداق دېدى: — بوۋىمىز مۇستەنسىر بىللا تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە تاغدەك دۆۋىلىنىپ جۇلاداپ تۇرغان جاۋاھىر، ئۈنچە - مەرۋايىتلار كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن، كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدىكەنمىش. ماۋۇ ساندۇقنى كۆرۈپ باقىن.

مەلىكە سەيىدە يەردە تۇرغان ساندۇققا قارىدى، بۇ ساندۇق ناھايىتى نەپىس - چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل گۈل ۋە سۈرەتلەر نەقىشلەنگەن ئىدى. مەلىكە ئىنىم مېنى بۇ ساندۇقنى تاماشا قىلسۇن دەۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ:

— ئەجەپ چىرايلىق ساندۇق ئىكەن! — دەپ ماختىدى.

— مەن سېنى ساندۇقنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرسۇن دەۋاتمايمەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىممەت باھالىق جاۋاھىرلارنى كۆرگىن دەۋاتىمەن، — دېدى خەلىپە ئازىد ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، يەنە مۇنداق دېدى: — بۇ ساندۇقتىكى دەپىنە - دۇنيانى سەل چاغلىما. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار مۇشۇ ساندۇقتىن يەتتە ئەمداد① جاۋاھىرنى ئېلىپ ساتقان ئىكەن. ئۈچ يۈز مىڭ دىنارغا يارىتۇ، خەقلەر تالىشىپ ئاپتىكەن تېخى!

— راست، ئاجايىپ ئىش بوپتىكەن! — دېدى سەيىدە تەئەججۇپلىنىپ.

— ئەگەر جاۋاھىر غەزىنىسىدىكى جاۋاھىر، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بىر - بىرلەپ ساناشقا توغرا كەلسە، كەم دېگەندە بىرنەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، — خەلىپە ئازىد ناھايىتى روھلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىرنەچچىلا مىسال كۆرسىتەي:

① ئەمداد — ئېغىرلىق مىقدار سۆزى بولۇپ، بىر ئەمداد 18 كىلو، يەنى 36 جىڭغا تەڭ.

بىر تىزىق جاۋاھىر بولۇپ، ئۇ ئەملىيەتتە 80 مىڭ دىنارغا
يارايدىكەن، لېكىن شۇ چاغدا ئاران 2 مىڭ دىنارغا سېتىۋېتىلـ
گەن؛ يەنە ئاتا - بوۋىمىز ھەددى - ھېساپسىز ئالتۇن، كۈمۈش
ئۈزۈكلەر ئىچىدىن 1 مىڭ 2 يۈز دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى تاللاپ چىققان،
بۇ ئۈزۈكلەرگە بىـر بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ياقۇتـلاردىن كۆز
قويۇلـغان. ئۇلاردىـن ئۈچىنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچتىن: يېشىل،
بىنەپشە، قىزىل ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان، مۇشۇنداق قىممەتلىك
ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئاران 12 مىڭ دىنارغا سېتىۋېتىلـگەن. شۇنى
بىلىپ قويغىنكى، ئۇلار بۇ يەردىن جاۋاھىر، ئۈنچە - مەرۋايىتلار-
نى بىر تالدىن، بىر پارچىدىن ساناپ ئەمەس، بەلكى ۋىبە①
بويىچە، چارەكلەپ، كۈرىلەپ ھېساپلاپ ئالغان. بىر ۋىبە جاۋا-
ھىرنى دەسلەپ ئاران 7 مىڭ دىنارغا سېتىۋالغان ئىكەن،
ئەملىيەتتە ئۇ 20 مىڭ دىنارغا يارايدىكەن؛ قۇيما قىلىپ
ياسالغان بىر ئالتۇن توز بولۇپ، ھەممە يېرىگە رەڭمۇ - رەڭ
جاۋاھىر، ياقۇت قويۇلغان، ئىككى كۆزىگە قىزىل ياقۇت قويۇلغان،
پەرلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ياسالغان ۋە راست توزنىڭ پەرلە-
رىدەك بويالغان. بۇلاردىن باشقا، ھەرقايسى سۇلالىلەردىن قالغان
ۋە ئاتا-باسلاردىن ئۈتكۈزۈۋېلىنغان ھەر خىل ئۈنچە - مەرۋايىت-
لارنىڭ ھەددى - ھېساۋى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر شاخمات
بولۇپ، ئۇ قىممەتلىك ياقۇت، ئالتۇن، كۈمۈش، پىل چىشىدىن
ياسالغان. ھەي ئىست! مۇشۇنداق ئاجايىپ ئېسىل دەپى -
دۇنيالار بوۋىمىز مۇستەنسىر قازاغا ئۇچرىغان چاغدا بۇلاپ
كېتىلگەن. ھازىر ئۇنىڭ ھەسرىتىنى چېكىش پايدىسىز.

مەلىكە سەيىدە ئىنىسى خەلىپىنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلار
ھەققىدە قىلغان قىزىق پاركىنغا ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى

① ۋىبە — مىسىرنىڭ مقدار بىرلىگى بولۇپ، بىر ۋىبە 9.23
كىلوگىرامغا تەڭ.

چەككەن ھەسرەت ـ نادامەتكە ئانچە قىزىقمىدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۈگۈن نىمىشقا چاقىرتقانلىغىنى بىلگۈسى كېلەتتى. شۇڭا مەيۈس ھالدا:

— ئۇكام، بۇ بەختسىزلىك ئۆتۈپ كەتكەن ئىش، ئەمدى ئۇ گەپنى قويغىن، — دىدى.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق. لېكىن خاتىرجەم بولغىنكى، ئۇ قاراقچىلار بىزنىڭ ھەممە دەپى ـ دۇنيايىمىزنى بۇلاپ كېتەلمىگەن. شۇ قېتىمقى بۇلاڭ ـ تالاڭ جەريانىدا، بىزنىڭ بەزى سادىق تۇققانلىرىمىز ئامال قىلىپ بىر قىسىم دەپى ـ دۇنيالىرىمىزنى سۇقۇپ قويغان ۋە ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن، — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ بۇرۇلۇپلا، كىشىنىڭ ئانچە دىققىتى چۈشمەيدىغان بىر قازاناقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يانچۇقىدىن بىر تال ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن قازاناقتىن بىر قۇتىنى ئېلىپ چىقتى ـ دە، سەيىيدەنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە ئىچىدىن كىشىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان جاۋاھىر زۇننارنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. سەيىيدە ئۇنى ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قارىدى.

— بوينۇڭغا ئېسىپ باققىنا، — دىدى خەلپە ئازىد. سەيىيدە بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، زۇننارنى تاماشا قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى قۇتىغا سېلىپ، قۇتىنى خەلپىگە بەردى. خەلپە زۇننارنى يەنە چىقىرىپ، ئۇنى سەيىيدەنىڭ بوينىغا ئېسىۋېتىپ، مېھرىۋانلىق بىلەن:

— بۇ سېنىڭكى، — دىدى.

مەلىكە سەيىيدە زۇننارنى بوينىدىن ئېلىپ يەنە قۇتىغا سېلىپ قويدى. خەلپە ئۇنىماي:

— نىمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ مە، ئالغىن! بۇ زۇننارنى ئېسىش سەندىن باشقا كىشىگە مۇناسىپ ئەمەس، — دىدى.

ئاندىن قۇتىدىن يەنە زۇمرەت، ياقۇت كۆزلەر قويۇلغان بىر تال



www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۇنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويىدى. ئىش خەلىپىنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقتى، ئۇنىڭ سوغا - ئىنئاملىرى سەيپىدەدە قىزىقىش ۋە تەھسىن - ئاپىرىن قوزغاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى يىرگەندۈردى. خەلىپە ئۇنىڭغا:

— ئەجەپلەنمە. بۇ غەزنىدە مەندىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدىغان يەنە نۇرغۇن دەپىي - دۇنيا بار. بۇلارمۇ يەنە ئۆتمۈشتىكىدەك يوقىلىپ كەتمىسۇن، ھەممىنى ساڭا بېرىۋېتەي، — دىدى.

سەيپىدە گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سېزىپ:

— ئۇكام، نىمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ ئۇنداق قىلىشىڭدىن خۇدا ساقلىسۇن. بۇ غەزنىدىكى ھەممە دەپىي - دۇنيا سېنىڭ ۋە بالا - چاقاڭنىڭ نېسىۋىسى، — دىدى - دە، ئۈنى بوغۇلدى، لېكىن گەپنىڭ ھەممىسىنى دەۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى، ئىنىسىنىڭ كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، گەپىنى يۇتۇۋەتتى. خەلىپە ئازىد غەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— سەن بۇ دەپىي - دۇنيانىڭ مەڭگۈ بىزگە تەئەللۇق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدىكەنسەن - دە! — دىدى ھەسرەتلىك ئاھاڭدا.

خەلىپە ئازىدنىڭ گېپىنى تۈگىتىشىگىلا، مەلىكە سەيپىدە ئۇنىڭ ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۇنى ئۆز نىكايىغا ئېلىش توغرىسىدىكى ئىشنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى شۇئان چۈشەندى - دە، يۈرىگى ھەرە چاققاندەك چىممىدە قىلدى. ئىنىسىنىڭ ئەيپلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە خاپا بولدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ تەلىۋىگە زادىلا ماقۇل دىيەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئەبۇ ھەسەننى ئۆز ۋەدىسىگە ھەقىقى رەۋىشتە ئەمەل قىلمايدۇ دەپ قارايتتى، لېكىن ھازىر تېخى ئۆزىنى ئاقلاش ۋاقتى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئىنىسى بىلەن تاكاللىشىشنى ئەپ كۆرمەي مۇنداق دىدى:

— ئۇكام، سەن مېنى رايىم يوق ئىشقا زورلاۋاتىسەن. بىلىپ قويغىنكى، مەن ئۆمرۈم بويى ياتلىق بولماسلىققا قەسەم

ئۈچكەن. ناۋادا ھېلىقى ئادەم قىلمەن دىگەن ئىشنى قىلماقچى بولسا، قىلۋەرسۇن، ئاخىرىدا قانداق بولىدۇ، قاراپ بېقىپ ئاندىن بىرنىمە دەيلى.

خەلىپە ئازىد ئۇنىڭ گېپىدە بىرئاز يۇمشاش بارلىقىنى سەزدى - دە، ئۇنى رايىدىن قايتتى دەپ قاراپ، ھاپىلا - شاپىلا:

— ئاچا، ئېنىق بىرنىمە دەپ، ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل دىگىن. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىپ، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ. بۇنىڭ نىمە يامىنى بار؟ — دىدى ۋە ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن غەمخورلۇق بىلدۈردى، ئاندىن ئۇنى ئۆز ئىرادىسىگە بوي سۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر خىل سۈرلۈك تۈس ئالدى. مەلىكە سەيىدە ئىنىسىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئاچا - ئىنىلىق مېھرى - مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بوي سۇنۇشقا ئاز قالدى. لېكىن ئەبۇ ھەسەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا ئۇنىڭدا بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى قوزغىلاتتى؛ ئىمادىددىننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يۈرىگى ھاياجاندىن دولقۇنلاپ، شۇئان ئىككى مەڭىزى ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆز كاللىسىدا بىر پەس كۈرەش قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەشۇغى ئۈچۈن ئىنىسىنىڭ ئىرادىسىگە قەتئىي بوي سۇنماسلىق نىيىتىگە كەلدى، لېكىن ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالماي، جىم تۇردى.

خەلىپە ئازىد ئۇنىڭ جاۋاپ بەرمىگەنلىكىنى ئىزا تارتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— مېنىڭ تەلىۋىمگە ماقۇل دىسەڭ، نىمە زىيىنى بار؟ راستىنى ئېيتسام، ئەبۇ ھەسەن ساڭا تازا لايىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ كەلگۈسى جۇپتۇڭ بولۇشىنى قوبۇل قىلساڭ بولىدۇ. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ بىزگە بىرمۇنچە پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىدۇ. ناۋادا سەن ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشۇڭنى بىر خىل بەختسىزلىك

دەپ قارىساڭ، بۇ بەختسىزلىك ھېچگەپ ئەمەس، — خەلىپە
مۇشۇلارنى دەپ توختىدى ۋە قانداقتۇر بىرەر سىرنى يوشۇرۇۋاتقاندەك،
كۆزلىرىنى قەستەن بىرنەچچە چىمىلدىتىپ قويدى. ئاندىن ھېچ ئىش
بولمىغاندەك، تەسۋىيىنى سىرىشقا باشلىدى.

مەلىكە سەيپىدە ئىنىسىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئەسلەپ، ئۆز
پەرزىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال:

— بۇ بەختسىزلىك ھېچگەپ ئەمەس دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى
نېمە؟ بۇنىڭدىنمۇ باشقا بەختسىزلىك بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاچا، سەن بىلەن ھېچقانداق قېرىنداشلىقى يوق بىر
ياقا يۇرتلۇقنىڭ ساڭا ئەلچى قويۇشى ئەڭ زور بەختسىزلىك.
لېكىن ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل دېمەي ئىلاجىمىز يوق. چۈشەندىڭمۇ؟

— كىمنى دەيسەن؟ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا جۈرئەت
قىلىدىغان كىم ئۇ؟ — دېدى سەيپىدە بىتاقەت بولۇپ.

— بىزنىڭ قولىمىزدىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، ئۆز بېشىمـ
چىلىق قىلىشقا پېتىنىۋاتقان ھېلىقى ئادەم. ئۇ تېخى كۆزىمىز
ئوچۇق تۇرغان شارائىتتا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئاقساقاللىق قىلىپ،
بىزنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىدۇ،
مۇشۇنداق ئادەم سېنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش تەلىۋىنى قويۇشقا
پېتىنالماسمۇ؟!

سەيپىدە ھاڭ - تاڭ قالدى، چۈنكى ئىنىسى
دەۋاتقان كىشى ئۇنىڭ مەشۇقى ئەمەس ئىدى.

— ئوچۇق ئېيتقىنا، سالاھىددىننى دەمسەن؟ — دېدى مەلىكە.

— ھەئە، شۇ. سېنىڭچە، ئۇ مۇنداق قىلماسمۇ؟

سەيپىدە كەينىگە بىر قەدەم داجىدى، ئىككى تىزى ماغـ
دۇرسىزلىنىپ دىر - دىر تىترەپ كەتتى، چىرايى تامدەك
تاتىرىپ كەتتى، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى، ئۆزىنى
باشقۇرالماي تېزلا ئورۇندۇقنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى - دە،

ھاڭقېتىپ قالدى.

خەلىپە ئازىد ئۇنىڭ شۇ قەدەر ھاڭ - تاڭ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ مۇنداق دېدى:

— گەپلىرىم سېنى رەنجىتىپ قويدى. لېكىن سەنمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپ قويۇشۇڭ كېرەك. سەن ئۆز پىكرىڭدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، مېنى بەكمۇ تەڭلىكتە قويدۇڭ. سەن بۇنى پۈتۈپ قالغان ئىشمىكىن دەپ قالمىغىن. سالاھىددىن بۆگۈنگىچە بۇ تەلەپنى ئۆزى ئوچۇق ئېيتمىدى، ئۇنىڭ بىر خاس مۇلازىمى بۆگۈن ئەتىگەن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ بۇ مەسىلىنى قويدى. ئۇ ماڭا: «سۇلتان سالاھىددىن شەرەپلىك ھالدا مەلىكە سەيىيدە بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ بىرەر كاشىلىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ تەلەپنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاۋال جاناپلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى» دېدى.

— سەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاپ بەردىڭ؟ — مەلىكە سەيىيدەنىڭ بىتاقەتلىكتىن يۈرىگى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.

— ئەبۇ ھەسەن ساڭا چاي ئىچۈرۈپ قويدى دېمەكچى ئىدىم، مېنىڭچە، بۇ سېنى مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئەڭ ياخشى باھانە ئىدى، لېكىن ئۇنداق دېمىدىم. ئەتە جاۋاپ بېرەي دەپ يولغا سالدىم. چۈنكى ئاۋال سېنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاپ باقاي دېدىم. سۆھبىتىمىزنى ئىككىمىزدىن بۆلەك كىشى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، سېنى بۇ خىلۋەت جايغا چاقىرتتىم. — خەلىپە بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاچا، ھەقىقى ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. قېنى سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ بىر نەۋرە ئىنىمىزنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلماسەنمۇ؟

خەلپە ئازىد ئۇنىڭ «ماقۇل» دېيىشىنى كۈتتى، لېكىن ئۇ لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋالدى. خەلپە ئازىد ھە دەپ سوراۋەردى، سەيىدە يا ياق، يا ماقۇل دېمەي، ئۆزىنى مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان نىجاتلىق يولى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. چۈنكى ئۇ سالاھىددىننى ياخشى كۆرمەيتتى، ئەبۇ ھەسەندىن يىرگىنەتتى؛ پەقەت ئىمادىددىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. ئۇ، كۆڭۈللۈمدىكىنى ئىنىمغا ئوچۇق ئېيتاي، دەپ ئويلىدىيۇ، بىراق كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، خەلپە ئازىد ئۇنى يەنە قىستىدى، ئۇ نائىلاج ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۇكام، سەن سالاھىددىننى ئۆز تەلىۋىدىن يانارمىكىن دەپ، ئاللىقاچان باشقا بىراۋغا چاي ئىچۈرۈپ قويغان دېمەكچى بوپسەن. بۇ گەپ چاك بىرىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭغا ماڭا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان دېگىن! لېكىن بىر شەرت شۇكى، ماڭا چاي ئىچۈرۈپ قويغان لايىقنىڭ كىملىگىنى ئېيتمىغىن.

— سېنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىڭنىڭ كىملىگىنى ئېيتقاندىلا، ساڭا راست چاي ئىچۈرۈلگەنلىكىگە ئاندىن ئىشىنىدۇ. بولمىسا ئۇ بىزنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ، دوپپامغا جىگدە سېلىۋاتىدۇ دەپ قالىدۇ. مېنىڭچە ساڭا ئەبۇ ھەسەننىڭ چاي ئىچۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىۋېرەي.

— ياق، ياق، بۇنداق دېمە، ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش! ــ مەلىكە سەيىدە قەيەردىنىدۇ كەلگەن جاسارەتنىڭ كۈچىدىن ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى ئوچۇق ئېيتتى، ئاۋازىمۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچە جاراڭلىق ئىدى.

خەلپە ئازىدنىڭ دەرھال تەرى تۇرۇلدى، ئۇ ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— مەن ھازىرغىچە ياخشىلىقچە ئېيتىپ كەلدىم، لېكىن

www.uyghurkitap.com

گېپىمگە زادىلا قۇلاق سالمىدىڭ. بۈگۈن يەنە ئىشنىڭ جەريانىنى، پايدا - زىيىنىنى ئوچۇق ئېيتتىم. ئەمدى يەنە رەت قىلساڭ، يولسىزلىق قىلغان بولىسەن. بۇنداق قىلىش ئۆز ئىسىڭگە كۆيۈنىدىغان ھەمشىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس. ئەبۇ ھەسەننىڭ بىز ئۈچۈن نىمە ئىش قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى بىلىسەنغۇ. ئۇ سالاھىددىننىڭ سېنى تالىشىدىغان رەقىبى ئىكەنلىكىنى بىلىسە، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئۆز ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئاچا، سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىمنى يەردە قويماي ماقۇل دېگىن. شۇنى بىلىپ قويغىنكى، مەن ساڭا سېنىڭ ئىنىڭ سۈپىتىدە ئەمەس، خەلىپە سۈپىتىدە تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىم بار، مەن سېنىڭ ھامىيىڭ بولىمەن، — خەلىپە بۇ ئاخىرقى گەپلەرنى تەھدىت تەلەپپۇزىدا ئېيتتى.

ئۇنىڭ تەھدىدى سەبىيدەنى تىز پۈكتۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ئوتىنى يالقۇنجىتىۋەتتى. سەبىيدە ئۇنىڭغا ئەيىپلەش نەزىرىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئاچچىق تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى:

— سەن ئۆز ھوقۇقۇڭغا تايىنىپ ماڭا تەھدىت سالالايسەن، ھامىلىق سۈپىتىڭ بىلەن مېنى مەجبۇر قىلالايسەن. لېكىن بۇنداق قىلىشىڭ مېنى ئىرادەمدىن قايتۇرالمايدۇ. مەن ئۇ ئىككى يۈزلىمە مۇناپىق بىلەن توي قىلمايمەن. ئەبۇ ھەسەن بىلەن سالاھىددىننىڭ ھەر ئىككىسىنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، لېكىن ھېچ ئامال بولمىغاندا، سالاھىددىننى لايىق كۆرسەم كۆرىمەنكى، ئەبۇ ھەسەنگە مەيلىم يوق.

سەبىيدەنىڭ گەپ ياندۇرۇشقا شۇنچىلىك جۈرئەت قىلد-

شى زادىلا خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان خەلىپە ئازىدى:

— نىمانچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن! ماڭا شۇنچە بىھۆرمەتلىك قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ!؟ سېنىڭ ھەرقانداق ئىشىڭنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقۇم يېتەتتى، لېكىن سەن بىلەن ياخشىلىقچە مەسلىھەتلەشتىم. ھازىر ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنداق قىلغىنىم خاتا بولۇپ چىقتى. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى، سەن قىلچە ھوشۇڭنى تاپمىدىڭ، مېنىڭچە، سەن كوچىغا چىقىپ كىم كەلسە شۇنى ياكى بىرەر دىۋانىنى ئۆزۈڭگە ئەر قىلىۋالساڭلا بولغۇدەك. لېكىن مۇشۇنداق قىلىش خەلىپىنىڭ ھەمشىرىسىگە لايىق كېلەرمۇ؟ سەن بولساڭ خەلىپە جەمەتى. شۇڭا سەن مۇشۇ نەسەپكە مۇناسىپ كىشىگە ياتلىق بولۇشۇڭ شەرت، بىزنىڭ بىر نەۋرە ئىنىمىز ئەبۇ ھەسەن ئەنە شۇنداق كىشى، — خەلىپىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئۆز پىكرىدىن يانىدۇرۇشقا قىلچە ئىمكانىيەت يوقتەك قىلاتتى، ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى.

مەلىكە سەيپىدە ھاڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق زەردىسى قايىنىغانلىقتىن يىغلىۋېتىشكە تاس ـ تاس قالدى. مەلىكە ئۆزىنىڭ سالاھىددىننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىنىسى خاتا چۈشەنگەن ھەم مۇبالىغە قىلىۋەتكەن مۇشۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشنى خالىمىدى. ئەگەر ئىنىسى ئۇنىڭ بىر مۇلازىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ جىم تۇردى. لېكىن ئۆزىنىڭ تاللىۋالغان يولى بويىچە مېڭىۋېرىشكە، بۇنداق قىلىش ئېزىپ يولدىن چىققانلىق، قائىدە ـ يوسۇننى بۇزغانلىق دەپ قارالسىمۇ، پەرۋا قىلماسلىققا بەل باغلىدى. ئىنىسىنىڭ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، لام ـ جىم دىمەي

قەدىمىنى يۆتكىدى. خەلىپە ئازىد ئۆزىنىڭ تەئەددىلىرىگە ھەم-
شىرىسىدىن سادا چىقمىغانلىغىنى كۆرۈپ، تەھدىدىمىدىن قورقتى،
ھەيۋەم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى تىمىز پۈكتۈردى دەپ
قاراپ، ئۆز - ئۆزىدىن خوشال بولدى. لېكىن قاپىغىنى
ئاچمىدى.

مەلىكە سەيىدە ئىشىكتىن چىقىپ، دەھلىزدە ئۇنى كۈ-
تۈپ تۇرغان ياقۇتە بىلەن بىللە ئۆز ھوجرىسىغا قايتىپ كەلدى.
ئۇنىڭ سۇلغان چىرايىنى، كۆڭلىنىڭ پەرىشانلىغىنى كۆرگەن
ياقۇتە نىمە ئىش بولغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ بىرنەچچە
قېتىم گەپ كولاپ باقتىمۇ، ئۇ يا لام، يا جىم دىمىدى. سەي-
يىدە بۈگۈن ئىنىسى بىلەن تاكاللىشىپ قالغانلىغىنى ھېچكىمگە،
ھەتتا ياقۇتەگىمۇ بىلدۈرمەسلىك قارارىغا كېلىپ قويغان ئىدى.
چۈنكى ئۆزىنىڭ دادىل ۋە لېكىن خەتەرلىك پىلانىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشتا ياقۇتەنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولاتتى؛ ئۇنىڭ پىلانى
ئىمادىددىننى تاپتۇرۇپ كېلىپ، بۇ قاتتىق مۇھاسىرە ئىچىدىكى
قەسىردىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېچىپ چىقىپ، بۇ مۇزدەك سو-
غاق ئائىلىدىن يىراققا كېتىش ئىدى.

ياقۇتە سەيىدەنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئەپتى - ئوزايىنى
كۆرۈپ بىئارام بولدى، ئۇ بەزىبىر ئۇششاق - چۈششەك ئالامەت-
لەردىن ئۆز خوجايىنىنىڭ كۆڭۈل سىرىنى ئاز - تولا پەم ئەت-
كەن بولسىمۇ، لېكىن ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى، شۇڭا ئۇ
بىلمىگەن بولۇۋېلىپ، قەستەن گەپ كولاپ مۇڭدىشاتتى. سەيىي-
دە ئۆز ھوجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ياقۇتە مۇنداق دىدى:

— مەلىكەم، نىمىگە رەنجىپ قالدىڭ؟ بويۇنۇڭدا كۆزنىڭ
يېغىنى يەيدىغان زۇننار، قولۇڭدا كۆزنى چاقنىتىدىغان جاۋاھىر
كۆزلۈك ئۈزۈك تۇرسا، كۆڭلۈڭدە يەنە نىمە ئارمانىڭ بار؟ مې-
نىڭ مۇشۇنداق قىممەت باھالىق ئېسىل نەرسىلىرىم بولسا،

خاپىلىغىم ئاللىقاياقلارغا كېتىپ، خوشاللىقتىن ئاغزىم قۇلىقى-
غا يەتكەن بولاتتى.

سەيپىدە بويىندا زۇننار، قولىدا ئۈزۈك بارلىقىنى ياقۇتە-
نىڭ مۇشۇ گېپى بىلەن ئېسىگە ئالدى. چۈنكى غەم، پەرىشان-
لىق ئۇنىڭ مېڭىسىنى چىرماپ ئالغاچقا، بۇ نەرسىلەر ئېسىدىن
چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بويىندىكى زۇننار بىلەن قولىدىكى
ئۈزۈككە قاراپ قەلبىدە ئوت ياندى ئۇلارنى بويىندىن،
قولىدىن چىقىرىپ، جاراڭلىتىپ يەرگە تاشلىۋەتتى - دە، بىرىپ
كارۋاتقا ئولتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى.

ياقۇتە يەردىن زۇننار بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ، چاخچاق
ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— مەلىكەم، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ بۇ قىممەت باھالىق نەر-
سىلەر سىنى رەنجىتكەن بولسا، بۇلارنى ماڭا ھەدىيە
قىلىۋەتكىن!

— بىرىۋەتسەم بىرىۋېتىۋېرىمەن. قانچىلىك نىمىدى ئۇ! —
دېدى سەيپىدە ۋە زۇننار بىلەن ئۈزۈكنى ياقۇتەنىڭ قولىدىن
ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.

ياقۇتە سەيپىدەنىڭ بۇ ھەركىتىدىن كۈلۈپ كېتىپ مۇن-
داق دېدى:

— سەن خەلىپە ئالدىدىن رەنجىگەن بولساڭ، مېنىڭ
ئالدىمدا خاپا بولۇپ نەرمەشلىگىنىڭ كېرەك - تە، مېنىڭ نىمە
سەۋەنلىگىم بار؟ مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىنى
كۈتكۈچىمەن!

سەيپىدە ياقۇتەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، سەل پۇشايمان
يەپ قالدى، راست دېگەندەك بايىقى نەرسىلەرنى ياقۇتەنىڭ
ئالدىغا ئاتماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاچچىقىنى بېسىپ
ئۆزىنى خوش تۇتۇپ:

— ئەمدى مەندىن يەنە گەپ سوراپ يۈرمىگىن! — دىدى.

— ياق. مەن سىنى پەرىشان ھالىڭچە قويمايمەن. سەن بىلەن مەۋلانىمىز ئەمىرۇلمۆئمىنىن ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ئىش ئۆتۈلدى؟

— ئۇ مىنىڭ مەۋلانەم ئەمەس، سىنىڭ مەۋلانەڭ①.

— ئۇ ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن بىزگە مەۋلان بولغان. بىز ئۇچۇن ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

— ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن. لىكىن...، — سەييىدە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گىپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇنى بوغۇلۇپ قالدى، كۆزىگە لىق ياش كەلدى.

— بۈگۈن نىمىشقا كەيپىياتىڭ باشقىچە بولۇپ قالدى؟ دەردىڭنى نىمىشقا ماڭا ئېيتمايسەن؟ ئېيتساڭ، ياردىمىم تېگىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەسمىدى! بىز ھازىر ئىمادىددىن توغرىسىدا سۆزلەشسەك بولماسمىدى!

ياقۇتە ئىمادىددىننى تىلغا ئېلىشى ھامان سەييىدەنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى، يىشىنى ئېرتتى، چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ياقۇتە ئۇنىڭدىن روشەن ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ھەيران قالدى — دە، دەرھال بىرىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىغا سۆيۈپ قويۇپ:

— مەلىكەم، ئۆزەڭنى ئۆزەڭ پەرىشانلىققا سالمىغىن. نىمە سىرىڭ بولسا، يوشۇرماي دەۋەرگىن، بەلكى دەردىڭگە دەرمان بولۇپ قالارمەن. قىنى، يۈرەكلىك دەۋەرگىن! قورقما، — دىدى.

مەلىكە سەييىدە قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ:

— بىز ئىمادىددىن توغرىسىدىكى ئىش ھەققىدە سۆزلەشەيلى. نىمىلەرنى كۆردۈڭ؟ نىمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ ئاۋال مۇشۇلارنى دەپ باقە، — دىدى.

① مەۋلان — ئىگە، خوجايىن. — تەرجىمان.



www.uyghurkitap.com

— هىچنىمە كۆرمىدىم، ھەممە ئىش سىنىڭ ئەمرىڭ بىلەن بولىدۇ. مەن سىنىڭ ئىرادەڭگە بوي سۇنىمەن، مىنى نىمە ئىشقا بۇيرۇيسەن؟

سەييىدە ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كىيىن ئاخىرى كۆڭلىدىكى گەپنى دىدى:

— ئىمادىددىن بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەرگە كەلسۇن.

— بۈگۈن ئاخشام دەمسەن؟ نىمىشقا؟ — دىدى ياقۇتە ئەجەپلىنىپ.

— سەۋەۋنى سورىما. بايا سىنىڭ ئىرادەڭگە بوي سۇنىمەن دىمىگەنمىدىڭ؟ مىنىڭ ئىرادەم مانا مۇشۇ. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بار.

— خوپ، دىگىنىڭنى بىجا كەلتۈرىمەن! ئەمدى كۆڭلۈڭدىكى يەرىشانلىق تۈگىگەندۇ؟ ئىيتە، بۈگۈن سەن بىلەن خەلىپە ئالىلىرى ئوتتۇرىسىدا زادى نىمە ۋەقە يۈز بەردى؟

ياقۇتەنىڭ ئىمادىددىننى چاقىرىپ بىرىشكە رازى بولغانلىقىدىن خوشال بولغان سەييىدە مەمنۇنىيەت بىلەن ئولتۇردى، ئاندىن ياقۇتەنى يىنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بۈگۈن ئىنىسى بىلەن بولغان تالاش - تارتىشنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ياقۇتە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ، سەييىدەنىڭ خەلىپەنىڭ پىكرىنى رەت قىلغانلىقىنى خاتا دەپ قارىدى، لىكىن گەپنى ئوچۇق ئىيتالماي، باشقا ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# ئىمادىدىدىن

ئازىدىنىڭ ئۆز ھەمشىرىسى مەلىكە سەيىىدە بىلەن جاۋاھىر غەزنىسىدە قىلىشقان سۆھبىتىدىن سالاھىددىننىڭ مەلىكە سەيىىدەگە ئۆيلىنىش توغرىسىدا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۇق. بۇ ئىشنىڭ جەريانى قانداق بولغان؟ ئەسلىدە، ئىيسا ھەككارى كۆتۈپخانىدىن چىققاندىن كېيىن سالاھىددىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى خىلۋەت بىر يەرگە باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا خەلىپە ئازىدىنىڭ ھەمشىرىسىگە ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئىيسا ھەككارى بۇنداق قىلىشنىڭ سالاھىددىنغا سىياسى جەھەتتە زور پايدىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى. سالاھىددىن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، لېكىن دادىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بىر قارارغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىيسا ھەككارى بۇنداق قىلىشنى ھاجەتسىز دەپ قارىدى، ئۇنىڭ پىكرىچە، ھامان، مەلىكە سەيىىدەگە ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويىماقچى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى خەلىپە ئازىدقا بەزى جەھەتلەردىن ئىپادە كۆرسىتىش زۆرۈر ئىدى. بۇنداق قىلىشقا سالاھىددىننىڭ دادىسى قارشى تۇرۇشى مۇمكىن، شۇڭا ھازىرچە ئۇنىڭغا دىمىگەن ياخشى. ئىيسا ھەككارى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا نىيەت قىلىشى تامامەن سالاھىددىننىڭ پايدىسىنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ تەكلىۋىنىڭ

سالاھىددىن ئۈچۈن ھوقۇقنىڭ بەك يۇقۇرى چوققىسىغا چىقىدىغان ئەپسانىك يول ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سالاھىددىن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بىز بۇ دۆلەتنى ئاساسى جەھەتتىن تىزگىنلەپ بولدۇق، مەن ئۆزەمگە ياقمىغان ھەر قانداق كىشىنى خىزمىتىمدىن ئېلىۋېتەلەيمەن، ئۆزۈم ئىشەنگەن ھەر قانداق كىشىنى مۇھىم خىزمەتكە قويالايمەن، بۇنچىلىك ھوقۇق ماڭا يېتەرلىك، شۇڭا بۇنىڭدىنمۇ يۇقۇرى خەلاپەتلىكنى تاما قىلمايمەن. چۈنكى، ئۆزلىرىگە مەلۇم، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن غەيرى ئەرەپ ۋەزىرلەر ئىچىدە بۇنداق قىلغانلار يوق. بۇيرۇغان ئالار، ئالدىرىغان قالار دېگەن گەپ بار، ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن.

— ئى مەۋلانىم، ئۇشۇقچە ئېھتىيات ۋە ئەندىشە قىلىشىڭىز ھاجىتى يوق! غەيرى ئەرەپ ۋەزىرلەردىن بۇنداق قىلغانلار بولمىغان دەپ، ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى چۈشەپ قويۇشلىرى كېرەكمۇ؟ يەنە كېلىپ بىز قانۇنىي يول بىلەن مەقسەتكە يېتىمىز. ئۆزلىرى مەلىكە سەييىدە بىلەن توي قىلسىلا، ئۇ خېنىم ئۆزلىرىگە خەلىپىلىكتە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ نىمە يامىنى بار!؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەلىكە سەييىدە تەڭدىشى يوق گۈزەل، خۇلقى - مىجەزى ئوبدان، زىرەك، كەم تېپىلىدىغان ساھىپجامال، خەلاپەتلىكتە ۋارىسلىق قىلىش ۋە قۇرەيش ئۇرۇغىدىن بولۇش① مەسىلىسىگە بىر ئامال تاپىمىز. چۈنكى ئىسلام قوشۇنى تۇنجى قېتىم ئىراقتا يۈرۈش قىلغاندا، قۇرەيش ئۇرۇغىدىن نۇرغۇن كىشى تەپرىققە

① مىسىرغا فاتىمىيە سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان شۇ دەۋردە خەلاپەتلىكتە ۋارىسلىق قىلغۇچى كىشى جەزمەن قۇرەيش ئۇرۇغىدىن بولۇش بەلگىلەنگەن.

بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەن، نەتىجىدە ئۇلاردىن بىرمۇنچىلىرى كۇردلار بىلەن بىللە ياشىغان. ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرى ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ چىقسىمۇ ئەجەپ ئەمەس تېخى!

سالاھىددىن خەلىپىنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن توي قىلسا، خىلاپەتلىكنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ ئوڭايلىقىنى چۈشەندى. ئەگەر خىلاپەتلىككە ۋارىسلىق قىلغۇچى چوقۇم قۇرەيش ئۇرۇغىدىن بولۇشى شەرت بولسا، جا نەسەپ توقۇپ چىقماقچى بولدى. لېكىن ئۇ سەييىدەگە ئۆيلىنىش تەلۋىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئېيسا ھەككارىنىڭ ھەدەپ دەۋەت قىلىۋېرىشى ئارقىسىدا، سالاھىددىن مۇنداق دېدى:

— ئۆز پىكرىلىرىدە چىڭ تۇرىدىغان بولسىلا، قېنى بېرىپ چېكىپ باقسىلا، لېكىن مەن خەت يېزىپ بەرمەيمەن.

— مەن ھازىرلا بېرىپ، خەلىپىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئىزھار قىلاي، قېنى نېمە دەيدۇ، — دېدى ئاخىر سالاھىددىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان ئېيسا ھەككارى ۋە شۇئان ئۇستىۋاشلىرىنى ئوڭلاپ، بىردەمدىلا خەلىپە ئازىدنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە سالام - سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا سالاھىددىننىڭ ئۈمىدىنى ئىزھار قىلدى. خەلىپە ئازىد شۇئان بىر نېمە دېمىدى، مەلىكە سەييىدە بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن جاۋاپ بەرمەكچى بولدى. مانا شۇ سەۋەپتىن، ئۇ سەييىدە بىلەن جاۋاھىر ئەزنىسىدە كۆرۈشۈشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، بۇ ئىنى، ھەمشىرىلەرنىڭ بۇ يەردە كۆرۈشكەنلىكىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەلقىسسە، ئېيسا ھەككارى خەلىپە ئازىدنىڭ يېنىغا كەتكەندىن كېيىن، سالاھىددىن ئەس - ھۇشىنى يىغىپ، ئۆزىنى توختىتىپ، بايىقى گەپلەر ئۇستىدە ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىنى، سەييىدەگە ئۆيلىنىش تەلۋىنى قويۇشتىن ئاۋال دادىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن بولسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ھىس قىلدىيۇ، بىراق كېچىكتى، ئەمدى ئىسا ھەككارنى كۆتۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

شۇ ئەسنادا، مۇلازىم ئۇنى قەسىر لوئىلۇغا چىقىپ دادىسى بىلەن بىللە تائام يېيىشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇ دەرھال چىقتى. دادىسى نەجمىددىن داستىخان ئۈستىدە ئۇنىڭغا مۇنداق دىدى:

— بالام، ئادەتتە قول ئاستىڭدىكى يىگىتلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتمايدىكەنسىلەر، شۇڭا ئۇلار ھەمىشە بىكارچىلىقتىن ھوزۇر - ھالاۋەتتە ئۆتۈۋىتىپتۇ. سەن مەشق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، ئۇلارنى ئات مەشقىغە سالغىن. شۇنداق قىلساڭ، بىر تەرەپتىن، ئۇلار كۈشتۈنگۈر بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا ۋە سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت چىقمايدۇ.

— راست دىدىڭىز دادا، بىراق، ھەر ھەپتىدە ئات مەشقى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز، كىم ئۇتسا، ئۇنى مۇكاپاتلايمىز ھەم ئۆستۈرىمىز. ياخشى چەۋەندازدىن بىرنى چاقىرتاي، ماھارىتىنى كۆرۈپ بېقىڭ، — سالاھىددىن دەرھال ئىمادىددىننى چاقىرتتى.

ئىمادىددىن پەرمانچىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ «لەببەي» دەپ كىردى. ئۇ قامەتلىك، ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، يىگىتلىك قىرانىغا توشقان ئىدى؛ ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەقىل، شىجائەت نامايەن بولۇپ تۇراتتى؛ نەجمىددىن كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالدى.

سالاھىددىن ئىمادىددىننى تەييارلىنىپ، تاللاپ قويۇلغان بىر قىسىم چەۋەندازلار بىلەن ماھارەت مۇسابىقىسىگە چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئىمادىددىن بۇيرۇقنى ئېلىپ مەيدانغا چىقتى.

— دادا، سىزچە بۇ يىگىت قانداقراق؟ — دىدى سالاھىددىن تەبەسسۇم بىلەن.

www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقماقچى ئىدىم! ئۇ مەندە ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ئۇ ھەم جاسارەتلىك، ھەم دىيانەتلىك كۆرۈنىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ساڭا تازا قولۇڭغا قول، پۇتۇڭغا پۇت بولالايدۇ.

— دادا، ئەگەر ئۇنىڭ يۈكسەك ماھارىتىنى، ماختاشقا ئەرزىيدىغان پەزىلىتىنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالاتتىڭىز! ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا شۇنچىلىك سادىقكى، ئوتقا كىر دېسەم ئوتقا، سۇغا كىر دېسەم، سۇغا كىرىدۇ.

— ئۇنىڭغا كۆيۈن، مۇھىم خىزمەت بەر.

— پۇرسەت كەلسىلا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىمەن. ھازىر ئۇ مېنىڭ مۇھاپىزەتچىم. ئۇنىڭ قابىلىيىتى، ئەخلاقىنى نەزەردە تۇتقاندا، يۇقۇرى دەرىجىلىك سەركەردە بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ، بىراق تېخى ياش، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ قولىدىن نى - نى ئىشلار كېلىدۇ. مەن ئۇنى ئەستايىدىل كۆزەتكەندىن كېيىن مۇشۇنداق باھا بېرىۋاتىمەن. سىزنىڭ قارشىڭىزنىڭ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىققانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن!

— ئۇ ئۆيلەنگەنمۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا خوشنىمىزنىڭ چىرايلىق بىر قىزىنى سايە قىلغان ئىدىم، ئۇنىڭ ھازىرچە ئۆيلىنىش نىيىتى يوقتەك قىلىدۇ، شۇڭا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم.

نەجمىددىن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بۇ ئۇلۇغۋار ئىرادىلىك، بىرەر چوڭ ئىشقا بەل باغلىغان كىشىدە بولىدىغان گۈزەل پەزىلەت. بۇنداق كىشىلەر داۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەي. پۈتۈن زېھنىنى ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا سەرپ قىلىدۇ. بۇ يىگىتنى ئوبدان تەربىيىلىشىڭ كېرەك.

نەجمىددىننىڭ گېپى تۈگەپ تۇرۇشىغا، گۈمبۈرلەپ دۇمباق

چىلىنىپ، مۇسابىقە باشلانغانلىقتىن خەۋەر بېرىلدى. دادا - بالا ئىككىيلەن قەسىر ئالدىدا راسلانغان مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى، بۇ يەردىن مەشق مەيدانى ئالقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر توپ چەۋەنداز مەيداندا غاز قانىتى بولۇپ تىزىلىشتى، دۇمباق چېلىنىشى بىلەنلا ھەممىسى ئات سالدى. ئىمادىددىننىڭ بوز ئېتى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چەۋەندازلىق ماھارىتىنى، ھەركەتتىكى چەبدەسلىگىنى كۆرگەن نەجمىددىن ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. چەۋەندازلار ئات ئۈستىدە تۇرلۇك ماھارەتلەرنى كۆرسەتتى، ئىمادىددىن ھەر بىر خىل ماھارەت مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىكنى ئېلىپ تۇردى.

ماھارەت مۇسابىقىسى بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى. مۇسابىقە ئاياقلاشقاندا، چەۋەندازلار سەپ بويىچە مۇنبەر ئالدىدىن ئۆتۈپ، نەجمىددىن بىلەن سالاھىددىنغا سالام بېرىپ، پاراتتىن ئۆتتى، سالاھىددىن ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ماھارەتلىرىنى ماختىدى، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئىمادىددىن مۇنبەر ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، سالاھىددىن ئۇنى توختىتىپ نەجمىددىننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا:

— ئىمادىددىن، سەن ئىستىقباللىق ئۇلۇغ پالۋان بولىسەن. بۈگۈن دادامنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغىنىڭدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى.

نېمە قىلىشنى بىلمەي، نەجمىددىننىڭ ئالدىدا ساراسىمىدە تۇرغان ئىمادىددىن سالاھىددىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال نەجمىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىغا سۆيدى ۋە مۇنداق دېدى:

— يەقىر جاناپلىرىنىڭ سادىق قۇلى، ئۆزلىرى ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان بېرىشكە تەييارمەن. مەن ماختاشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر ئىش قىلالىسام، بۇ مېنىڭ تۆھپەم ئەمەس، بەلكى جاناپ-

لىرىنىڭ دۆلەت ـ مەرھەمەتلىرىنىڭ شاراپىتىدىندۇر.
ئىمادىددىنىنىڭ بۇ گەپلىرى نەجمىددىنگە تېخىمۇ ياراپ كەتتى. نەجمىددىن يېنىدىكى خەنجىرىنى چىقىرىپ ئىمادىددىنغا سۇنۇپ:
— مە، بۇ ساڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن، — دېدى.
ئىمادىددىن ئۇنىڭ ئىلتىپاتىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كەينى ـ كەينىدىن بىر نەچچە نى سۆيدى. بۇ چاغدا سالاھىددىن بىر قىسىم چەۋەندازلارغا سۆزلەۋاتاتتى، سۆزىنى تۈگىتىپ ئارقىغا بۇرۇلغاندا، دادىسىنىڭ ئىمادىددىن بىلەن سەممىي پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسىنىڭ بۇ ئىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن خوشال بولۇپ:
— دادا، ئۇنىڭ سىزگە يارىغانلىقىدىن خوشال بولدۇم، — دېدى.
— ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. بالام، ئۇنى ئۆستۈرۈپ ئۆزەڭگە يانتاياق قىلىۋال.
— دادا، بايا سىزگە ئېيتقاندەك، ئۇ مېنىڭ مۇھاپىزەتچىم.
— مېنىڭچە، ئۇ يېنىڭدىن ئايرىلمىسۇن. ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە ئىجازەت قەغىزى بەر، سېنىڭ ھوجراڭغا ئىختىيارى كىرىپ ـ چىقالايدىغان، ھەر قانداق چاغدا سەن بىلەن بىمالال كۆرۈشەلەيدىغان بولسۇن.
سالاھىددىن ئىمادىددىنغا بۇرۇلۇپ:
— ئاڭلىدىڭمۇ؟ شاھ دادام سېنى بۈگۈندىن تارتىپ مەندىن ئايرىلمىسۇن دەپ ئەمرى قىلدى، — دېدى ـ دە، قوپۇپ، دادىسى بىلەن قەسىرگە قاراپ ماڭدى. ئىمادىددىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېقىن ماڭدى. قەسىرگە كىرىشكەندىن كېيىن، سالاھىددىن قەسىرنىڭ مەھرەم بىگىگە ئۆزىنىڭ ھوجرىسىنىڭ يېنىغا ئىمادىددىن ئۈچۈن بىر ئۆي راسلاشنى بۇيرۇدى. ئىماددى-

دىن بۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇنىڭ ئۆز خوجىسىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆز خوجىسىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىشقا، ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماسلىققا نىيەت قىلدى. ئۇ سادىق قۇل ـ چاكارنىڭ ئۆز خوجىسىنىڭ قىلغان خەيرىخاھلىقىغا سۆز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن جاۋاپ بېرىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

نەجمىددىن بىلەن سالاھىددىن قەسىرگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، باشقا مۇھىم ئىش بولمىغاچقا، كەچكى تاماقتىن كېيىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار مىسىر بىلەن سۇلتان نۇرىددىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە باشقا بىرمۇنچە ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ناھايىتى كەچ يېتىشتى.

سالاھىددىن ئورنىغا چىقىپ ياتتى، لېكىن شۇئان ئۇخلىيالمىدى. باشقا چاغلاردىكىدەك، مىسىرنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئۆزىنىڭ جەسۇرانە پىلانى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇنىڭ خورەك تارتقىنى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا تۈن بەك كەچ، ئەل جىمىققان، جاھان تىمتاس ئىدى؛ قەسىر قەندىللىرى ئۆچكەن، قاراۋۇللارمۇ خاتىرجەم ئىدى. تۈرلۈك ـ تۈمەن پىكىرلەر مىڭىسىنى چىرماپ ئالغاچ ئىمادىددىنلا ئويغاق ئىدى. ئۇ، سالاھىددىننىڭ ئۇنى ئۆز ھوجرىسى يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكىنى، شۇڭا تېخىمۇ ھوشيار بولۇشى، سالاھىددىننىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىپ، كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پەخەس بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكى ۋە جاۋاپكارلىق تۇيغۇسىنىڭ بىئارام قىلىشى تۈپەيلىدىن، ئىمادىددىننىڭ كاللىسى جايىدا

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى. بىردىنلا سالاھىددىننىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ـ دە، دەرھال قوپۇپ ئىشىك يېنىغا كېلىپ قۇلاق سالدى، لېكىن ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمىدى. خاتا قىلىپ قويۇپ خوجايىنىنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنە ئوبدان قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى ئاڭلىغىنىنى ئۆزىدىكى خاتا تۇيغۇ دەپ قاراپ، يەنە كارۋىتى يېنىغا قايتىپ كەلدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئاللىقاياقلارغا كەتكەن ئىدى؛ بىردىنلا يەنە ئاياق شەپىسى ئاڭلاندى ـ دە، ئۇ دەرھال قوپۇپ قۇلاق سالدى، شەپە يەنە يوقالدى. ئۇ خىيالىم بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلدى ۋە ئۆيدىن چىقىپ ئاسمانغا قارىدى، تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ ھامان بىر كېچە ئۇخلىمىدىمغۇ دەپ، ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى كىيدى، تاڭ يورۇغاندا سالاھىددىننىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ھوجرىنىڭ ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى، قاراۋۇللار ئادەتتىكىدەك ئىشىك ئالدىدا تىك تۇرۇشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كىردى.

ئىمادىددىن ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، سالاھىددىننىڭ چاقىر- غىنىنى ئاڭلىدى ـ دە، شۇئان چىقىپ سالاھىددىننىڭ ھوجرىسىغا كىردى، سالاھىددىن ياتاق كىيىمى بىلەن، كۆزلىرىدىن ئوت يانغان، چىرايى غەزەپكە تولغان ھالدا كارۋىتىدا ئولتۇراتتى، ئەپتىدىن خەۋپسىرىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئىمادىددىن ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى. سالاھىددىن ياستۇقى يېنىنى كۆرسىتىپ: «بۇ نېمە؟» دېدى. ئىمادىددىن بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ قارىدى، قىپ ـ قىزىل قان يۇقى بىر خەنجەر سالاھىددىننىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئىمادىددىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ:

— يائاللا، بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟ — دېدى تىترەك ئاۋاز بىلەن.

— كىم بىلىدۇ؟ ئويغانسام ياستۇقۇمنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ، — دېدى سالاھىددىن.

ئىمادىددىن ئىنتايىن تەئەججۇپ ۋە ساراسىم ئىچىدە قالدى. ئۇ كارۋاتنىڭ ئۇيان بۇيانلىرىغا قارىدى، كارۋاتنىڭ پۇتى يېنىدا بىر نەرسە كۆرۈندى، ئېلىپ قارىۋىدى، مۇشۇ خەنجەرنىڭ غىلىپى ئىكەن. غىلاپنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر بەلگىمۇ تاپالمىدى. بىراق، بىردىنلا غىلاپ ئىچىدىن بىر پارچە قەغەز تېپىۋالدى - دە، ئۇنى سالاھىددىنغا بەردى. سالاھىددىن قەغەزنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، ئىككى كۆزى ۋەھىمە بىلەن چاقناپ كەتتى. خەتنى ئىمادىددىنغا بەردى ۋە چاۋاك چېلىپ مۇلازىمنى چاقىردى. مۇلازىم كىرگەندە، ئۇنى دادىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئىمادىددىن گاھ خەتنى ئوقۇپ، گاھ خەنجەرگە قاراپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى.

— سەن ئۇخلاۋاتقاندا ئىشىك ئېتىك ئىدى، كىرگەن ئادەمنى نىمىشقا قاراۋۇللار تۇيمىدى؟! — دەپ سورىدى سالاھىددىن غەزەپ بىلەن. ئىمادىددىن خىجىل بولدى ۋە جاۋاپ بېرەلمىدى. ئۇ سالاھىددىننىڭ ئەيىپلىشىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى قاراۋۇللارنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەچكە پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى. ئۇ جاۋاپ بېرىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، نەجمىددىن كىرىپ كەلدى ۋە بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال خەتنى ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى:

«ئىسمائىلىيلەر ئىمامىنىڭ بىر مۇرىدىدىن سالاھىددىنغا: ساڭا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئىشىگىڭ چىڭ تاقاقلىق،

قاراۋۇللىرىنىڭ سانجاق تۇرسىمۇ، تېگىشلىك جاجاڭنى يېيىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. سەن بىھايالىقتا، زالىملىقتا چېكىڭگە يەتتىڭ، ھىمايىتىڭگە ئىشىنىۋاتىسەن. ئىسمائىلىيلەر ئىمامىنىڭ قەھرى - غەزىۋىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئەگەر سېنى بوغۇزلىۋېتىدىغان بولسام، بۈگۈن كېچە بوغۇزلىۋېتەتتىم، بىراق بۇ نۆۋەت كەچۈردۈم. ھوشۇڭنى تېپىپ، يار لېۋىدىن قايت! مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمەن دەپ خىيال چاغلىما، بىكار ئاۋارە بولىسەن. مەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ ياكى مۇلازىمىڭ ياكى مۇھاپىزەتچىڭ بولۇشۇم مۇمكىن؛ ياكى سېنىڭ سەللەڭنىڭ بىر تال مەشۇت يىپى بولۇشۇم، ياكى بېشىڭدىكى بىر تال چېچىڭ بولۇشۇم مۇمكىن. سەن ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەلمەيسەن! مەن سەندىن ئۆز نېسىۋەڭگە شۈكرى قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. خەير - خوش!»

— ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. نەجمىددىن ئىمادىددىنغا ئىشىكنى يېپىۋېتىپ قويۇپ، ئۈچەيلەن ئولتۇرۇشتى. ئىمادىددىن گويا يىڭنىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولدى. پەۋقۇلئاددە مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تۇنجى كېچىدە بۇنداق پىشكەللىكنىڭ تۇغۇلۇشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ غەش بولغانلىقىنى سەزگەن نەجمىددىن:

— بالام، قورقما، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — ئىسمائىلىيلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر تايىن. سالاھىددىنمۇ بىلمىسە كېرەك.

— ئازراق بىلىمەن، — دېدى سالاھىددىن، — ئىسمائىلىيلەرنىڭ زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تەپسىلى ئۇقمايمەن. ئۇلار نېمىشقا شۇنچە قاپ يۈرەك؟ شۇنچە قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار مېنىڭ ھوجرامغا قانداقسىگە تۇيدۇرماي كىرەلىدى؟ ئەجەپلىنەرلىك شۇكى، كىرگەندىكىن مېنى

ئۆلتۈرۈۋېتىشى ناھايىتى ئاسان ئىدى، لېكىن بۇنداق قىلمىغان.

— دىمەك ئۇلار قول سېلىشقا پېتىنالمىغان! ئۇلارنىڭ لەنەتكەردى باشلىغىنى تېپىشىمىز كېرەك! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ئىمادىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

نەجمىددىن ئىمادىددىننى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن:

— ئۇلارنىڭ باشلىغىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىرچە بىلمەيمەن. لېكىن قانداق قىلىپ بولسىمۇ...

— ئالدىرىما، يىگىت، — دىدى نەجمىددىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — گېپىمگە قۇلاق سال. ئىسمائىلىيىلەر ئىمامىنىڭ ئەھۋالىنى سالاھىددىنغا ئېيتىپ بېرەي. ئىسمائىلىيە پىرقىسى بىر تۈركۈم بەگلەردىن تەركىپ تاپقان، — نەجمىددىن سالاھىددىنغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوقۇپ قوي، ئوغلۇم، ئىسمائىلىيە، باتىنىيە①، ھەششىشىيە② لەرنىڭ ھەممىسى شىئە مەزھەبىدىكىلەر. ئەمىر بىنئەھكامىللا ھۆكۈمرانلىغىدىكى دەۋردە يەنى بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، ئىرانلىق ھەسەن ئىبنى سەبباھ③ دىگەن بىر كىشى بولغان. ئۇ نىزامۇلمۇلۇك سەلجۇقى، ئۆمەر ھەييامىلار بىلەن ساۋاقداش بولغان.

---

① باتىنىيە — ئىسمائىلىيە پىرقىسىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇلار قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىسلام ئەھكاملىرى ھەم زاھىر (ئاشكارا) ھەم باتىنى (يوشۇرۇن) بولىدۇ دەپ قارايدۇ. — تەرجىمان.

② ھەششىشىيە — نەشە چەككۈچىلەر گۇرۇھى دىگەن بولۇپ، بۇ ئىسىم ھەسەن ئىبنى سەبباھ گۇرۇھىغا قارىتىلغان، ئاشۇنداق ئاتىلىش ئومۇمى ئادەت بولۇپ كەلگەن. — تەرجىمان.

③ ھەسەن ئىبنى سەبباھ — ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ ئىمامى. ئۇ مىلادىنىڭ 1039 - يىلى ئىراننىڭ رەي ياكى قۇم شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1124 - يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئىسمائىلىزىم ئاساسىدىكى پارس دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش يولىدا 70 يىلچە كۈرەش قىلغان، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى چوڭ شەخس. — تەرجىمان.

كېيىن ئۇ كازۋىن يېنىدىكى ئالاموت قەلئەسىدە بىر توپ پىدائىيلارنى توپلاپ، مۇشۇ تەھدىتچىلەر تەشكىلاتىنى قۇرغان. ئۇلار نىزامۇلمۇلۇكنى ئۆلتۈرگەن ۋە باشقا بىرمۇنچە پادىشالار، ئاكابىر ئەشرەپلەرنى ئۆلتۈرگەن، لېكىن قاتىل تېپىلمىغان. تېپىلغان تەقدىردىمۇ، پىدائىي دەپ ئاتالغان بۇ قاتىللار ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايتتى، ئۇلار ئۆز ئىمامىنىڭ ئەمرى - پەرمانىغا قەتئىي بويسۇناتتى.

پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان سالاھىددىن گەپ قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ قاتىللار گۇرۇھىنى① ئاڭلىغان، لېكىن ئىشەنمىگەن ئىدىم. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ كاللىسى كېتىدىغان خەتەرگە قەدەم قويۇشى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ.

— مەۋلانىم. بۇنداق بولۇش تامامەن مۇمكىن، — دېدى ئىمادىددىن ھاياجانلىق بىلەن، — بىر كىشى ئۆز خوجىسىنى ياخشى كۆرگەندە ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاسى ئاشقاندا، ئۆز خوجىسىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىشى تۇرغان گەپ.

ئىمادىددىننىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن نەجمىددىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، راست دېدىڭ. لېكىن ئۆز خوجىسىغا سەندەك سەمىمىي - سادىق كىشىنى تېپىش قىيىن؛ جېنىدىن تويغانلارنىڭ كۆپچىلىكى مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىش مەقسىدىدە شۇنداق قىلىدۇ. ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ مۇرىتلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن

---

① بۇ قاتىللار گۇرۇھى تارىختا «سەففاكىن» (قان تۆككۈچىلەر) دەپمۇ ئاتالغان. — تەرجىمان.

قورقماسلىق مۇددىئاسى ھەر خىل. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەسەن ئىبنى سەبباھ ئۆز مۇرىتلىرىنى بىر خىل سېھىرگەرلىك بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغان، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى نەشە بىلەن زەھەرلىگەن، شۇڭا ئۇلار «ھەششىشىيە» ۋە ياكى «ھەششە شىيىن» دەپ ئاتالغان. مەيلى قانداق سەۋەپتىن بولمىسۇن، بۇ گۇرۇھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى چوڭ ئەرباپلار ئۈچۈن ناھايىتى زور خەۋپ.

ھەسەن ئىبنى سەبباھ بۇ گۇرۇھنىڭ ئىمامى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ ئۇۋىسى بۇ يەردىن يىراقتىكى كازۋىندا ئىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ باش مەھكىمىسى سىماق تېغىدا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇۋىسىدا مۇستەھكەم قەلئەلەرنى سالدۇرۇشتى، ھەممە يەردە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى بار. قىسقىسى، ھەسەن ئىبنى سەبباھ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باش مەھكىمىسى باشقا يەرگە كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇن ئۇلار ئالامۇت تېغىغا كۆچكەن، بۇ ئۇلارنىڭ 4 - قېتىملىق كۆچۈشى. ئۇلار بۇ گۇرۇھنى قۇرغان ھەسەن ئىبنى سەبباھنى مۇشۇ تايانچ بازىغا ئىسىم قىلغان ھەمدە «ھەسەن دېگەن ئىسمنى تىلغا ئالساڭ، ئامان قالىسەن» دېگەن سۆزنى تارقاتقان. بۇ چاغدا ھەسەن ئىبنى سەبباھنىڭ مۇرىتلىرى شامنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بار ئىدى، ئەھلى سەلىپ شامنى بېسىۋالغاندا، ئىسمائىلىيىلەرنى يىققان ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشتا ئۇلاردىن گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشكارا پايدىلانغان. ئەھلى سەلىپنىڭ باشلىغى ئۇلارنىڭ سىماق تېغىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلغان. بۇ چاغدا مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئىمامى بەھرام ئىدى. بەھرام ئىمام بولۇپ تۇرغان جەرياندا مىسىر ۋە شامدا بەزى پادىشا ۋە باشقا دۆلەت ئەركانلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىرنىڭ داڭلىق ھەربىي قوماندانى ئەمىر جىيۇشمۇ بار ئىدى. كېيىن مىسىر خەلىپىسى

ئەمىر بىنئەمرۇللا بەھرامنى تۇتتۇرۇپ چىپىپ تاشلاپ، كاللىسىنى قاھىرە كوچىسىغا ئاستۇرۇپ سازايى قىلدۇرغان.

ئىسمائىلىيىلەرنىڭ ھازىر سىماق تېغىدا مىسياف، مەرقەب، ئەلىقە، رىسافە قاتارلىق تايانچ بازىلىرى بار. بۇ گۇرۇھنىڭ ھازىرقى ئىمامى راشىددىن سىنان. ئۇ ئۆتكەنكى ئىماملارغا قارىغاندا تېخىمۇ قۇۋ، مەككار. ئۇ بەسرە① شەھىرىدە تۇغۇلغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئالامۇتتا ئىسمائىلىيىلەرنىڭ ئىمامى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىن شامغا كۆچۈپ بېرىپ، ھەلەبدە تۇرغان. ئۇ ئۆزىنى تەقۋا مۇسۇلمان كۆرسىتىپ، مۇرىتلارنى ئۆزئارا سەممىي ھەمكارلىشىشقا چاقىرغان ھەمدە ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ مۇرىتلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پۇل ۋە خوتۇن - قىزلىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىش دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن. كېيىن ئەبۇمۇھەممەت دىگەن بىر كىشى راشىددىن سىنانىنى سىماق تېغىدىكى ئىسمائىلىيە گۇرۇھىنىڭ ئىمامىغا تونۇشتۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي، راشىددىن سىنان ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ، بۇ گۇرۇھنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ ئىمام بولۇپ بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا، ئاشۇ رايوندا ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان بىرنەچچە مىڭ مۇرىت توپلانغان. ئەگەر ئۇ، ئۆز مۇرىتلىرىنى بىرەر پادىشا ياكى شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇسا، ئۇلار ئىنسى - جىنغا تۇيدۇرماي خوجىدار، چاكار ياكى ياساۋۇلچە ياسىنىۋېلىپ پادىشا ياكى شاھزادىنىڭ ئۈيچۆرىسىدە خىزمەت قىلىدۇ، پۇرسەت كەلگەندە ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر تىقىدۇ. خۇداغا شۈكرى، تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ، ئۇلار بۇ نۆۋەت سىزنى ئۆلتۈرمەپتۇ. ئەمما ئوغلۇم، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، بىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خەۋپى ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىدىنمۇ قورقۇنچلۇق!

---

① ئىراقتىكى بىر شەھەر.

سالاھىددىن گەپكە قۇلاق سالغاچ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئىمادىددىن بولسا نەجمىددىننىڭ ھەر بىر ئۇششاق ھەركەتلىرىنىمۇ كۆزىدىن قاچۇرمايتتى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپىنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتاتتى، ئۇنىڭ ھىسسىياتى نەجمىددىننىڭ گېپىدىكى ھەر بىر ۋەقەگە ئەگىشىپ دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. نەجمىددىن گېپىنى تۈگەتكەندە، ئىمادىددىننىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان ھىسسىيات ئۇچقۇنلىرىنى كۆردىيۇ، لېكىن سەزمىگەن بولۇۋالدى.

— بۇ باسمىچىلارنىڭ سۇيىقەستىگە قارشى تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. تولىمۇ بىپەرۋالىق قىلىپتىمىز، ئۇلارنى نازارەت قىلىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپتىمىز، — سالاھىددىن دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئېيتتى.

— يالغۇز نازارەت قىلىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى ئىمادىددىن، — ھەممىدىن ياخشى چارە ئۇلارنىڭ ئىمامىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، — ئۇنىڭ مەلۇم بىر نىيەتكە كېلىپ قويغىنى كۆزىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى نەجمىددىن.

— مەۋلانىم، گەپنى ئوچۇق ئېيتىشىمغا ئىجازەت قىلسىلا، بۇ قاتىللار گۇرۇھىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئىمامىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش. دەرەخ يىقىلسا مايمۇنلار توزۇپتۇ، دېگەندەك، بۇ باسمىچىلارنىڭ ئىمامى ئۆلسە، ئۆزلىرى تېزىپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئىمادىددىن.

— ئۇلارنىڭ باشلىقىنى ئۆلتۈرۈش ئېيتىشقا ئاسان، لېكىن ئۇلار خەتەرلىك تاغدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئايغاقچىلىرى يوق يەر يوق. ھەتتا بىزنىڭ قەسىر - سارايلىرىمىزغىمۇ ئۆز ئادەملىرىنى تىققان. ئويلاپ باق، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئىمامىغا قانداق يېقىنلىشالايمىز ھەم ئۇنى قانداق ئۆلتۈرەلەيمىز؟

— مەۋلانىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ئوتقا، سۇغا كىرىشتىنمۇ باش تارتمايمەن، — دىدى ئىمادىددىن ھاياجانلىق بىلەن، — بۇ ئىسمائىلىيە مەلئۇنلىرى سۇلتانىمىز سالاھىددىن ھەزرەتلىرىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ خالىغان ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئىكەن، بىزمۇ بىر ئامال قىلىپ ئىسمائىلىيلەر ئىمامىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ يۈرىگىگە خەنجەر تىقالايمىز. ناۋادا ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلسەك، بۇ ئالىجاناپ كىشىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولۇش بولىدۇ، بۇ ئەرزىگۈدەك ئىش.

نەجمىددىن ئىمادىددىننىڭ گېپىدىن بۇ ۋەزىپىنى ئۇنىڭ ئورۇنلىغۇسى بارلىغىنى بىلدى، لېكىن ئۇ بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىگىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىخەتەرلىگىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى توسماقچى بولۇپ مۇنداق دىدى:

— بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا پەقەت سارالىڭ ئادەملا قەدەم باسىدۇ. بىز تېخى ئامال قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتمىدۇق. ئىنئامدىن قەھرىمان چىقىدۇ. مىنىڭچە، پۇلنى كۆپ خەجلەپ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئادەم سېتىۋالساق، بۇ ئاپەتنى ئۇلارنىڭ ئۆزى يوقىتىدۇ.

— مەۋلانىم توغرا ئېيتتى، ئۇلاردىن بەزى ئادەملەرنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق بۇنداق قىلغاندا تازا ئىشەنچلىك بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆز كىشىلىرىمىز بارسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مۇمكىن قەدەر تېزرەك ئامال قىلىشى مۇمكىن.

— بىراق بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن قىيىن، خەتەرلىك، ئۇ يەرگە بېرىشقا ئۇنايدىغان كىشى چىقماسلىغى مۇمكىن، — دىدى نەجمىددىن تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

— مەۋلانىم، ئۆزلىرىنىڭ قۇلى ئىمادىددىن بۇ ۋەزىپىنى



www.uyghurkitap.com

ئەجرا قىلىشنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن، رەت قىلماسلىقلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن، — دېدى ئىمادىددىن بارمىغى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ.

— ھىممىتىڭىزگە بارىكاللا. بىراق سەن بارالمايسەن، بىز سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭغا مۇھتاجمىز.

— مەن بۇ يەردە قالسام نىمە پايدىسى؟ مەن مۇھاپىزەتچىلىكتە تەيىنلەنگەن بىرىنچى كېچىسى مەۋلانىم سالاھىددىن ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى، خىجالەتچىلىكتىن ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدىم. ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ۋەزىپىنى مېنىڭ ئورۇنلىشىمغا ئىجازەت بېرىلىشىنى سورايمەن، ئىجازەت قىلىنسا، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېساپلايتتىم.

سالاھىددىن تا ھازىرغىچە خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئۇ، ئىمادىددىننىڭ قەسەم قىلىپ، بۇ ۋەزىپىگە ئۆزىنى ئەۋەتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغانلىغىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا:

— بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭغا مۇھتاج. شۇڭا سېنىڭ بارمىغىنىڭ ياخشى، — دېدى.

— بارىمەن دەپ قەسەم قىلدىم، بۇ ۋەزىپە ئۈستىدە ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. مەن بەل باغلاپ قويدۇم، ئىجازەت بەرسىلە!

سالاھىددىن دادىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى. نەجمىددىن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، بارسا بارسۇن! سېنى خەتەردىن ساقلاپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، — دېدى.

تەلىۋىنىڭ ماقۇل كۆرۈلگەنلىكىدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئىمادىددىن مۇنداق دېدى:

www.uyghurkitap.com

— ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت. مەن ھەر بىرلىرىنىڭ سادىق قۇلى. بارغاندىن كېيىن ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىسام، ھەرگىز ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلمەيمەن. ئەتە سەھەر يولغا چىقاي. مېنىڭ ئۈمىت قىلىدىغىنىم شۇكى، مېنىڭ ھەركىتىم مەخپى تۇتۇلسا، ئىككىلىرىدىن بۆلەك ھېچكىم ئۇقمىسۇن. چۈنكى ھازىر قەسرىمىزدە دۈشمىنىمىز كىم، دوستىمىز كىم، پەرق ئېتىش تەس.

— ھازىرچە باشقا چارە بولمىغاچقا، سىنىڭ بېرىشىڭغا قوشۇلدۇق، ساڭا خۇدا مەدەتكار بولسۇن، — دېدى سالاھىددىن، — بايا سىلەر پاراڭلىشىۋاتقاندا، تۈنۈگۈن كېچە يۈز بەرگەن ۋەقە ئۈستىدە ئويلىنىپ، زادى تېگىگە يېتەلمىدىم. بىراق... — ئۇ سۆزلەۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە جىم بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئىيسا ھەككارى ئارقىلىق مەلىكە سەييىدەگە ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويغانلىقىنى ئەسلەپ، بۇ ئىشنىڭ ئىسمائىلىيە گۇرۇھىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەركىتى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمانغا كەلگەن ئىدى، لېكىن بۇ گۇمانغا ئاساس بولمىغاچقا، بۇ قارىشىنى ئېيتمىدى.

نەجمىددىن ئۇنىڭ دۇدۇقلاپ قالغانلىقىنى سېزىپ:

— سالاھىددىن، نىمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ ساڭا سادىق ئىمادىددىننىڭ نىيىتىدىن گۇمانلىنىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، — دېدى سالاھىددىن بېشىنى چايقاپ، — تۈنۈگۈن كېچە يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلاندىم، لېكىن بىر خۇلاسىگە كېلەلمىدىم، شۇڭا كۆپ سۆزلەشنى خالىمىدىم.

— ئويلىغانلىرىڭنى ئېيتىپ باققىن!

— دادا، مەن سىزگە راستىنى ئېيتسام، تۈنۈگۈن ئەتىگەن بىر ئاخمىقانە ئىش قىلىپ قويدۇم، — دېدى سالاھىددىن، ئاندىن غەيرەتكە كېلىپ، خىجىللىق بىلەن مۇنداق دېدى: —

بىر بۇرادىرىمنىڭ تەۋسىيە قىلىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ يەڭگىلتەكلىك
گىمدىن، سىزنىڭ رازىلىغىڭىزنى ئالماستىنلا ئۆز بېشىمچىلىق
بىلەن بىر ئىش قىلىپ قويدۇم، مۇشۇ ئىش ماڭا ئاۋارىچىلىك
تۇغدۇرغان بولۇشى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن.
— زادى نىمە ئىش ئىدى؟ — دىدى نەجمىددىن چۆشەنمەي.
— بۇرادىرىم ئىيسا ھەككارى تۈنۈگۈن مېنىڭ قېشىمغا
كېلىپ، ئۆزىنىڭ قارىشىچە ماڭا ناھايىتى زور پايدىلىق بىر
ئىشنى تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا مۇجمەل جاۋاپ بەرگەن
بولساممۇ، ئاخىر يەنە ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدىم.
— قانداق تەكلىپ؟
— ئۇ مېنى خەلىپە ئازىدقا مەلىكە سەيىيدەگە ئۆيلىنىش
تەلىۋىنى قويىشىڭ دىگەن ئىدى.
نەجمىددىن چۆچۈپ كەتتى ۋە:
— ماقۇل دىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاقىراپ.
— خېلى ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. ئاخىر، ئۇنىڭ ئۆزى
بېرىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشىغا قوشۇلدۇم.
— نىمىشقا ئۆزۈڭنىڭ مەرتىۋەڭگە، سالاھىيىتىڭگە زادىلا
مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىدىڭ؟ ئۆزۈڭ مۈشكۈل ئەھۋالغا
چۈشۈپ قالىسەن. ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىگىنى بىلەمسەن؟ —
نەجمىددىن سەل خاپا بولدى.
— ناھايىتى ساھىپجامال ئىمىش، — دىدى سالاھىددىن.
بۇ گەپلەرگە جىمجىت قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئىمادىددىن
ئۇلارنىڭ ئېيتىۋاتقىنى مەلىكە سەيىيدە ئىكەنلىگىنى بىلدى، ئۇ،
ئاشۇ بىر قېتىمقى ئوردا ۋەقەسىدە بۇ قىزنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ
بىر تۇتام چېچىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ بىلەن شۇ
ئۇچرىشىشتا ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇ-
يەسسەر بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئۆز خوجى-

سى سالاھىددىننىڭ بۇ قىزغا ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق، بىر خىل قارىمۇ ـ قارشى ھىسسىيات يۈرىگىنى سىيپاپ ئۆتتى. ئۇ، بۇنداق گۈزەل قىزنىڭ باشقا كىشىگە ياتلىق قىلىنىپ كەتكىنىدىن كۆرە ئۆز خوجايىنىمغا ياتلىق قىلىنغىنى ياخشى دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۆز خوجايىنىنىڭ بۇ قىزنى راستىنلا ئۆز نىكايىغا ئېلىشىنى ئويلىغاندا، دىلىدا بىر خىل ھەسەت قوزغالدى.

نەجمىددىن ئىمادىددىننىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ:

— ئىمادىددىن، سەن بۇ قىزنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنى كۆرگەن. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قەسىرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدە، بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا مەۋلانىم سالاھىددىن بىلەن بىللە قاتناشقان ئىدىم. بىز قەسىرگە لاۋىلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە بىسىپ كىردۇق. مەن دەسلەپ بىسىپ كىرگۈچىلەر قاتارىدا ئىدىم. قەسىردە ئىنتايىن ساراسىم ئىچىدە قالغان بىر قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان ئىدىم. ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ قىز ناھايىتى گۈزەل ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالتۇندەك ساغۇچ چېچى بەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ مەۋلانىم سالاھىددىنغا ھەقىقەتەن خۇدا قوشقان جۈپتى بولىدۇ، پەقەت مەۋلانىم سالاھىددىنلا ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ قىزغا مەۋلانىم سالاھىددىندىن باشقا كىشى يارىمايدۇ.

نەجمىددىن ئىمادىددىننىڭ گەپلىرىگە ئىشەندى. ئۇ سالاھىددىنغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئېيسا ھەككارى خەلىپىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ساڭا يەتكۈزدىمۇ؟ — دېدى.

— ئېيسا ھەككارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خەلىپە بىلەن كۆرۈشۈپ، مېنىڭ قۇدا چۈشۈش تەلىۋىمنى ئېيتىپتۇ، خەلىپە كېيىنرەك جاۋاپ بېرەي دەپتۇ، ھازىر ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىدىن خەۋىرىم يوق.

— ئۇ ئاسانلىقچە ماقۇل دېمەيدۇ، — دېدى نەجمىدىن بېشىنى چايقاپ، — بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قان - نەسەبىنىڭ پاكلىقىنى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سېنىڭ تەلىۋىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ئەۋلادى. بىز ئەرەپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىش بىزگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، — نەجمىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە سالاھىدىنغا لەپپىدە قارىدى - دە، ئۇنىڭ يەنە خىيالغا كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئىسا ھەككارىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆتمەكتە ئىدى: سالاھىدىن ئەرەپ نەسەبىگە ئېرىشمەكچى بولسا، مەلىكە سەييىدەگە ئۆيلىنىشى كېرەك، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزى ياكى پەرزەنتلىرى خىلاپەت تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەتتى. بۇ ئىسا ھەككارىنىڭ پىكرى ئىدى. سالاھىدىن دادىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناپ نەسەبىدىن پەخىرلەنمەسمۇ؟ — دەۋەتتى.

— نىمىشقا پەخىرلەنمىسۇن؟ ئەنە شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ دەۋاتىمەن. ئۇلار ۋارىس تاللاشتا بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ. شۇڭا، سەن كۈرد نەسەبىدىن بولۇپ تۇرۇپ، تەلىۋىڭنى ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن قانداقمۇ ئۈمىت كۈتەلەيسەن؟

سالاھىدىن خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئەتىكى نەتىجىسىگە قاراپ بىر ئىش قىلارمىز دەپ ئويلاپ:

— بۇ ھەقتە خەلىپىنىڭ جاۋابىغا قاراپ بىر-نىمە دەيلى! — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە بايىقى خەنجەرگە يەنە كۆزى چۈشتى. ئىمادىدىن بۇ خەنجەرنى كۆرۈپ، بېرىپلا ئۇنى ئالدى ۋە:

— مەۋلانىم، بۇنى مېنىڭ ئېيتىپ كېتىشىمگە ئىجازەت قىلامدىلا؟ — دېدى.

— ئۆزۈڭنىڭ خەنجىرى يوقمۇ؟ — دېدى سالاھىددىن چۈشەنمەي.

— بار، — دېدى ئىمادىددىن، — بىراق مەن بۇ خەنجەرنى بىزگە تەھدىت سېلىشقا پېتىنغان ئەبلەخنىڭ يۈرىگىگە تىقماقچى.

— ئىرادەڭ شۇنچە چوڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سالاھىددىن كىيىملىرىنى كىيەۋېتىپ.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچتىم. ئۇنى ئۆلتۈرگەندىلا پۇخادىن چىقىمىز. ئەمدى ئىككىلەنمىسىلە. مەن ئەتە تاڭ سۈزۈلگىچە قاھىرىدىن چىقىپ كېتىمەن.

نەجمىددىن مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق ۋە ياركاللا نەزىرى بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى:

— سالاھىددىنغا سادىقلىقىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. بۇ لەنەتكەردى ئىسمائىلىيلەر ھەممە ئادەمنى بىسەرەمجان قىلىۋەتتى. ناۋادا سەن ئۇلارنىڭ كاتتىۋشىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلىسەڭ، قەھرىمان بولىسەن. ئۇ چاغدا بۇ ئەلدە ئوغلۇم سالاھىددىندىن بۆلەك ئىككىنچى بىر كىشىنى سەن بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئىمادىددىن بۇ ئىلتىپاتلاردىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ، ئۆز كۆڭلىدە، بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلايمەن، دىگەن نىيەتكە كەلدى، لېكىن كۆرۈنۈشتە كەمتەر، تەمكىن قىياپەتتە تۇردى.

— سەن ئۇنىڭغا قانداق يېقىنلاشماقچى ۋە ئۇنى قانداق ئۆلتۈرمەكچى؟ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەريانىدا قانداق قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىغىڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى نەجمىددىن.

— تەپسىلى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىدىم. ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەق



www.uyghurkitap.com

قەت، خىيىم - خەتەر ئىرادەمدىن ياندۇرالمايدۇ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلىشىمغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

— ئەمىسە بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلغىن! — دېدى نەجمىددىن.

— ئەتە تاڭ سۈزۈلگىچە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك. مېنىڭ بارىدىغان يېرىم ۋە ۋەزىپەمنى ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۇقماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمەن، — دېدى ئىمادىددىن قەتئىيلىك بىلەن.

— ئاق يول تىلەيمەن، — دېدى كىيىملىرىنى كىيىپ بولغان سالاھىددىن. ئاندىن دادىسىغا لەپپىدە قاراپ، ئۇنىڭدىن تاپشۇرۇق كۈتتى.

— ھەم شىجائەتلىك، ھەم پاراسەتلىك بولغىن، — دېدى نەجمىددىن يەنىمۇ تاپىلاپ، — ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەگەر غەلىبە قىلساڭ، ھېچكىم ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇندىغان بولىسەن ھەم ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن.

ئىمادىددىن ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئەيمەنگەن ھالدا بېرىپ نەجمىددىننىڭ قولىنى، ئاندىن سالاھىددىننىڭ قولىنى سۆيۈپ، تەۋەززۇ بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەمدى چىقىپ تەييارلىق قىلىشىمغا ئىجازەت قىلىشسىلا! ھازىردىن باشلاپ يولغا چىققىچە مېنى كۆرمەسلىككىلىرى مۇمكىن، چۈنكى مەن بۇ يەردىن خۇپىيانە چىقىپ كېتىمەن.

— دىققىنىگىچە قىلغىن! — دېدى نەجمىددىن بېشىنى لىڭشىتىپ.

* * *

ئىمادىددىن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا چىقىپ كەتتى، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا غايەت زور خەتەرلىكلەرگە دۇچ-

كېلىدىغانلىقىنى تامامەن چۈشىنەتتى، لېكىن ۋەزىيىتى ئورۇنلاشقا ئىشەنچىسى بار ئىدى، بولۇپمۇ ۋەزىيەتنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ئېرىشىدىغان شان - شەرەپ ۋە مەرتىۋە ئۇنى ئىلھاملاندۇراتتى.

ئىمادىددىن قەسىر لوئلۇدىكى هوجرىسىغا كېلىپ، زۆرۈر تەييارلىقلارنى پۈتتۈردى، ئاندىن ئولتۇرۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە ئويلاندى. كۈن پاتاي دېگەندە، بىراۋ ئىشىكنى قاقتى، ئىمادىددىن ئەجەپلەندى، چۈنكى يولغا چىقاي دەپ تۇرغان بۇنداق چاغدا بىراۋنىڭ كاشىلا بولۇشىنى خالىمايتتى. بىراق نائىلاج ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك ئالدىدا بىر مۇلازىم تۇراتتى. ئىمادىددىن ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ، خەلىپە ئوردىسىنىڭ مۇلازىملىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ هەيران قالدى. بۇ مۇلازىم ئۆيگە كىرىپلا:

— ئۆزلىرى ئىمادىددىن سەرۋاز بولامدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— هەئە. نىمە گەپ؟

مۇلازىم ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا سەپسېلىپ، ئۆيدە ئۈچىنچى كىشىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىمادىددىنغا ئىشىكنى يېپىپ قويۇشنى ئىما قىلدى، ئاندىن پەخەسلىك بىلەن يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ، ئۇنى ئاۋايلاپ ئۇنىڭغا سۇندى.

ئىمادىددىن قولىغا ئېلىپ كۆرۈپلا چۆچۈپ چىرايى ئۆڭدى. چۈنكى بۇ تۈگۈنچەك بىر تۇتام سېرىق چاچ بىلەن چىگىلگەن بولۇپ، بۇ چاچ ئۆزى مەلىكە سەبىيىدەگە قايتۇرۇپ بەرگەن ھېلىقى چاچ ئىدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تۈگۈنچەكنى ئاستا ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىمزاسىز قىسقىچە بىر پارچە خەت چىقتى. خەت تۆۋەندىكىچە ئىدى.

«باتۇر ئىمادىددىنغا:

سىز بىر مۆھتىبەر كىشىنىڭ هاياتىنى قىلىچ ئاستىدىن

قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. قۇتۇلدۇرۇلغان بۇ كىشى سىزنىڭ ھەممىڭىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنى خالايدۇ. ئۆتكەندە سىز ئۇنى ئىلتىجا قىلمىغان ئەھۋالدا قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئىدىڭىز، ھازىر ئۇ سىزگە: مېنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ! دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. مېنىڭ تۇرار جايىمنى بىلمەيسىز، خەت ئاپارغان كىشى سىزنى باشلاپ كېلىدۇ.» —

ئىمادىددىن خەتنى ئوقۇپ، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. بىر ئاز خۇدىنى يىغقاندىن كېيىن، يولغا چىقاي دەپ تۇرغاندا، تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشۇم كېرەكمۇ ياكى ئۆزرە ئېيتىپ بارماسلىغىم كېرەكمۇ؟ دەپ ئويلىدى. بۇ بىر تۇتام چاچنى كۆرگەندە، ماگنىتتەك جەزىبى كۈچكە ئىگە بۇ چاچ ئۇنى بېرىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، مۇشۇ چاچ ئىگىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ چاچنى ئۇ دەمەشقتىن قاھىرىگە ئېلىپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرغان، مانا ھازىر مۇشۇ چاچنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىجا قىلىۋاتسا، بارماي بولامدىغان!

مۇلازىم جاۋاپ كۈتۈپ تۇراتتى. ئىمادىددىن ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، مۇلازىم ئۇنى قىستىغاندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر قەدەم يېقىن كەلدى، ئۇنىڭ ئەپتى - ھالىغا دىققەت قىلغان ئىمادىددىن ئۇنىڭدىن:

— سېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭ مۇشۇ خەتلامۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خوش. مەلىكە ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەرگە بارىدىغان يولىنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەردى.

— قانداق گەپ بۇ؟ مەن تېخى خەلىپىنىڭ قەسىرگە كىرىدىغان يولىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن؟

مۇلازىم كۈلۈپ قويدى ۋە پەس ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— قەسىرگە كىرىدىغان يولىنىلا بىلسە بولمايدۇ. چۈنكى

بۇ خەتنىڭ ئىگىسى قەسىرنىسادا تۇرىدۇ، ئۇ يەرگە ھەر قانداق ئەركىشى كىرگۈزۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ باھائىددىن قارا قۇش قەسىرنىسانىڭ ھەرەم بېگى بولغاندىن بۇيان، ئۇ يەرگە يات ئادەم ئۇچۇپمۇ كىرەلمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ يەرگە قانداق قىلىپ كىرگىلى بولىدۇ؟

— بېرىشنى ئىختىيار قىلسىلا، ئامال قىلىپ باشلاپ كىرىمەن.

— مېنى ئايالچە ياساندۇرۇپ ئەكىرمەكچىمۇ سەن؟ — دېدى ئىمادىددىن ئەجەپلىنىپ.

— يوقسۇ، ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى دەرۋازىۋەنلەر قەسىردىكى ھەر بىر قىز - ئايالنىڭ چىرايىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى تونۇيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ بىلىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ — ئىمادىددىن سەل بىتاقەت بولدى.

— مۇشۇ قەسىر لوئلۇنىڭ ئاستىدا خەلىپە قەسىرگە بارىدىغان بىر مەخپىي لەخمە بار.

— لەخمە؟ — ئىمادىددىن ھاڭ - تاڭ قالدى، چۈنكى ئۇ بۇ يەردە لەخمە بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى.

— شۇنداق، لەخمە بار، — دېدى مۇلازىم، — فاتىمىيە خەلىپىلىكى قەسىر - ئوردا سالدۇرغاندا، خەلىپىنىڭ بالا - چاقا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەرەمباققا چىقىپ سەيلە - تاماشا قىلىشىغا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن قەسىر بىلەن ھەرەمباغنى تۇتاشتۇرىدىغان بىرنەچچە لەخمە يول ياساتقان. بۇ لەخمە يوللار ئىچىدە قەسىر لوئلۇ بىلەن قەسىرنىسانى تۇتاشتۇرىدىغان لەخمە يول ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلگەن. چۈنكى نۇرغۇن خەلىپە، سۇلتانلار مۇشۇ يول ئارقىلىق قاتنىغان. كېيىن خەلىپە، سۇلتانلار قەسىر لوئلۇدا ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى مۇشۇ لەخمە ئارقىلىق ئوردىغا يۆتكەلگەن. بۇلار: ئەمىر بىئەھكامىللا، ھافىزلىدىنىللا، فائىز.

كېيىنكى خەلىپە، سۇلتانلار بۇ لەخمە بىلەن ماڭمايدىغان بولۇشقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ لەخمىنى كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ قېلىشقان، لېكىن مېنىڭ يادىمدا بار. بېرىشنى خالىسىلا، باشلاپ بارىمەن.

※ ※ ※

ئىمادىددىن تېخىچە ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ رۇچەكتىن سىرتقا قارىدى، قۇياش تاغ كەينىگە پاتقان ئىدى. ئۇ بۈگۈن كېچە قاھىرىدىن چىقىپ كېتىش لەۋزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك ئىدى. ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، مۇلازىمغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن:

— قەسىرنىساغا بېرىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئازغىنا ۋاقىت كېتىدۇ.

ئىمادىددىن: «تېز بېرىپ، تېز قايتىپ، يولغا چىقىشقا كېچىكىپ قالمىسام، ھەر ئىككى ئىش بىر يولىلا پۈتمەمدۇ!» دەپ ئويلىدى - دە، مۇلازىمغا:

— ئەمىسە ھازىرلا ماڭايلى! — دىدى.

— ئالدىرىمىسىلا، — دەپ توستى مۇلازىم، — قاراڭغۇ چۈشكەندە ماڭىمىز، بولمىسا، ئاسانلا باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىمىز.

ئىمادىددىن بۈگۈن ئاخشام قەسىرنىساغا بېرىشنىڭ يەنە بىر خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى. لېكىن دەرھال ئۇنىڭ كاللىسىغا، بۇ خەتەرلىك ئۇنىڭ ئىسمائىلىيىلەر باشلىغىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس دىگەن ئوي كەلدى - دە، مۇلازىمغا:

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا، سىرتتا مېنى كۈتۈپ تۇرغىن! تازا قاراڭغۇ چۈشكەندە سېنىڭ قېشىڭغا چىقىمەن، — دېدى.

— خوپ، دەريا لېۋىدىكى ئەنجۈرلۈكتە ساقلاپ تۇراي. سىلى مېنىڭ يېنىمغا چىققاندا، يولدا ۋە قەسىرگە كىرىشتە كىيىۋالىدىغان بىر تون بېرەي، كىيىۋالسىلا، قەسىردىكىلەر ئاسانلىقچە تونۇيالمايدۇ، — دەپ، مۇلازىم چىقىپ كەتتى.

مۇلازىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىمادىددىننىڭ كۆڭلى بىرئاز بىئارام بولدى. ئۇ بۇ بىر تۇتام چاچنىڭ ئىگىسى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىكى ئەھۋالنى ۋە سالاھىددىننىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش توغرىسىدا قىلغان گەپلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ بىردىنىم كېرەك، ئۇنى سالاھىددىننىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، سالاھىددىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم مۇمكىن دەپ قارىدى. لېكىن شۇئان كۆڭلى سەل غەلىتە بولدىيۇ، بىراق ئۆز خوجىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ ھىسسىياتىنى بېسىشقا مەجبۇر بولدى.

تۈن پەردىسى تارتىلغاندا، ئىمادىددىن كىيىملىرىنى كىيىپ، قوراللىنىپ، ئەنجۈرلۈككە كەلدى. ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشىغا، ئايال قىياپەتلىك بىر كۆلەڭگىنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈندى. ئىمادىددىن يېقىن بېرىپ قارىغان ئىدى، ئۇ كىشى دەل بايىقى مۇلازىم بولۇپ، ئايالچە چاپان يېپىنىۋالغان ئىدى. مۇلازىم ئۇنىڭغىمۇ ئاشۇنداق بىر چاپاننى كىيگۈزدى. ئاندىن ئىككىسى غىپپىدىلا باققا كىرىپ كەتتى. ھەممە يەر قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ قارىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈن-تىن چىقارماي بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، مۇلازىم ئىمادىددىننىڭ قولىنى كاپپىدا تۇتۇپ، ئۇنى يوغان بىر ئازگالغا باشلاپ چۈشتى. مۇلازىم ئازگالدىكى چاتقاللارنى قوللىرى بىلەن قايرىدى، ئىمادىددىن ھالقىسى بار تۆمۈر ئىشىككە ئۇرۇلدى. ئۇلار بۇ تۆمۈر ئىشىكنى

ئېچىۋېتىپ، ئىمادىددىنغا زەھەرلىك بۇس ئارىلاش سوغاق شامال ئۇرۇلدى، ئۇ بۇ يەرنىڭ لەخمىنىڭ ئاغزى ئىكەنلىكىنى بىلدى.
— ئارقامدىن ماڭىسىلا! — دېدى مۇلازىم.
ئىمادىددىن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. لەخمىنىڭ يولىغا شىپ غىل ياتقۇزۇلغانلىقىنى بىلىندى. لەخمىنىڭ ئىچى گۆردەك قاپ ـ قاراڭغۇ بولغاچقا، تامنى سىيپلاپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئىچكىرىلىگەنسېرى زەھەرلىك بۇسنىڭ ھىدى كۆچەيمەكتە ئىدى، يەنە زەي پۇراپ تۇراتتى. ئىمادىددىن ئالدىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ:
— سەن بۇ يولدا مېڭىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— سىلىنىڭ قاشلىرىغا مۇشۇ يول بىلەن كەلدىم، — دېدى مۇلازىم.
ئىمادىددىننىڭ ئەمدى كۆڭلى تىندى، قايتا گۇمان قىلمىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئاياق شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى. مۇلازىم دەرھال ئۇنىڭغا:
— ئۈستىمىز كىچىك قەسىر، ئالدى تەرىپىمىزدە مەيدان ۋە خەلىپە ئوردىسى بار، ئۇ يەردىن ئۆتسەك قەسىرنىساغا يېتىمىز، — دېدى.
مۇلازىم قەسىرنىسانىڭ ئاستىغا كەلگەنلىكىنى سەزگەندە، ئىمادىددىننى توختاشقا ئىما قىلدى، ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىۋىدى، ۋاللىدا چىراق يورۇغى چۈشتى. مۇلازىم ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ بىرنەچچە باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەيدىن چىقىپ بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئىمادىددىن ئۆزىنىڭ ۋە مۇلازىمىنىڭ ئۈستىۋاشلىرىدىكى توپا، ئۆمۈچۈك تورلىرىغا قاراپ قويدى. ئاندىن ئىككىسى تاش چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، گىلەم سېلىنغان بىر ئۆيگە كىرىشتى، ئىمادىددىن بۇ ئۆينىڭ قەسىرنىسادىكى ئۆيلەردىن ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.
مۇلازىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ كەتتى.

ئىمادىددىن ئۆلتۈرغاندىن كېيىن، دەرھال مەلىكە سەيپىدەنى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھودۇقۇپ كەتتى. خېلى بىر ھازادىن كېيىن مۇلازىم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى، ئارقىدىن مەلىكە سەيپىدەنىڭ ئىنىگانىسى ياقۇتە كىردى. ئۇ ئىمادىددىنغا تونۇشتەك بىلىندى - دە، ئۇنى بۇرۇن كۆرگەنلىكى ئېسىگە كەلدى.

ياقۇتە ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، مۇلازىمنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۆيدە ئىككىيلەن قالغاندىن كېيىن، ياقۇتە گەپ ئېچىپ:

— تەقسىر، مۇشۇنداق كېچىدە سىزنى تەكلىپ قىلىپ بىئارام قىلىپ قويدۇق، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق. مېنىڭ كېلىشىم باش ئاغرىقى كەلتۈرمىسىلا بولدى.

— ئىنشائاللا، باش ئاغرىقى كەلتۈرمەيدۇ، — دېدى ياقۇتە، ئاندىن: — بۇرۇن مېنى كۆرگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئېسىمدە. بىز كۆرۈشكەن، — دېدى ئىمادىددىن.

— بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە بىردىنلا يېنىمىزدا پەيدا بولغانلىقىڭ، مەلىكىمىز سەيپىدەنى قۇتقۇزۇۋېلىشتا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىڭ مەڭگۈ ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، جانغا ئارا تۇرغان ھەممىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىزنى تولىمۇ كۆرگۈسى كەلدى، لېكىن سەن شۇندىن بۇيان كەلمىدىڭ.

— بىراق مېنىڭ ئۇ ئىشىم ئىنئام ئۈچۈن ئەمەس ئىدى.

— دەرۋەقە، ئىنئام ھەمىشىلا ھاجەت بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما ئىلتىپاتقا ئېرىشكۈچى ئىلتىپات قىلغۇچىغا ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتىش بار گەپ. ھاسىل كالام، بۇنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئىككىڭلارغىلا مۇناسىۋەتلىك. ئىككىڭلار كۆرۈشكەندە مەن

ئۇشۇقچە بولـۇپ قالىمەن. تـەقسىر، شـۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، تىل بىلەن ئېيتقىلى بولـمايدىغان، پەقەت ئەقىلغىلا ھاۋالە قىلىنىدىغان بىر كـەيپىياتنى ئىپادە قىلدى.

ئىمادىددىن شۇ ئان ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ، بەقەمـدەك قىزىرىپ كەتتى، يۈرىكىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. لېكىن ياقۇتە ئېيتقاندەك بولۇشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالـمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن مەلىكە سەييىدە ئوتتۇرىسىدا ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرق بار: مەلىكە سەييىدە بولسا خەلىپىـنىڭ ھەمشىرىسى، مىسىردىكى بارلىق مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلارنىـڭ ئايال پادىشاسى ـ دە! بۇنى چۈشىنىدىغان ئىمادىددىن ياقۇتەنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەن بولۇۋېلىپ:

— مەلىكە سەيـيىدە خېـنىم يـاخشى تـۇرغـاندۇ؟ تـېنى ساقتۇ؟ — دېدى.

— ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالمىدىڭمۇ؟

— ئالدىم. مېنى نېمىشقا چاقىرتتىكىن؟

— چاچ قېنى؟

— مانا، — ئىمادىددىن يېنىدىن ھىلىقى بىر تۇتام چاچنى چىقاردى.

— بۇنى ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىمامسەن؟

— خالىمامدىغان. مانا ھازىر مۇشۇ چاچ ئىگىسىنىڭ تەكـلىۋى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇۋېتىمەن. بىرەر ۋەقـە بولدىمۇ؟

— ئۇ ساڭا ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتماقچى. بۇ بىر تىزىق مەرۋايىتنى ساڭا چىقارتتى، — دەپ، ئۇنىڭغا سۇندى.

ئىمادىددىن بىر تىزىق مەرۋايىتنى ئالدى، لېكىن كۆز قىرىـنىمۇ سالماي قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

— مەلىكەمنىڭ ئىلتىپاتىغا مەندىن رەھمەت ئېيتىپ قويۇڭ. لېكىن ماڭا بۇنداق مۇكاپات لازىم ئەمەس. مەن ئۇ كىشىنى مۇكاپات ئېلىش تاماسىدا قۇتقۇزمىغان.

ئىمادىددىننىڭ ھەركىتى ياقۇتەدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىدى. لېكىن ياقۇتە چاندۇرماي، رەنجىگەن بولۇپ مۇنداق دىدى:

— مەن بۇيرۇققا بىنائەن بۇ ھەدىيىنى ساڭا تاپشۇرىمەن، قوبۇل قىلمىساڭ، ئىگىسىنى چاقىرىمەن، ئۇ ئۆزى بەرسۇن. لېكىن ساڭا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ئىمادىددىن تەقسىر، ئۇ ناھايىتى كەسكىن كىشى.

ياقۇتە مەرۋايىت تىزىقنى گىلەم ئۈستىگە تاشلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. ئىمادىددىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. بىر دەمدىن كېيىن، ياقۇتە قايتىپ كىردى، ئارقىدىن مەلىكە سەيىدە كىرىپ كەلدى. مەلىكىنىڭ يۈزى ياغلىق بىلەن ئورالغان، پەقەت ئىككى كۆزىلا ئوچۇق بولۇپ، كۆزلىرى غەمكىن ئىدى. ئىمادىددىن دەس قوپۇپ، ئەدەپ بىلەن بېشىنى ئىگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

مەلىكە سەيىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرھال مۇنداق دىدى:

— ئولتۇرۇڭ، ئىمادىددىن. سىز مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان نىجاتچىم، مەن ئۇچۇن ئۆرە تۇرسىڭىز بولمايدۇ. سىزنى مۇشۇنداق كېچىدە چاقىرتىپ ئاۋارە قىلىپ قويدۇق. ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەنلىگىڭىزدىن تولىمۇ بەختىلىكمەن، — ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گېپىدىن ئىمادىددىننىڭ يۈرىگى ئېرىپ كەتتى — دە، ئۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئولتۇردى.

ئىككىيلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ياقۇتە گىلەمدىكى بايىقى بىر تىزىق مەرۋايىتنى ئېلىپ، مەلىكە سەيىدەگە بېرىپ:

— تاپشۇرۇغۇڭ بويىچە بۇنى ئۇنىڭغا بەرسەم ئالمىدى، — دىدى.

سەيىيدە مەلىكە مەرۋايىتنى ئېلىپ، ئىمادىددىنغا.

— سىز مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، بۇ ئازغىنا ھەدىيىنىمۇ قوبۇل قىلمامسىز؟ — دىدى، ئاندىن ئۇنىڭمۇ قولىنى ئۈزىتىپ مەرۋايىتنى ئېلىشنى ئۆمىت قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. ئىمادىددىن قول ئۇزىتىشنى كېچىكتۈرگەندە، ياقۇتە تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى ۋە:

— تەقسىر، بايا ئېيتتىمغۇ، مەلىكىنىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلسىڭىز بولمايدۇ! — دەپ ۋاقىردى.

ئىمادىددىن خىجىل بولۇپ قالدى ـ دە، ئاخىر قولىنى ئۇزىتىپ:

— بۇنى مۇكاپات دەپ ئەمەس، ھەدىيە دەپ ئالاي، — دىدى. قولى مەلىكە سەيىيدەنىڭ قولىغا تەككەندە ئۇنىڭ قولىنىڭ تىت رەۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇ چاغدا مەلىكە سەيىيدەنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىكى قانلار ئۆركەشلەپ، يۈزى قىزىلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ياقۇتە ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىشنى سېزىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ:

— مەن بەرسەم ئالمىغان ئىدى، سەن بەرسەڭ ئالدى، — دىدى.

— سىز ئۇنى ماڭا مۇكاپات تەرىقىسىدە بەرگەن ئىدىڭىز، شۇڭا رەت قىلدىم؛ مەن بىرەر ياخشى ئىش قىلسام پۇل ـ مال تاماسىدا قىلمايمەن، — دىدى ئىمادىددىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئەمىسە نىمە تاما قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ياقۇتە ئىككى بىسلىق قىلىپ، — بايازە، ئىككىڭلار بۇرۇنلا پۈتۈشۈپ قويۇپتىكەنسىلەر ـ دە، ...

ئىمادىددىن ياقۇتەنىڭ مۇنداق يالىڭاچ گەپ قىلغىنىدىن ئەجەبلىنىپ قالدى. ئۇ مەلىكە سەيىيدەنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن مەلىكىنىڭمۇ ئۆزىگە مۇنداق كۆڭۈل بېرىشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئىدى. ياقۇتە گەپنى مۇشۇنداق ئېچىپ

ئېيتقاندىن كېيىن، راستىنلا ئىمادىددىننىڭ نىيىتى سەل ئۆزگىرىپ قال-
دى، لېكىن ئۆز خوجىسى سالاھىددىننىڭ مەلىكە سەيىىدەگە ئۆيلىنىش
تەلۋۈنى قوبۇللىشىغا قويغانلىقى دەرھال ئېسىگە كەلدى ـ دە، شۇ ئان نىيىتى-
دىن ياندى ۋە ئۆز خوجىسى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان
ئىش قىلىپ قويغىنىدىن ئۆزىگە نەپرەتلىنىپ، بۇنداق نىيەتتە
بولغانلىقىنى چوڭ ئازغىنلىق دەپ ھېساپلىدى. لېكىن بۇ ئويىنى
بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا تەمكىن تۇ-
تۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۆتكەن نۇۋەت بىر ـ ئىككى مەلىۇننىڭ مەلىكە خېنىمنى
ئېلىپ قېچىشقا ۋە ھاقارەتلەشكە ئۇرۇنغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قۇت-
قۇزۇۋالمىسام بولمايتتى، ئەلۋەتتە!

مەلىكە سەيىىدە ئىمادىددىنغا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى،
ئىمادىددىننىڭ گېپى تۈگىگەندە، شۇ ئان يۈزىنى ئېچىۋېتىپ، ئۇنىڭ-
غا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ھەقىقى ئەپتى ـ چىرايىمنى كۆرۈپ قويىسىڭىزمۇ
ئۇشۇقچە بولماس، چۈنكى سىز مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇۋالغان
نىجاتچىم. شۇ چاغدا، مەن بالا ـ قازاغا يولۇققاندا، ئوردىدا نەچ-
چە ئونلىغان تۇققانلىرىم ۋە مۇلازىملىرىم بار ئىدى، ئۇلار مې-
نىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بىرسىمۇ سىز-
دەك كۆكرەك كېرىپ چىقىپ پىداكارلىق كۆرسىتەلمىدى. شۇ چاغ-
دا سىزنى ئاسماندىن چۈشكەن نىجات يۇلتۇز دەپ قارىدىم، بى-
راق سىزنىڭ شۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىڭىز ماڭا
نامەلۇم، — مەلىكە سۆزلەپ بولۇپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ،
يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— ئۇ چاغدا مېنىڭ مۇددىئايىم مەۋلانىم سۇلتان سالاھىد-
دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى، — ئىمادىددىن مەلىكە
سەيىىدەنىڭ ئارتۇقچە ماختىغىنىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشتىياقى

بارلىغىنى سەزگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى دۆت كۆرسەتتى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دىدى: — سۇلتان سالاھىددىن بىزگە قەسىرگە ئوت قويىماڭلار دەپ ئەمرى قىلغان، لېكىن مەن بىر پارچە ئوتنىڭ مۇشۇ ئۆي تەرەپكە كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ قالدىم. بىراۋ توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلىماقچى بولۇۋېتىپتۇ دەپ گۇمانلىنىپ تۇرغىنىمدا، نىقاپلانغان بىر مەلئۇننىڭ مەلىكىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، ھوجرىلىرىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدىم. كۆزۈمگە ھىچنەرسە كۆرۈنمىگەن ھالدا بىسىپ كىرىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتتىم. لېكىن شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ خەلىپە ئائىلىرىنىڭ ھەمشىرىسى ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيتتىم. ئۆزلىرىنى كۆرگەندە ئالتۇندەك چاچلىرىنىڭ مەندىكى چاچ بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشلىغىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى مەندىكى چاچنىڭ ئىگىسى شۇ دەپ پەملەپ چاچنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم.

— مېنىڭ چېچىم قانداق بولۇپ سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشۈپ قالغان؟ — دەپ سورۇشتە قىلدى مەلىكە.

— ئۇ چاچنى دەمەشقتە سۇلتان نۇرىددىن بەرگەن، — دىدى ئىمادىددىن، ئاندىن يەنە بايىقى گەپكە قايتىپ مۇنداق دىدى: — ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغان چاغدىكى ھىسسىياتىمنى سوراپ قالدىلا، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھىسسىياتىم خەۋپتە قالغان كىشىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئادەتتىكى ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك قىزغىنلىق، خالاس.

— سىزنىڭ ئەنە شۇ ئالىجاناپ ئىشىڭىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا سىزنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغان.

ئۇنىڭ ماختىشىدىن ئىمادىددىن قىزىرىپ كەتتى ۋە تارتىنچاقلىق بىلەن مۇنداق دىدى:

— مەلىكەم، ئاشۇرۇۋەتتىلە. مەن ئالىجاناپ مەلىكە خېنىمنىڭ مۇنچىلىك ماختىشىغا ئەرزىمەيمەن. پېقىر بولسام بىر چاكار،

ئۆز غوجامنىڭ بەختەرلىگىنى قوغداش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم.

— مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئىمادىددىن، سىز چاكار ئەمەس. سىز خەلىپىنىڭ ھەددىسى ئۆچۈن باشقا ئېسىلزادىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشى ئىشنى قىلدىڭىز. سىزدە ئالى نەسەپلىك بەگزادىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلمايدىغان، نۇرلۇق يۇلتۇزدەك پاك يۈرەك بار. گۈزەل پەزىلىتىڭىز سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، ئالى نەسەپلىكلەر سېپىگە ئېلىپ كىردى. شۇڭا ئەمدى سىز چاكار ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ناھايىتى كاتتا كىشى بولۇپ قالىسىز!

مەلىكە سەييىدەنىڭ تەلەپپۇزىدا ئىمادىددىننىڭ گۇمانلىنىشىغا قىلچە ئورۇن يوق ئىدى.

مەلىكە سەييىدەنىڭ ئۇنى كاتتا كىشى بولۇپ قالىسىز دېگىنىنىڭ نەجمىددىننىڭ بەرگەن ۋەدىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىققىنىغا ئىمادىددىن خوشال بولدى. ئۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— مەلىكە خېنىمنىڭ ياخشى تىلەكداشلىغى مېنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى قوبۇل قىلماي ھەددىم ئەمەس. مېنىڭ مەۋلانىم سۇلتان سالاھىددىن تونۇگۈن مېنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ ئۆستۈردى. دېمەك، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرى ئاللاغا يېتىپتۇ.

«سالاھىددىن» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ، سەييىدەنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇ سالاھىددىننىڭ ئۆزىگە تۆيلىنىش تەلىۋىنى قويغانلىغىنى ئەسلەپ، ئۆز ئىسمىنىڭ سالاھىددىن بىلەن باغلىنىشىنى چېلىك دېلىدىن ياقتۇرمىدى، لېكىن سالاھىددىننىڭ ئىمادىددىننى مۇھىم خىزمەتكە قويغىنىدىن خوشال بولۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سىز ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك. ئەگەر خالىسىڭىز،

سالاھىددىن ۋە باشقا ئالى ئەسەبلىك كىشىلەر قولىغا كەلتۈرەلـ
مىگەن شۆھرەت ۋە مەرتىۋىگە مۇشەررەپ بولىسىز، — ئۇ
مۇشۇ گەپلەرنى قىلغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى سۆيۈنۈپ، كۆزلىرى
خۇمارلىشىپ كەتتى، ئۆز ھىسسىياتىنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن
ئېيتىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلغاندەك، خىجىل بولۇپ يەرگە قارىـ
ۋالدى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي، كۆكرىكىگە تاشلىنىپ تۇرـ
غان چېچىنى ئوينىپ تۇردى.

شۇ تاپتا ئىمادىددىن ئىنتايىن ھاياجانغا چۈمدى، بولۇپمۇ
مەلىكە ئۇنى سالاھىددىنىدىنمۇ زىيادە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى
بىلدۈرگەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت باغلىغانـ
لىقىدا ھېچقانداق شەك قالمىدى. لېكىن ئۇ: «سالاھىددىن
بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، مەن بولسام
سالاھىددىننىڭ خىزمەتچىسى. ئۆز خوجايىنىمنىڭ مەنپەئەتىگە
چاڭگال سالسام قانداق بولىدۇ؟» دەپ ئويلىدى - دە، دەس
ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەلىكەم، مەن بولسام سۇلتان سالاھىددىننىڭ چاكىرى
ئۇ كىشى تاپشۇرغان يەۋقۇلئاددە بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش
ئۈچۈن بۈگۈن كېچە يولغا چىقماقچىمەن. شۇڭا بۇ يەردە ئارتۇق
تۇرالمايمەن. ھازىر ئۆزلىرى بىلەن خوشلىشاي، — دەپ
مېڭىشقا تەمشەلدى.

مەلىكە سەيىدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇيرۇققا
ئوخشاش تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن يەنە تەكرار ئېيتىپ قوياي، بۈگۈندىن كېيىن
سىز ھېچكىمنىڭ چاكىرى ئەمەس، بەلكى مەرتىۋىلىك بىر زات،
مۇستەقىل خوجا. سىز مەلۇم بىر كىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلماسـ
لىقىڭىز كېرەك. ھازىر مەن سىزگە مۇھتاج، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىـ
شىڭىز لازىم. سىز باتۇر، ئالىجاناپ كىشى تۇرۇپ، بېشىمغا كۈن

چۈشكەندە قاراپ تۇرماسسىز ئەلۋەتتە!

ئىمادىددىن ئەمدى ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەي دەرھال بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى ھېس قىلدى ـ دە، غەيرەتكە كېلىپ:

— شۇڭا دەرھال مېڭىشىم كېرەك، ئۈستۈمدە مۇھىم ۋەزىپە بار، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قەسەم قىلغان ئىدىم، — دېدى.

مەلىكە ئۇنىڭ جاۋابىدىن ناھايىتى رەنجىپ تەتۈر قاراۋالدى ۋە يىغلىدى.

ياقۇتە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— ئىمادىددىن، مەلىكەمنى نائۈمىت قىلما، سەن ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى تېخىچە چۈشەنمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— مەلىكەمنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشەندىم، بۇنداق زور ھىممىتىنى ياندۇرۇشقا بېشىم ئون ئەمەس، لېكىن مەن سۇلتان سالاھىددىننىڭ خىزمەتچىسى، ئۇ كىشى ماڭا مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرغان، بۇ ئىشقا قىلچە سۇسلۇق قىلالمايمەن، — دېدى ئىمادىددىن، ئاندىن مەلىكە سەييىدەگە بۇرۇلۇپ: — مەلىكەم، رەنجىمىسىلە، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ھىممەتلىرىنى يۈرىگىمدە ساقلايمەن، كۆپتىن ـ كۆپ مىننەتدارمەن، — دېدى.

ئىمادىددىننىڭ ئاخىرقى گېپى مەلىكە سەييىدەگە ھوزۇر ۋە خوشاللىق بەخش ئەتتى. ئۇ ئىمادىددىننىڭ كۆزىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئەيىپلەش ۋە نازلىنىپ رەنجىش تەلەپپۇزى بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۆزىڭىز توغرىلىق گەپ قىلسام، گەپنى ھەدەپ سالاھىددىن تەرەپكە تارتىسىز، سالاھىددىن بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىگىنى قىلىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتىمىز يوق، سىز تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسىز؟



www.uyghurkitap.com

ئىمادىددىن ھەم چۆچۈش، ھەم خوشاللىق ئىچىدە ئالاقزادە بولۇپ قالدى. ئۇ مەلىكە سەييىدەنىڭ سالاھىددىننى ياقتۇرماي، ئۆزىگە مۇھەببەت باغلاپ قالغانلىقىنى مانا ئەمدىلا جەزملەشتۈردى. ئۇ سەل ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويدى، لېكىن ئۆز ھىسسىياتىنى ئەقلىي كۈچى بىلەن تىزگىنلىۋالدى. ئۇ ئورۇنلاشقا قەسەم قىلغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈن كېچە يولغا چىقىشى شەرت. ئۇ ئەدەپلىك بىلەن مۇنداق دىدى:

— مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغىنىم شۇكى، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ھەقىقەتەن چۈشەندىم، مۇبادا يەنە چۈشەنمىگەن جايلىرىم بار دېيىلسە، بۇنداق بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ماڭا ئەمەس، سۇلتان سالاھىددىنغا نېسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گەپنى ئوچۇق ئېيتقىنىمنى كەچۈرگەيلا: ئۆزلىرى سۇلتان سالاھىددىننى تېخى چۈشەنمەيدىكەنلا، ئۇ كىشىنى ھەقىقى چۈشەنسىلە، ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئېسىل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىلە. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىشقا تەييارمەن. بىراق ...

— «بىراق» دېگەن گەپنى قىلماڭ، — دەپ، مەلىكە ئۇنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇۋەتتى ۋە كۆزلىرىدە خوشاللىق ياشلىرى ئەگىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ماڭا سىزنىڭ مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدىكى گېپىڭىزلا ياقىدۇ، — دىدى.

— مەن پۈتۈنلەي ئۆزلىرىگە بويسۇنىمەن، بىراق مەن خىزمىتىمنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ. مەن ئەتە تاڭ سۈزۈلگىچە قاھىرىدىن چىقىپ كېتىشكە قەسەم قىلغان، ۋاقىت ناھايىتى قىس، مەلىكەمدىن ئەپۇ سورايمەن، ئەمدى قايتاي، — دىدى ئىمادىددىن ئۆتۈنۈپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— قەيەرگە بارماقچى، نىمىشقا شۇنچە ئالدىراپسىز؟ — دەپ سورىدى مەلىكە ئەنسىرەپ.

— ۋەزىپەمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەلۇم بىر يەرگە باراتتىم.

— زادى نە ئۇ؟

— بۇ ۋەزىپە سۇلتان سالاھىددىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، — دىدى ئىمادىددىن ئۇچۇق ئېيتىشقا پېتىنالماي.

ئۇنىڭ تەپسىلىي ئېيتىشقا ئۇنىمايىسىزلانغانلىقىنى بىلگەن مەلىكە سەيپىدە قايتا سۈرۈشتە قىلماي جىم بولۇپ قالدى.

ئىمادىددىن يۈرىگىگە ئىشق ئوتى تۇتاشقانلىقىنى سەزدى، مەلىكە سەيپىدەگە بولغان مۇھەببىتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. لېكىن نىمە بولسا بولسۇن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ، مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى.

— مەلىكە خېنىم، ئۆزلىرى بىلەن خوشلىشىشىمغا ئىجازەت قىلسىلا. خۇدا پانايىدا ساقلاپ، ئامان-ئىسەن قايتىپ كەلسەم، شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى رازى قىلىمەن، — دىدى ئىمادىددىن.

*　　　*　　　*　　　*

شۇ گەپتىن كېيىن، ئىمادىددىن مەلىكىگە قولىنى ئۇزاتتى، لېكىن مەلىكە لام-جىم دىمىدى. ئۇ ئىمادىددىننى قالدۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزلىمەكتە ئىدى، چۈنكى ئىمادىددىننىڭ بىردەم بولسىمۇ ئۆز يېنىدا كۆپرەك تۇرۇشىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ جىقراق مۇڭدىشىشنى خالايتتى.

ئۇشتۇمتۇتلا سىرتتا تېز-تېز باسقان قەدەم شەپىسى ئاڭلاندى، ئۇچەيلەن دىڭ تۇرۇپ قېلىشتى، ياقۇتە قورقىنىدىن

تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ھەتتا ئىشىككە بېرىپ قاراپ بېقىشنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ تۇرغاندا، ئىمادىددىننى باشلاپ كەلگەن مۇلازىم چىرايىدا ئادەم تەلەتى قالمىغان ھالدا پالاقشىپ كىردى. مەلىكە سەيپىدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ تىترىگەن ھالدا:

— باھائىددىن قارا قۇش ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ! — دېدى.

— نېمە، باھائىددىن دەمسەن؟ مەن بىلەن نېمىشقا كۆرۈشىدىكەن؟ — مەلىكە سەيپىدە باھائىددىننىڭ تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەندىشە قىلدى.

— ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى بويىچە سىرتتا كۈزىتىپ تۇراتتىم. بىردىنلا، بېشىنى رومال بىلەن ئورىۋالغان بىر كىشىنىڭ قەسىرگە ئالدىراش كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ قالدىم، لېكىن كىملىكىنى تونۇيالمىدىم. بىراق ئۇنىڭ باھائىددىن ھەزرەت بىلەن كۆرۈشمەن دېگىنىنى ئاڭلىدىم، ئۇلار كۆرۈشتى، نېمە دېيىشكىنىنى بىلمىدىم. باھائىددىن ھەزرەت ئاشۇ ناتونۇش كىشىنى دەرۋازىدىن ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇلازىمىنى يول باشلاشقا بۇيرۇپ مۇشۇ يەرگە كەلدى، شۇڭا مەن دەرھال ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلغىلى كىردىم.

ئۆينى شۇ ئان سۈر باستى. مەلىكە سەيپىدە غەزەپلىنىپ:

— ئىمادىددىننىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى قاغىش تەككۈر باھائىددىن بىلگەنمىدىكىنا؟ — دېدى.

— باھائىددىننىڭ كېلىشى ئىمادىددىنغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن، دەيمەن! — ياقۇتە گۇمانلاندى.

— چوقۇم مۇناسىۋەتلىك. مەيلى، كەلسە كەلمەمدۇ. ئۆزەم تاقابىل تۇرۇپ نوخۇلىسىنى ئېلىپ يولغا سالىمەن، — دېدى مەلىكە.

www.uyghurkitap.com

ئىمادىددىن ئىشنىڭ جىددىلىكىنى سەزدى ـ دە، جاۋاپ كارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ، مەلىكە بىلەن ياقۇتەگە مۇنداق دېدى:

ـ ئىشنى كىم تېرىسا، شۇ جاۋاپ قىلىدۇ، سىلەرگە مەن كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرگەندىكىن، ئاقىۋىتىگە ئۆزەم ئىگە.

— بۇ يەردە سىزنىڭ باش قاتۇرۇشىڭىز هاجەتسىز، — دېدى مەلىكە سەيىيدە بېشىنى چايقاپ، — بىراق، ئارزۇ ـ ئۈمىدىمگە خىلاپ هالدا سىزنىڭ كېتىشىڭىزگە ئىجازەت بېرىشكە مەجبۇرمەن، ئەمما كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، — ئۇ مۇلازىمغا: — سەن ئىمادىددىن جاناپنى لەخمە ئارقىلىق ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي، — دەپ بۇيرۇدى ۋە شۇ ئان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى، كۆزلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، ئىمادىددىنغا تارتىشقان هالدا مۇنداق دېدى: — ۋە دېگىنىزدە تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ. مەن ئىنتايىن ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە قالدىم، سىزنىڭ دەردىمگە دەرمان بولۇشىڭىزغا كېچە ـ كۈندۈز تەشنامەن. باھائىددىننىڭ كېلىپ قېلىشى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈپ قويدى، سىزگە دەردىمنى ئېيتىپ بولالمىدىم. ئېيتىپ بولالمىغان گەپلىرىمنى زېرەك مىڭىڭىز ۋە كىشىنى ياخشى كۆرىدىغان يۈرىكىڭىز بىلەن چۈشىنىۋالارسىز! هازىرقى ھىسسىياتىمنى گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. هاسىل كالام، قۇرغاقچىلىقتا كىشىلەر بۇلۇتقا تەلمۈرگەندەك، سىزنىڭ يانا بىر كېلىشىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمەن. مەن بۇ ئوردىدا قەپەزگە سولانغان بىر قۇش، زىندانغا ئوخشايدىغان بۇ ئوردىدىن سىز بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىشنى ئۈمىت قىلىمەن، — مەلىكە يەنە يىغلىدى.

مەلىكە سەيىيدەنىڭ گەپلىرى ئىمادىددىنغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر چاكار ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا قارىماي،

مىسىر بويىچە نام - نەسەپتە ئەڭ مەشھۇر، ھۆسنى - جامالدا ئەڭ گۈزەل بىر قىزنىڭ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغاندا، يۈرەك قېتىدا يوشۇرۇنغان مۇھەببەت دولقۇنى ئۆزى قۇرغان توسمىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى تاس قالدى. لېكىن ئۆز خوجىسى سالاھىددىنغا بولغان ھۆرمىتى ئۇنىڭغا ھاي بەردى. ئۇ مەلىكىگە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ خاھىشىغا ئېتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەلىكە سەيپىدە بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، ئۇنىڭ ئىنىق بىرنىمە دېيىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. تىت - تىت بولۇپ تۇرغان ياقۇتە مەلىكىگە:

— باھائىددىن سىرتتا سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بەك ھايال بولۇپ قالساق چاتاق بولىدۇ، — دېدى - دە، ئىمادىددىننىڭ قولىدىن سۆرىگىنىچە لەخمە ئاغزىغا ئېلىپ كەلدى. يۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىم لەخمىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىمادىددىن بىلەن ئىككىسى ياسىنىۋالىدىغان چاپانلىرىنى كىيىپ تېزلا لەخمىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئىمادىددىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سەيپىدە ئەس - ھۇشىنى يىغدى، ئاندىن ئالدىرىماي چاچلىرىنى تۈزەپ، كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىلىرىنى ئېرتىپ، راۋۇرۇس خەلپىنىڭ ھەمشىرىسى ئىنس كەتىگە كەلدى - دە، چوڭ سۇپەت مېڭىپ قوبۇلخانىغا چىقتى. باھائىددىن قوبۇلخانىدا ئىدى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەلىكىنىڭ تازا چىشى قېرىشقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

باھائىددىن قارا قۇشىمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي:

— ئالغان مەلۇماتىمغا قارىغاندا، بۈگۈن كېچىدە يات بىر ئەر كىشى قەسرىڭىزغا بېسىپ كىرگەن، خەۋەرلىرى بارمىكىن؟ — دەپ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

— قىزىق گەپقۇ، بۇنداق ئىشنى مەن نەدىن بىلەي! —

www.uyghurkitap.com

دېدى مەلىكە غەزەپ بىلەن، — قەسىرنىڭ ھەممە ئاچقۇچى ئۆزەمدە، يوللارغا قاراۋۇللارنى ئۆزەم قويىسەن، ئىشىك - رۇجەك-لەرنى ئۆزەم تاقايسەن، يات كىشى كىرگەن بولسا، بۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئۆزەم جاۋاپكار بولۇشۇم كېرەك.

— بۇ ئادەم چوڭ ئىشىكتىن كىرمىگەن.

— بولمىسا ئاسماندىن چۈشۈپتىمۇ؟ — مەلىكە ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ ۋاقىردى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، مېنىڭ ئۆزلىرىدىن سورىشىممۇ ئەمرۇلمۇئمىنىننىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈ-رۈش ھەم ئۆزلىرىنىڭ نام - شۆھرەتلىرىنى ساقلاش.

— ماڭا شۇنچىۋالا غەمخورلۇق قىلغىنىڭغا رەھمەت ئېيتسام بولىدىكەن - دە! — دېدى مەلىكە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ، — بۇ يەرگە بىر ئەر كىشىنىڭ ئوغرىلىقچە كىرگەنلىكىنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ — دەپ سورىدى يەنە غەزەپ بىلەن.

مەلىكىنىڭ سوئالى باھائىددىننى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ تەنتەكلىك قىلىپ قويغىنىغا پۇشاي-مان قىلدى - دە، گەپنى باشقا ياققا بۇراپ مۇنداق دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسىلا، مەن بۇ ئادەمنى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ھوزۇرىدا دىمىدىم. بىر ئەر كىشىنىڭ قەسىرگە ئوغرىلىقچە كىرگەنلىكىنى بىرسى ماڭا ئېيتتى. ئۆزلىرىگە دىسەم، ماڭا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن كىشى مۆھىم ئادەم.

— كىم يەتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ خەۋەر يالغان، — دېدى مەلىكە سىپايە ھالدا، — بۇ مېنىڭ شەخسى قەسىرىم. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، ئاختۇر! — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ، ئۇدۇل ھوجرىسىغا چىقىپ كەتتى. ياقۇتەمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بۇ چاغدا ياقۇتە خوشاللىقتىن ئوينىقلاپ كەتتى، ئۇ خوجايىنى مەلىكىنىڭ

جاسارىتىگە ۋە خەۋپ - خەتەر ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ قورقۇنچلۇق بالا - قازادىن ئامان قالغىنىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

مەلىكە سەيپىدە ھوجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ياقۇتە ئۇنى مېھرىۋانلىق بىلەن قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى. لېكىن مەلىكە سەيپىدەدە قىلچىلىكمۇ خوشاللىقنىڭ ئىپادىسى يوق ئىدى.

— ئىنىگانا، — دېدى ئۇ، — ئېيتە، نىمىشقا بالا - قازا ماڭىلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ؟ تەقدىر نىمىشقا مەن بىلەنلا قېرىشىدۇ؟ مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — سەيپىدەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى.

— كەرەملىك ئاللا گۇۋا، ئىمادىددىن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، — دېدى ياقۇتە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى ئەمەسمىدىڭ؟ ئۇنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ئېنىق بولدىغۇ، تېخىچە كۆڭلۈڭ تىنمايۋاتامدۇ؟

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ دەمسەن؟ ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدەپ سالاھىددىنىي ئاغزىدىن چۈشەرمەيدۇ تېخى. مېنىڭچە، ئۇ ئۆز خوجايىنىنىلا ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۆز خوجىسىنى ياخشى كۆرۈشمۇ بىر خىل گۈزەل ئەخلاق! — دېدى ياقۇتە ئىمادىددىننى ئاقلاپ.

— ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسە، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ماڭا نىمە پايدىسى؟ ھە دىسە ئۆز خوجىسىغا خىزمەت قىلىشنى ئويلاپ، مېنىڭ يېنىمدا بىردەم ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. مەن ئۇنى دەپ، ئۆزۈمنىڭ سالاھىيىتىم ۋە مەرتىۋەمنى ئويلىمىدىم، ئىنىمنىڭ ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقمىدىم. ئاخىر مەن نىمىگە ئېرىشتىم! بۇ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمدۇ؟ — سەيپىدە كۆڭلىدىكى

نارازىلىغىنى بىراقلا چىقىرىۋالدى.

— ئۇنىڭ سىنى سۆيمەيدىغانلىغىدا شەك يوق، — دىدى ياقۇتە جەزملەشتۈرۈپ، — مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن پەملىدىم. لېكىن ئۇ ئالىجاناپ كىشى بولغاچقا، ئۇچۇق ئىپادە بىلدۈرمەسلىكنى توغرا كۆرگەن گەپ-تە. دەسلەپ پاراڭلاشقان ۋاقىتلاردا ئۇ سىنىڭ ئۇنى سۆيمەيدىغانلىغىڭغا ئىشەنمىدى، كېيىنرەك سىنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى، پەقەت ئۇچۇق ئېيتمىغانلا يېرى بار. مۇبادا يەنە بىردەم تۇرغان بولسا، تېخىمۇ ئۇچۇق ئېيتقان بولاتتى. بىراق باھائىددىنىڭ ئۇشتۇمتۇت كىلىپ قېلىشى ئىشنى بۇزدى. لېكىن مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇ چوقۇم يەنە سىنىڭ يېنىڭغا قايتىپ كىلىدۇ.

مەلىكە سەييىدەنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ياقۇتە ئۇنىڭغا «ئۇ سىنى سۆيىدۇ» دىگەن گەپنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئۇ خېلى يېنىكلەپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز-ئۆزىگە: «ئۇ مىنى راست سۆيەمدىغاندۇ؟» دىدى-دە، خىيالغا چۆمدى. بىردىنلا ئۇ ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى يېپىپ ئۆزىگە كايىدى: «ۋىيەي! نىمە بولدۇم؟ مەن ئەقىللىق، ئىرادىلىك بىر خانزادە، مۇسۇلمانلار پادىشاسىنىڭ قىزى، ھازىرقى ئەمىرۇلمۆئمىنىنىڭ ھەمشىرىسىغۇ. مەن رەسۇلۇللانىڭ قىزى فاتىمە زۆھرانىڭ نەسلىدىن ئەمەسمۇ؟ نىمە بولدۇم؟ ئېلىشىپ قالدىممۇ-يا؟ مىنىڭ يۈرىگىم نەسىبىنىڭمۇ، مەرتىۋىسىنىڭمۇ تايىنى يوق بىر يىگىتكە ئەسىر بولۇپ قالدى-يا؟ ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز مۇھەببەتلىك سۆزى بىلەن ئۆز سۆپىتىمىنى يوقىتامدىمەن؟! خۇدا ھەققى، مۇھەببەتنىڭ زەربىسى نىمە دىگەن قاتتىق، ھۆكۈمرانلىغى نىمە دىگەن كۈچلۈك!»

مەلىكىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە قىلغان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ياقۇتە ئۇنى پۇشايمان قىلدى، مۇھەببەتنىڭ تىزگىنىدىن يۇلۇنۇپ

چىقماقچى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دىدى:

— سەن ئەزەلدىن غەم-قايغۇسىز كىلىۋاتاتتىڭ، قاچانكى...

مەلىكە سەيىيدە ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمىدى ۋە مۇنداق دىدى:

— مۇھەببەت ئوتى مىنى ئازاپلاۋاتقان بولسىمۇ، لىكىن ئۇ مەن ئۈچۈن زور تەسەللى. ئىمادىددىننىڭ ماڭا ئارام بەخش ئىتىدىغان ئاشۇ بىر ئىغىز گىپىنى ئەسلىسەملا، ھەممە ئىچ پۇشۇغۇم تۈگەيدۇ، بۇ سەلتەنەتلىك قەسىرنى ئۇنتۇيمەن، ئالى نەسەبىمنى، داغلىق مەرتىۋەمنى ئۇنتۇيمەن، مانا بۇ — مۇھەببەتنىڭ كۈچى.

— بۇرۇنمۇ ئىيتقان ئىدىمغۇ، ئاللادىن مەدەت تىلىسەڭ، چوقۇم بەختلىك بولىسەن. ھازىر ئالدىراپ كەتمە، سىنى بەخت-تەلەي كۈتۈپ تۇرىدۇ! — دىدى ياقۇتە ئۇنىڭ رايىغا بىقىپ.

مەلىكە سەيىيدە گەپ قىلمىدى، بىر كىچە ھارغىنلىق ئۇنى ناھايىتى ئىزىۋەتكەن ئىدى، ياقۇتە دەرھال ئۇنى يۆلەپ كارۋاتقا چىقاردى.

ئەلقىسسە، ئىمادىددىن مۇلازىمنىڭ كەينىدىن تامنى سىيلاپ مىڭىپ، تىزلا قەسىر لوئلۇنىڭ ئاستىغا كەلدى. ئۇلار لەخمىدىن چىققاندىن كىيىن، مۇلازىم دەرھال قەسىرگە قايتتى، ئىمادىددىن ئۆز ھوجرىسىنى ئىزلەپ دەرەخلىقتە ئۆزى يالغۇز كىتىۋاتاتتى، ناماز بامداتقا ئەزان ئىيتىلدى، ئۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، مەلىكە سەيىيدەنىڭكىدە بۇنچە ئۇزاق ھايال بولۇپ قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى، ئۇ يوغان-يوغان چامداپ ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

ئۆيىگە كەلگەندىن كىيىن مۇلازىمنى چاقىرىپ ئات تۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى، ئۇ كۈن چىققىچە قاھىرىدىن چىقىپ كەتمەكچى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت، سالاھىددىننىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاندى-دە، دەرھال «لەببەي» دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى، سالاھىددىن كارۋات قىرىدا ئولتۇراتتى، بىرىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى ۋە ئامانلىق سورىدى.

— تەييارلىقىڭ پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى سالاھىددىن.

— پۈتتى، مەۋلانىم. بىر ئاز ھايال قالدىم. شۇنداق بولسى مۇ، كۆن چىققىچە قاھىرىدىن چىقىپ كېتىمەن.

— بىرنەچچە قېتىم چاقىرسام سەن يوق، سېنى يەنە بىر قېتىم توساپ، بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن باشقا بىرسىنى ئەۋەتەي دېۋىدىم. چۈنكى بۇ يەردە سەن ماڭا تېخىمۇ لازىم ئىدىڭ.

— مەۋلانىمنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا رەھمەت. بىراق مەن تەييارلىنىپ بولدۇم، ماڭا ئىجازەت بەرسىلە. ئىشىم ئوڭدىن كەلسە، ئاللانىڭ بۇ ماڭا مەرھەممىتى، ناۋادا پىشكەللىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ - تاتىپ كەتسەم، ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى يولىدا شەرەپ بىلەن ئۆلگەن بولىمەن، — دېدى ئىمادىددىن ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى كۈتۈپ تىك تۇردى.

— بوپتۇ بارغىن! ئاللا يار بولسۇن. تاپىلايدىغان باشقا گەپلىرىم يوق، چۈنكى سەن شىجائەتلىك يىگىت. لېكىن ئامان - ئىسەن قايتىپ كېلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. خوش، ئىشىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن!

ئىمادىددىن سالاھىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى ۋە چىقىپ، دەرھال ئېتىغا مىندى-دە، قاھىرە شەھىرىنىڭ سىرتىغا قاراپ ئات سالدى.

ئانچە ئۆتمەي، قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئىمادىددىن ئۆزى يالغۇز ئىسمائىلىيىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئەسلەپ، بۇ ۋەقەنى گويا چۈشىدە كۆرگەندەك ھېس قىلاتتى، بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما يانچۇقىغا قولىنى سالغاندا، مەلىكە سەيىدە ھەدىيە قىلغان بىر تىزىق مەرۋايىت قولىغا ئورۇنغاندىلا، ئاخشامقى ۋەقەنىڭ راستىنلا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلىكىگە ئىشەندى.

# ئىيسا ھەككارى ۋە باھائىددىن قارا قۇش

مەلىكە سەيىيدە مەغرۇرانە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باھائىددىن قارا قۇش قوبۇلخانىدا ئۆزى يالغۇز قالدى ۋە دىققەت بولدى، ئۆزى ئاڭلىغان خەۋەرنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندى، لېكىن، ئەبۇ ھەسەن قەسىرنىساغا بىر ئەركىشى كىرىپ كەتتى دەپ جەزملەشتۈرۈپ ئېيتقانلىقتىن، مەلىكە سەيىيدەنىڭ ئىنكار قىلغىنىغا ئاسانلىقچە ئىشەنمىدى. بىراق ئىزلەشتىن نەتىجە چىقمىدى. ئۇ نائىلاج ئۆز ھوجرىسىغا قايتىپ كەلدى، ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ ھوجرىسىدا ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ باھائىددىننىڭ ئىمادىددىننى باغلاپ ئېلىپ كېلىشىنى كۈتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ:

— تۇتقان ئادىمىڭ قېنى؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

ئەبۇ ھەسەن خەلقنىڭ نەزىرىدە مۇھىم كىشى بولغاچقا، باھائىددىن ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن سەل ئەيمىنەتتى، شۇڭا ئەدەپ بىلەن:

— تەقسىر، ئۇ يەردە ھېچقانداق يات كىشىنى ئۇچراتمىدىم، — دېدى.

— قىزىق گەپقۇ، نېمىشقا قولغا چۈشمىدى؟ ئۇچۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ قەسىرنىساغا كىرىپ كەتكەنلىكى ئېنىق. ئۇنى سەنمۇ تونۇيسەن!

— كىم ئۇ؟

— سالاھىددىننىڭ مۇلازىمى ئىمادىددىن.

— ئىمادىددىننىڭ بۇ يەرگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، كېيىشكىنىمۇ ھەددى ئەمەس، قەسىردىكى ھەرقانداق كىشى مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاچقۇچلارمۇ مېنىڭ قولۇمدا. ئۇ قەسىرگە كىرگەن بولسا نىمىشقا مەن سەزمىدىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قەسىرنىساغا كىرىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

— ئەزىبىرايى خۇدا، ئۇ راست كىرىپ كەتكەن. خىزمەتچىمىنىڭ ئېيتىشىچە، سەن ھەرەم بېگى بولۇشتىن بۇرۇنلا، ئىمادىددىن بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ھەتتا دەل-دەرەخلىرىنىمۇ ئالقاندىكىدەك بىلىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ قېتىم ئوردىدا ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇ قەسىرنىساغا كىرگەن ئىكەن.

باھائىددىن قارا قۇش چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— بۇنى سىزگە كىم ئېيتتى؟ دەپ بېرىڭا، — دىدى.

— مېنىڭ خىزمەتچىم دىدى. ئۇ ئوردىدىكى ئەھۋاللارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنى كۆرۈشنى خالىسىڭىز، ھازىرلا چاقىرىمەن.

ئەبۇ ھەسەن ئىشىككە بېرىپ خىزمەتچىسىنى چاقىردى. شۇئان بىر بوۋاي «لەببەي» دەپ كىرىپ كەلدى. باھائىددىن ئۇنىڭ ئوردىدىكى قېرى خىزمەتكار ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭدىن:

— سەن قەسىرنىساغا بىر يىگىت كىرىپ كەتتى دەپسەن، ئۇنىڭ كىرگىنىنى قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

خىزمەتكار ئەبۇ ھەسەنگە قاراپ:

— ئەيىنەن ئېيتامدىمەن؟ — دەپ سورىدى.

ئەبۇ ھەسەن بېشىنى لىڭشىتتى. خىزمەتكار باھائىددىنغا قاراپ:

— ئىمادىددىننىڭ قەسىرنىساغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆردۈم، — دىدى.

— ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟



www.uyghurkitap.com

— ھەئە، پېقىر يالغان گەپ قىلىشقا ھەددىم ئەمەس. ئۇ مەلىكە سەيپىدە ۋە ئۇنىڭ ئىنىگانىسى بىلەن خېلى ئۇزاق بىللە تۇردى.

— ئىمىشقا ماڭا شۇئان مەلۇم قىلمىدىڭ؟

— بۇ ئىش مەلىكە ئائىلىلىرىغا چېتىشلىق بولغاچقا، مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىدىم. ئەبۇ ھەسەن غوجام خەلىپە ئائىلىلىرىنىڭ تۇققىنى بولغاچقا، بۇ غوجام ئۆزلىرىگە ئېيتار دەپتىمەن.

باھائىددىن يەنىلا ئىشەنمىدى، «يات كىشىنىڭ قەسىرگە تۇيدۇرماي كىرىشى مۇمكىنمۇ؟ — دىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — قەسىرنىسانىڭ بىرلا دەرۋازىسى بار، يەنە بىرلا يول بار. لېكىن بۇ يەر پەقەت خەلىپە قەسرى زەھەپتىن بۇ يەرگە كېلىدىغان يول، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولغا زىچ قاراۋۇل قويۇلغان، ئۇلار ئىمادىددىنىدەك ئادەمنى كىرگۈزۋۋېتەرمۇ؟»

— ئۆزلىرىنىڭ قەسىرنىساغا ھەرەم بېگى بولغانلىرىغا ئۇزاق بولمىدى، — دىدى خىزمەتكار، — قەسرىنىڭ يوللىرىنى، بولۇپمۇ لەخمىسىنى بىلمەيدىلا. قەسرى ئوئىلۇدىكى قوبۇلخانا بىلەن قەسىرنىسانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر لەخمە بار. ئىمادىددىن مۇشۇ لەخمە بىلەن كەلگەن بولۇشى كېرەك.

باھائىددىن خىزمەتكارنىڭ ئاغزىدىن قەسرى لوئىلۇدىكى قوبۇلخانىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، قايتا سۈرۈشتۈرمەي، مۇنداق دىدى:

— قانداق بولسا بولسۇن، ھازىر قەسىردە ھېچقانداق يات ئادەم يوق. بولغان تەقدىردىمۇ، قانتى بولسىمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ، تۇتۇۋالساق، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. مەۋلانىم سالاھىددىن ماڭا قەسىرنىسادىكى ھەممە كىشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشنى تاپشۇرغان. ئەبۇ ھەسەن تەقسىرنىڭ خەۋەرنى ماڭا ۋاقتىدا مەلۇم قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

— تەكەللۇپ قىلما، — دىدى ئەبۇھەسەن، — مېنىڭ مۇن-

داق قىلىشىم قەسىردىكى ئەزىز كىشىلەرنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى ساقلاش. كەچۈرگىن، بۈگۈن كېچە سىنى بىسەرەمجان قىلىپ قويدۇق، ئەپسۇسكى، ئاۋارە بولغانىڭغا چۇشلۇق ئىش بولمىدى. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇزاققا قالماي ئىشىڭنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارىلىنىدۇ، ــ ئەبۇ ھەسەن گېپىنى تۈگىتىپ خوشلاشتى.

ئەبۇ ھەسەن كەتكەندىن كېيىن، باھائىددىن بۇ ۋەقە ئۈستىدە قايتا ــ قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، قېرى خىزمەتكار ئېيتقان لەخمىنىڭ بار بولۇش ئېھتىمالىغا ئىشەندى. بۇ زور ۋەقە بولغاچقا، بۇنى سالاھىددىنغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ مىڭىسىگە سالاھىددىنغا مەلۇم قىلىشتىن ئاۋال، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى ئىيسا ھەككارى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈش پىكرى كەلدى، چۈنكى بۇ ئىككىسى بىر بىرىگە قەدىردان بولۇپ، قىلىشمايدىغان گېپى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەسىر لوئلۇدىكى ئىيسا ھەككارىنىڭ ھوجرىسىغا كەلدى.

ئىيسا ھەككارى خىزمەتكارىدىن باھائىددىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئالدىغا چىقىپ ھوجرىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئىككىسى سالاھىددىنغا سادىق خىزمەت قىلىپ كەلگەن، سالاھىددىننىڭ باش ۋەزىر بولۇشىغا زور كۈچ چىقارغان ئىدى.

ــ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلمىغىنىڭىزغا ئۇزاق بولغان ئىدى. بۈگۈن قانداق بولۇپ چولاڭ تەككەندۇ؟ ــ دىدى ئىيسا ھەككارى ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھەر ئىككىيلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىيسا ھەككارى:

ــ ئاڭلىشىمچە، ئۇلار سىنى قەسىر ئاياللىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇپتۇ، مېنىڭچە، سەن ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا لايىق ئىدىڭ، ــ دىدى.

ــ ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئەرلەرنىڭكىدىن مۇرەككەپ. چۈنكى

ئاياللارنى ياخشى قوغداش بىلەنلا قالماي، ئۇلارغا يېقىنلاشماقچى بولغان ئەرلەرنىمۇ نازارەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى باھائىددىن قاخشاپ. ئاندىن: — ئۆزۈڭ نىمە ئىشلار بىلەن مەلىكە بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— زور بىر ئىش بىلەن، — دېدى ئىيسا ھەككارى كۈلۈپ، — بۇ ئىشتا مەن سىنىڭ ياردىمىڭغا مۇھتاج. بۇ ئىشنى ئورۇنلىساق، سۇلتان سالاھىددىن ئۈچۈن پەخىرلەنگۈدەك زور ئىش قىلغان بولاتتۇق.

— قىلغان ئىشلىرىمىزدىن باشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن قولىمىزدىن يەنە نىمە ئىش كېلىدۇ دەيسەن؟ — دېدى باھائىددىن بويىنىنى سوزۇپ، — ئۇ ئاتاقتا باش ۋەزىر بولغان بىلەن ماھىيەتتە ئەمەلىي ھوقۇقتا ئىگە سۇلتان بولۇپ قالدى، شۇنچە كاتتا مەرتىۋىگە ئىگە بولدى. ئىشىنىمەنكى، ئەمدى ئۇنىڭ باشقا تاماسى يوق.

— ئۇ خەلىپىلىككە ۋارىس بولۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولىدۇ.

— ھەي، بۇ مۇمكىنمۇ؟ چاخچاق قىلىۋاتىسەن.

— ئالدىرىماي تۇر. ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن پىلانىمنى ئاڭلىساڭ، بۇ قارىشىڭ چوقۇم ئۆزگىرىدۇ.

— قانداق پىلان؟

— قۇدا چۈشۈش پىلانى. مەن ئۇنىڭغا ئەلچى بولدۇم، قىز خەلىپىنىڭ ھەمشىرىسى مەلىكە سەپىيدە. ئۇلار توي قىلسا، تۇغۇلغان ئوغۇل خەلىپىلىككە ۋارىس بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ناۋادا سالاھىددىن ئۇناپ، بىسىم ئىشلەتسىلا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خەلىپىلىكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، خۇددى تارىختا تۈرك توغرۇل بەگ قىلغاندەك بولىدۇ - دە.

— مەقسىدىڭنى چۈشەندىم، بۇ مەسلىھىتىڭ جايىدا. بىراق خەلىپە ئۆز ھەمشىرىسىنى كۈردقا ياتلىق قىلىشقا ئۇنارمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنىمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— كۆڭلىدە ئۇنىمىسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ مەيلىچە بولماي قالىدۇ. پات - ئارىدا جاۋابىنى بېرىشكە ماقۇل بولدى.

— سىېنىڭ بۇ گېپىڭ بىر ئىشنى ئېسىمگە سالدى، مەنمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، — دىدى باھائىددىن، — سۇلتان سالاھىددىننىڭ مۇلازىمى ئىمادىددىن زور خاتا ئىش قىلدى. بولۇپمۇ سەندىن سالاھىددىننىڭ مەلىكە سەيپىدەگە ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويغانلىغىنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن ئويلىسام، ناۋادا ئىمادىددىننىڭ ئىشىنى سالاھىددىن ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا، جەزمەن ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.

— ئىمادىددىن ھازىر سالاھىددىننىڭ مۇلازىمى ئەمەس، — دىدى ئېيسا ھەككارى ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىپ، — ئۇ ھازىر سالاھىددىننىڭ خاس قورۇقچىسى بولۇپ قالدى.

— قاچاندىن بۇيان؟ — دىدى باھائىددىن ھەيران بولۇپ.

— ئۆلۈشكۈن، ئەمىر نەجمىددىن ئۆز ئاغزى بىلەن تەيىنلىدى. ۋاھ، ئەمىر نەجمىددىن ھەقىقەتەن دانا ئادەم ئىكەن.

— ئۇ ھەقىقەتەن سۇلتاننىڭ مۇناسىپ ئاتىسى - دە! — دىدى باھائىددىن ئۇنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ. ئاندىن، — ھازىر ئىمادىددىننىڭ قەيەردىلىگىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى، — ئۇنى مۇبارەكلەپ قويغۇم بار. ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاتتىم.

— ئۇ بىر مەخپى ۋەزىپە بىلەن بۈگۈن سەھەر سىرتقا چىقىپ كەتتى. نىمە ئىشنى سورايتتىڭ؟

باھائىددىن تۈنۈگۈنكى ئىشنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپلەرگە ئېيسا ھەككارى زادىلا ئىشەنمىدى. ئىمادىددىن قوبۇلخانىدىن چىقماي يول تەييارلىغىنى قىلدى، ھېچيەرگە بارمىدى. قانداقمۇ ئۇنى قەسرنىساغا كىردى دىگىلى بولسۇن؟! دىدى.

بۇ گەپ بىلەن باھائىددىن يەنە گۇمانلىنىپ قالدى، خۇسۇسەن سالاھىددىننىڭ مەلىكە سەيىيدەگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەننىڭ ئاخباراتىنى ئىشەنچلىك دەپ قارىدى. ئەمما ئۇ ئۆزى بىلگەن ئىشنى سالاھىددىنغا يەتكۈزۈش نىيىتىدىن يانماي، ئىيسا ھەككارىدىن مەسلىھەت سورىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ئىيسا ھەككارى، — ئەڭ ياخشىسى ھازىرچە ئۇنىڭغا ئېيتما، بولمىسا ئۇنىڭ مەلىكە سەيىيدەگە ئۆيلىنىش نىيىتىگە دەخمىزە يېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ مەلىكە سەيىيدە بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

باھائىددىن يەنە بىر نىمىلەرنى دىمەكچى ئىدى، ئاڭغىچە ئىيسا ھەككارىنىڭ مۇلازىمى كىرىپ:

— ۋەزىر ئەزەم سالاھىددىن غوجام ئادەم ئەۋەتىپتۇ، دەرۋازىدا قالدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. ئىيسا ھەككارى ئۇنى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

كەلگەن كىشى ھوجرىغا كىرىپ، باھائىددىن قاراقۇشنىڭمۇ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال:

— باھائىددىن تەقسىر، ئۆزلىرىمۇ بۇ يەردە ئىكەنلا، سىلىنى ئىزلەپ بارماقچى ئىدىم تېخى! — دېدى.

— مېنى ئىزلەپ نىمە قىلاتتىڭ؟

— ۋەزىر ئەزەم سالاھىددىن ئىككىلىرىنى كەلسۇن، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار دەيدۇ.

— قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى باھائىددىن دەرھال.

— يوقسۇ. لېكىن بۈگۈن ئەتىگەن دەمەشقتىن كەلگەن نىجابىنى كۆردۇم. ئۇ، ۋەزىر ئەزەم سالاھىددىنغا بىر پارچە مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ئەزەم سالاھىددىننىڭ ئاچچىقى كېلىپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئاندىن ئاتىسى ئەمىر

www.uyghurkitap.com

نەجمىددىننى چاقىرتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەجلىس ئېچىپ، قانداقتۇ بىرەر مۇھىم ئىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىشا كېرەك.

ئېيسا ھەككارى نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ باھائىددىنغا قولىنى ئۇزىتىپ، كۆزىنى قىسىپ قويىدى ۋە شۇئان كەلگەن كىشىنى ئاۋال يولغا سېلىپ، ئاندىن باھائىددىن بىلەن بىللە سالاھىددىن ھۇزۇرىغا ماڭدى.

ئېيسا ھەككارى يولدا كېتىۋېتىپ، سالاھىددىننىڭ چاقىرتىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى باھائىددىنغا ئېيتىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دىدى:

— بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋىرىم بار. چۈنكى بۈگۈن ئەتىگەن سالاھىددىن مېنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. ساڭا راستىنى ئېيتسام، مەن بىر ياخشى ئىش قىلدىم، ئاڭلىساڭ تەشەككۈر ئېيتىسەن.

— قانداق ئىش؟ — دىدى باھائىددىن چۈشەنمەي.

— دەمەشقتىن سۇلتان نۇرىددىندىن كەلگەن خەتنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى قاتتىق.

— نىمىشقا؟

— ئېسىڭدىمۇ؟ بۇ يىل 2 - ئايدا مەۋلانىمىز سالاھىددىن سۇلتان نۇرىددىننىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماي مىسىردىن سۇرىيىگە قايتىپ كېتىپ، پەرەڭلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. شۇ قېتىم مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان. بىز شۇۋەك قەلئەسىنى ئالدۇق، ئارقىدىنلا كۆرەك قەلئەسىنى قاتتىق مۇھاسىرە قىلىۋالدۇق، قەلئەدىكى پەرەڭلەر نائىلاجلىقتىن تەسلىم بولۇشقا ماقۇل كەلدى، لېكىن ئۇن كۈن مۆھلەت بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. سالاھىددىن قوشۇلدى. دەمەشقتىكى سۇلتان نۇرىددىن سالاھىددىننىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سۇرىيىگە قايتىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى.

ساڭا مەلۇم، سالاھىددىننى سۇلتان نۇرىددىن مىسىردا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە قوشۇن يۆتكەپ ھەركەت قىلىشى سۇلتان نۇرىددىندا مەۋلانىمىز سالاھىددىننى كەلگۈسىدە مىسىردا مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ، مېنىڭ قولۇمدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن دىگەن ئەندىشە تۇغدۇرغان.

باھائىددىن كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— مەۋلانىمىزنىڭ ھەركىتى سېنىڭ كۈشكۈرتۈشۈڭدىن بولغاندۇ بەلكى! قېنى ھە، گېپىڭنى داۋام قىلغىن! ناھايىتى قىزىقىۋاتىمەن، — دەپ گەپ قىستۇردى.

— سېنىڭچە، مەۋلانىمىز سالاھىددىننىڭ مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھەققى يوقمۇ؟ — دىدى ئىيسا ھەككارى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سۇلتان نۇرىددىن بىزنىڭ كۈرىكتىكى ھەركىتىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال دەمەشقتىن ئۆزى قوشۇن تارتىپ چىقىپ، كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ جەڭگاھقا يېتىپ كەلدى. ئۇ، پەرەڭلەر بىلەن ئۇرۇش بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەۋلانىمىز سالاھىددىننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزنىڭ كۈچىمىزدىن پايدىلىنىپ پەرەڭلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلماقچى، ئاندىن كۈچنى توپلاپ بىزنىڭ مەۋلانىمىزنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەكچى بولدى. چۈنكى سالاھىددىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ۋەزىر بولغاچقا، سۇلتان نۇرىددىننىڭ بىر ۋەزىرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىگە ھىچكىم قارشى چىقالمايتتى. ناۋادا سۇلتان نۇرىددىننىڭ پىلانى ئىشقا ئېشىپ قالسا، مەۋلانىمىزنىڭ مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈمىدى يوققا چىقاتتى. سۇلتان نۇرىددىنغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، مېنىڭچە، دەرھال ئۇرۇشتىن چېكىنىپ مىسىرغا قايتىپ كېلىپ، نۇرىددىننى پەرەڭلەر بىلەن ئۆزى يالغۇز ئۇرۇش قىلىشقا قويۇپ بېرىش ئىدى.

— سەنزە ھەقىقەتەن پاراسەتلىك تەدبىرلىك ئادەم جۇمۇ! — دېدى باھائىددىن ماختاپ، — بۇ پىكرىڭنى سالاھىددىنغا ئېيتتىڭمۇ؟

— ئېيتتىم. يەنە بىرمۇنچە يىلەنمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولدى. بىز ئۇنىڭغا بىرەر بانا بىلەن دەرھال مىسىرغا قايتىشنى، بولمىسا، نۇرىددىننىڭ پەرەڭلەرنى يەڭگەندىن كېيىن مىسىرغا بېسىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا. ئۆز بېشىمچى نۇرىددىننىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ بولسا پۇشايمان يەپ بارمىقىمىزنى چىشلەپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئاخىر ئۇ بىزنىڭ نەسىھىتىمىزگە كۆنۈپ مىسىرغا قايتتى. ئاندىن ئۇ سۇلتان نۇرىددىنغا مىسىردا توپىلاڭ بولدى، شىئەلەر ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرى كېلىپ بىر تەرەپ قىلمىسىلا بولمايدۇ دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى. ۋەزىر ئەزەم سالاھىددىننىڭ كۆرسەتكەن بىرمۇنچە سەۋەبلىرىگە نۇرىددىن ئانچە ئىشەنمىگەن بولسا كېرەك، ئۇ سالاھىددىنغا تەھدىت سېلىپ، دەرھال دەمەشققە كەل دەپ خەت يازدى. بۈگۈن ئەتىگەن سالاھىددىننى تازا غەزىۋى كېلىپ تۇرغاندا كۆردۈم. مېنىڭچە، بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە چاقىردى تايىن.

بۇ ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ مېڭىپ بىردەمدىلا كېڭەش سارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. قاراۋۇل ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ تۇردى.

كېڭەش سارىيى لىق توشقان، ئەمىر نەجمىددىنمۇ بار ئىدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى سالاھىددىننىڭ يېقىنلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ تاغىسى شاھابىددىن ھەرەمى، جىيەن ئوغلى تەقىيۇددىنلەرمۇ بار ئىدى.

ئىيسا ھەككارى بىلەن باھائىددىن قاراقۇش كىرىپ كەلگەندىن كېيىن. سالاھىددىن بىلەن نەجمىددىنلەرگە سالام

قىلىشتى، سالاھىددىن ئۇلارغا ئولتۇرۇشنى شەرەت قىلدى. ئىيسا ھەككارى سالاھىددىننىڭ ئۆزىنى ھەرقانچە بېسىۋالغاندەك قىلغان بىلەنمۇ چىرايىدىن قەھرى - غەزەپ يېغىپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋالدى.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇشقان ھەم جىمىغاندىن كېيىن، سالاھىددىن سۆز باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئەمىر - ئەمىرالارغا، ئەركانى دۆلەتلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، دەمەشق ئەمىرى نۇرىددىن سۇلتان بىزگە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ مەكتۇپ بىزنىڭ تىنچ ھاياتىمىزنى پاراكەندە قىلىپ، مېنى قاتتىق بىئاراملىققا سېلىپ قويدى، سۇلتان نۇرىددىن مېنى دەرھال كەل دەپتۇ. ئۇنىڭ مېنى دەمەشققە چاقىرتىشىدىكى مەقسىدى سىلەرگە چۈشىنىشلىك. بىز ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، سۈيىقەست، خەۋپ - خەتەر ئىچىدە تۇرماقتىمىز؛ سىلەرگە يەنە شۇمۇ مەلۇمكى، بۇ يەردە ھەممە ئادەم دىگۇدەك بىزگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. ئۇلار تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بىزنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كويىدا بولماقتا. مۇشۇنداق شارائىتتا، مەن قانداقمۇ بۇ يەرنى تاشلاپ دەمەشققە كېتەلەيمەن! سۇلتان نۇرىددىن ناۋادا مەن ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا بويۇن تاۋلىق قىلىپ دەمەشققە بارمىسام، ئۈستىمىزگە لەشكەر تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت ساپتۇ. مۇھتەرەم جاناپلار، بىز ھازىر مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلدۇق. بۇ ھەقتە ھەر بىرىڭلارنى ئاقىلانە پىكىرلىرىڭلارنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن چاقىرتتىم. قېنى، تارتىنماي سۆزلەڭلار.

سالاھىددىننىڭ سۆزىدىن كېيىن ساراي جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇنىڭ گېپىدىن ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى چۈشەنگەن يىغىن ئەھلى يەڭگىللىك بىلەن بىرنىمە دېيىشكە جۈرئەت

قىلالماي، كىمدۇر بىرەيلەننىڭ ئاۋال سۆز باشلىشىنى كۈتۈشەت-
تى. جىمجىتلىق خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى، تېخىچە ھېچكىم گەپ
قىلمىدى. ئاخىر ھەممەيلەن سالاھىددىننىڭ دادىسى ئەمىر
نەجمىددىننىڭ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىشىنى ئۈمىت قى-
لىپ ئۇنىڭغا قاراشتى. چۈنكى ئۇنىڭ كەسكىن كىشى ئىكەن-
لىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. لېكىن ئۇ قېلىن كۆرپە سېلىنغان
ئورۇندۇقتا دىققەت بولغان ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى.

ئېيسا ھەككارىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان باھائىددىن سالاھىد-
دىننىڭ نۇرىددىنغا قارشى تۇرۇشنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن قوپۇپ سۆزلىمەكچى بولۇپ،
مەسلىھەت سوراش نەزىرى بىلەن ئېيسا ھەككارىنىڭ كۆزىگە
قارىدى، ئېيسا ھەككارى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ سۆزلىشىنى قوللاي-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى.

باھائىددىن گېلىنى قىرىپ قوپۇپ سۆزلەشكە تەمشىلىۋات-
قاندا، ئۇشتۇمتۇت، سالاھىددىننىڭ جىيەن ئوغلى تەقىيۇددىن دەس
ئورنىدىن قوپۇپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— تاغام بىزنى چاقىرتتى، ھازىرقى ۋەزىيەتنى تونۇشتۇردى.
مېنىڭچە، ناۋادا نۇرىددىن مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا
قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماي قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

سالاھىددىن جىيەن ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن مەمنۇن بو-
لۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۈلكە يۈگۈرگەن چىرايى سارايىنىڭ
جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ساراي شۇئان جانلىنىپ كەتتى.
بىرمۇنچە كىشىلەر كەينى - كەينىدىن ئۆز پىكىرلىرىنى بايان
قىلىپ، بۇ يىغىننىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلدى.

پەقەت نەجمىددىنلا چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇراتتى،
ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراشتى. نەجمىددىن بېشىنى
كۆتىرىپ، تەقىيۇددىنغا ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن لەپپىدە قاراپ،

ئۇنى ئۆلتۈرۈشقا بۇيرۇدى، تەقىيۇددىننىڭ پىكرىگە قوشۇلغانلارنى ئەيىپلىدى. ئاندىن سالاھىددىنغا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، سەن بىر تۇلۇغ ئىشقا بەل باغلىدىڭ، ئەپسۇسكى، بۇ ئىشنى ئورۇنلاشقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. مەن سېنىڭ داداڭ، ماۋۇ كىشى سېنىڭ تاغاڭ. دېمەك، بىز سېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭ. لېكىن، پادىشا ئۆز پۇقراسىنى ئۆل دېسە، ئۇنىڭ ئۆلمەسلىكە چارىسى يوق. ئەگەر سۇلتان نۇرىددىن بىزنى سېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇسا، بىز ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلالمايمىز. ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ دۆلەت سۇلتان نۇرىددىنغا قارايدۇ، بىز بولساق ئۇ ئەۋەتكەن ۋەكىل، خالاس. ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشىمىز كېرەك. شۇڭا سېنىڭ دەرھال بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ نىجابىدىن ئەۋەتىشىڭنى تەكلىپ قىلىمەن. مېنىڭچە، بۇ مەكتۇپ: سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىر ئۆزلىرىنىڭ مىسىرغا قوشۇن تارتىپ كېلىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم، چۈنكى بۇ ئىشتا ئۆزلىرىنى مالال قىلىش ھاجەتسىز ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىگە شەرتسىز بوي سۇنىمەن، دەپ يېزىلسا بولىدۇ.

بايا ئىپادە بىلدۈرگەنلەر نەجمىددىننىڭ گېپىگە ھەيران بولۇشۇپ بىر بىرىگە قارىشىپلا قالدى. نەجمىددىن گېپىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن قوپۇپ چىقىپ كەتتى، قالغانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كېتىشتى. باھائىددىن قاراقۇش ئىيسا ھەككارىنى خىلۋەت جايغا باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— نەجمىددىننى شۇنچە توخۇ يۈرەكلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن! ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلغىلى تاس قالدىم، — دېدى.

— خاتا ئويلاپسەن، دوستۇم، — دېدى ئىيسا ھەككارى كۈلۈپ، — مەجلىستە قاتناشقانلار ئىچىدە نەجمىددىن ئەڭ يۇ-

www.uyghurkitap.com

رەكلىك ئادەم. ئۇ ھەم جاسارەتلىك، ھەم پاراسەتلىك. بايا كۆپچىلىك سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ تولىمۇ كەسكىنلىكىنى، مۇبادا بىرەر كېشى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇپ نۇرىددىنغا ئاڭلىنىپ قالىدىغان بولسا، بۇ پىلاننىڭ ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، مەن بۇنى سېزىپ قالدىم. ناۋادا مېنىڭ بۇ قارىشىمنى ئىسپاتلاشنى خالىساڭ، يۈر، سۇلتان سالاھىددىننىڭ ھوجرىسىغا كىرەيلى. ئەمىر نەجمىددىن ئاشۇ ھوجرىغا كىرىپ كەتتى.

باھائىددىن قاراقۇش ئۇنىڭ بىلەن سالاھىددىننىڭ ھوجرىسىغا كەلدى، نەجمىددىن ئۇلارنى ئۆيگە كىرىشكە ھەم ئىشىكنى يېپىپ قويۇشقا شەرەت قىلدى. سالاھىددىن دادىسىنىڭ بايىقى گېپىدىن رەنجىپ تۇراتتى.

— سەن ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا ماھىر كىشى، — دېدى نەجمىددىن ئىيسا ھەككارىغا، — سېنىڭ باھائىددىن بىلەن تۈزگەن پىلانىڭنى سالاھىددىندىن ئاڭلىدىم. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى قىلچە يوشۇرماي ئېيتىپ بېرەي، — ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، سالاھىددىنغا بۇرۇلۇپ، ئۇنى ئەيىبلىدى:

— ئوغلۇم، قارا سېنىڭ قىلىۋاتقان ئاخمىقانە ئىشىڭنى! نۇرىددىن بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، بىزگە قانداق ئېغىر ئاقىۋەت كېلىدىغانلىقى ئەقلىڭگە كەلمىدىمۇ؟ ھازىر نۇرىددىن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بىز ئۇنىڭغا نىمە دىسە خوش دەپ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان جىددىيلىكنى ۋاقتىنچە پەسەيتىپ، ئۇنى بىخۇتلاشتۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ساڭا ئاللىقاچان ئېيتقان ئىدىمغۇ! — نەجمىددىن ئىيسا ھەككارى بىلەن باھائىددىن قاراقۇشقا مۇنداق دېدى: — سىلەر مېنىڭ مەقسىتىمنى خاتا

چۈشىنىپ قالماڭلار! راستىنى ئېيتسام، مەن نۇرىدىننىڭ مىسىر-نىڭ بىر تال شېكەر قومۇشىنى تارتۇۋېلىشىغىمۇ رازى ئەمەس-مەن، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن! — ئۇ سۆز-لەۋاتقاندا كۆزلىرىدە ھاياجانلىق ياشلىرى يالتىراپ كەتتى.

سالاھىددىن دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال ئېسىنى تېپىپ، ئالدىغا بېرىپ قولىغا سۆيدى ھەم مۇنداق دېدى:

— دادا، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، گالۋاڭلىق قىلىپ چوڭ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويغىلى تاس قاپتىمەن. ئەمدى چۈ-شەندىم، چوقۇم سىزنىڭ تاپشۇرۇغىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن، كۆپرەك يولىيورۇق كۆرسىتىپ تۇرۇڭ.

شۇ چاغدا، ئىيسا ھەككارى باھائىددىن قاراقۇشقا قاراپ: «قانداق، گېپىم ئىسپاتلاندۇ!» دېگەندەك قىلىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

باھائىددىن قاراقۇش نەجمىددىننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىغا سۆيدى ھەم:

— سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە قەتئى بوي سۇنىمىز، — دېدى.

شۇ چاغدا بىراقتىن بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاڭ-لاندى: ئۇلار مەسچىتكە مېڭىشتى.

* * *

ئەبۇ ھەسەن سالپىيىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ يا ئىمادىددىننى تۇتالمىدى، يا مەلىكە سەيىدەنى تېرىكتۇرەلمىدى. ئۇ بۇ ۋەقەنى خەلىپە ئازىدلىدىنىللاغا تېخىمۇ ئۇستىلىق بىلەن مەلۇم قىلىپ، مەلىكىنى جازالاتتۇرماقچى بولدى. ئۇ خەلىپىنىڭ ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ۋەزىرلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەتە دۈشەنبە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەتە خەلىپە ھۇزۇرىغا

www.uyghurkitap.com

سالامغا بارماقچى بولدى. ئۆز سۈيقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. دۈشەنبە كۈنى سەھەردىلا شەرىپ جەلىلنىڭكىگە بېرىپ خەلىپە ھەققىدە خەۋەر تىڭ - تىڭلىدى.

— خەلىپە ئالىلىرى بىتاپ بولۇپ قالدى. تۈنۈگۈن ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر بولدى، شۇڭا كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى يوق! — دەپ جاۋاپ بەردى جەلىل.

— قەسىرنىسادىكى ۋەقەنى ئاڭلاپ بىتاپ بولۇپ قالغاندۇ تايىن! — دىدى ئەبۇ ھەسەن قەستەن.

— قەسىرنىسادا نىمە ۋەقە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى جەلىل ئۈنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي.

— ھىچنىمە، — دىدى ئەبۇ ھەسەن قارىسىغا سۆزلىمەسلىك كېرەكلىكىنى سېزىپ سەل پۇشايمان قىلغان بولۇپ.

— بابا بىر ۋەقە بولدى دىمىگەنمىدىڭلە، مەندىن يوشۇرماي ئېيتىۋەرسىلە! — دەپ كولاپ سورىدى جەلىل.

— بۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى ھازىرچە خەلىپىگە ئېيتمىغان تۈزۈك، — دىدى ئەبۇ ھەسەن پەرۋاسىزلىق بىلەن، — خۇدا شىپالىق بېرىپ بالدۇرراق ساقىيىپ قالسا، بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش شۇ.

— يېقىندىن بۇيان، — دىدى جەلىل، — خەلىپە ئالىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولماي كەلدى. تۈنۈگۈن ھەتتا مۇھىم بىر ئىشقىمۇ قاتنىشالمىدى. ئاڭلىشىمچە، تۈنۈگۈن بىر كۈننى قەسىرنىسادا ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۈنىڭ كېسەلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى كەچقۇرۇن ئۇقتۇم.

ئەبۇ ھەسەن خەلىپىنىڭ قەسىرنىساغا بارغانلىقىغا قىزىقىپ سورىدى:

— خەلىپە ئالىلىرىنىڭ قەسىرنىساغا بارغاندىن كېيىن

ئاغرىپ قالغانلىغى مېنىڭ پەرىزىمنىڭ توغرىلىغىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

— نىمىنى پەرەز قىلغان ئىدىلە؟ بايا دىدىمىغۇ، قانداق ئىش بولسىمۇ مەندىن يوشۇرمىسىلا دەپ. دىسىلە، قەسىرنىسادا زادى نىمە ۋەقە بوپتۇ؟

— سەندىن قەستەن يوشۇرۇۋاتقىنىم يوق. قەسىردىكى ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ نام - شۆھرىتىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ ئىشنى كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتالمايمەن. بىراق، ساڭا ئېيتىشىم مۇمكىن، ئۇلۇشكۈن بىر يات ئەر كىشى قەسىرنىساغا كىرىپ، يېرىم كېچىگىچە شۇ يەردە بولدى. مەن سەزگەندىن كېيىن، قەسىرنىسانىڭ ھەرەم بېگى باھائىددىنغا دەرھال مەلۇم قىلىپ، ئۇنى شۇ يات كىشىنى تۇتقىن دىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ ئادەم لەخمە ئارقىلىق قېچىپ كېتىپتۇ.

جەلىل چۆچۈپ ھاڭۋېقىپ قالدى. لېكىن شۇئان، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دىگەن پىكىرگە كەلدى. چۈنكى ئۇ قەسىرنىسانىڭ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغانلىغىنى، يات كىشىلەرنىڭ كىرەلمەيدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلىپىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭمۇ ئۇنداق ئەخلاقسىز قىزلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى.

ئەبۇ ھەسەن ئۆز گېپىگە جەلىلنىڭ گۇمانلىنىۋاتقىنىنى بايقاپ مۇنداق دىدى:

— مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىگەندەك تۇرىسەن، ئەپسۇسكى، مېنىڭ دىگىنىم پاكىت ئىدى. مېنىڭ تەلۋىمنى رەت قىلغان ھەم ئۆمرى بويى ياتلىق بولمايدىغانلىغىنى جاكالىغان بۇ قىز بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدىن بولغان بىر كۇرد يىگىت بىلەن پەش تارتىشىپ قالدى!

— كۇرد دەمدىلا؟ — دەپ سورىدى جەلىل ئىنتايىن ھەيران بولۇپ.

— يەنە كېلىپ تېگى پەس مالاي كۇرد دىگىنا، —

www.uyghurkitap.com

دىدى ئەبۇ ھەسەن كەمسىتكەن ھالدا.

— ياﺋاللا، بۇ سەتچىلىكنى قارىمامدىغان! — جەلىس ۋاقىراپ كەتتى، — خەلىپە ئالىلىرى بىلىپ قالسا، ئاچچىقىغا پايلىماي نىمە بولۇپ كېتەر! لېكىن...

— بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك، — دىدى ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەمما ئۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا، كېيىنلى شۇنچە ئېغىرلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى! ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ ئىشنى ساڭا ئەيتىپ تاشلىدىم، سەنمۇ ئۇقتۇڭ. شۇڭا بىز خەلىپە ئالىلىرىنىڭ غېمىنى يەپ، بۇ چوڭ ئاھانەتنى يويۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

شەرىف جەلىس بۇ ۋەقەدىن قاتتىق قايغۇردى، ئۇ ساددا، ئاق كۆڭۇل ئادەم ئىدى. ئەبۇ ھەسەننىڭ گېپىگە ئەمدى گۇمانلانمىدى، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— بۇ ئىش ھەقىقەتەن كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ، شۇ تاپتا تازا ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دىدى مۇغەمبەر ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن بولۇپ، دىگەندەك ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

راست دىگەندەك، ئەبۇ ھەسەننىڭ يىغىسى جەلىسنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى، ھەتتا ئۇ ئۆز قايغۇسىنى ئۇنتۇپ:

— يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق، ئامال تاپايلى، — دەپ ئەبۇ ھەسەنگە تەسەللى بەردى.

ئەبۇ ھەسەن كۆزلىرىنى ئېرتىپ، ناھايىتى جىددى بىر قىياپەت ئالدى - دە:

— راست دىدىڭ، بىر ئامال تېپىش كېرەك. بىراق، ئىشسەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ئېغىر، — دىدى.

— بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىش بارمۇ تېخى؟ — دەپ

سوردى جەلىس.

— كېيىن يەنە بىرەر كۆتۈلمىگەن ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، — دېدى ئەبۇ ھەسەن.

جەلىس جىم بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەبۇ ھەسەننىڭ گېپى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى.

— خەلىپە ئالىلىرىنىڭ تېۋىپى كىم؟ — دەپ سوراپ قالدى ئەبۇ ھەسەن.

— شەيخ سەدىد. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك، تەجرىبىلىك تېۋىپ.

— تېۋىپلىككە ئۇستىمۇ؟

— ئۇ داڭلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىنلا تېۋىپلىكنى ئۆگەنگەن. ھازىرغىچە خەلىپە ئالىلىرىغا تېۋىپلىق قىلىپ كەلدى، ھازىر ئۇ چاچ - ساقاللىرى ئۇچىدەك ئاقارغان بوۋاي بولۇپ قالدى.

— ئۇ خەلىپە ئالىلىرىنىڭ كېسىلىنى نېمە دېدى؟

— ئۇ خەلىپە ئالىلىرىنىڭ كېسىلى ھەققىدە مۇجمەل گەپ قىلدى.

— تېۋىپ مۇجمەل گەپ قىلغان بولسا، مەن سەل ئەنسىـرەيمەن. چۈنكى كېسەل خەۋپلىك بولسا، تېۋىپلار كۆپىنچە مۇجمەل گەپ قىلىدۇ.

«خەۋپلىك» دېگەن سۆز جەلىسنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇر-غاندەك ئاڭلاندى، چۈنكى ئۇ «خەۋپلىك» دېگەن سۆزنىڭ خە-لىپىگە باغلىنىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا رەنجىگەن ھالدا:

— تەخسىر، ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتىمەڭ. ئاللا ئاسايىشلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ! — دېدى.

— ئەزبىرايى خۇدا، — دېدى ئەبۇ ھەسەن، — مەنمۇ ساڭا ئوخشاش، بۇنداق شۇم گەپنى قىلىشنى خالىمايمەن. ئەگەر خەلىپە ئالىلىرىنى كېسەل ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرغىلى بولسىلا،

هەتتا ئۇنىڭغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ مېنىڭ بېشىمغا كېلىشىنى تىلەيمەن. ۋاھالەنكى، خەلىپە ئالىلىرىغا ئادىتى بولغان ھەم ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىغان كىشى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇشى ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى لازىم. كېيىنلىكنى ئويلىمىغان بارماق چىشلەر، دېگەن گەپ بار. بولۇپمۇ مەملىكەتنىڭ سەردارىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق زور ئىشتا تېخىمۇ شۇنداق ئويلىماي بولمايدۇ، چۈنكى دۆلەت بىر كۈنمۇ پادىشاسىز تۇرالمايدۇ. مەن ئىنتايىن جىددىي ئىش دېگىنىم ئەنە شۇ. ئەمدى مەقسىدىمنى چۈشەنگەنسەن بەلكى!

جەلىس ئۇنىڭ خەلىپە ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشىنىپ، مۇنداق دېدى:

— مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم، ئەھۋال ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر، ئەمما...

— ئۆلمەيدىغان كىشى يوق. لېكىن ئاللاتائالادىن خەلىپە ئالىلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز. بىز ئۈچۈن ئۇ كىشى بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئەبۇ ھەسەن ساختىپەزلىك بىلەن ۋە شۈئان يىغلاپ كەتتى.

ئەبۇ ھەسەندىن تەسىرلەنگەن جەلىسمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— رەھىملىك ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي! كۇردلارنىڭ سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىزگە بۇ كىشى بولمىسا بولمايدۇ. بىز خەلىپە ئالىلىرىنىڭ ھامىلىقىسىز قانداقمۇ كۈن كەچۈرەلەيمىز دېسىلە!

ئەبۇ ھەسەن ئۇشتۇمتۇت بىر مۇھىم ئىش ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك قوزغىلىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— راست دېدىڭىز، كۇردلارنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش

ئۇچۇن خەلىپە ئاللىرى بولمىسا بولمايدۇ. ئەمما خەلىپە ئاللىرى راستىن بىز بىلەن ۋىدالىشىپ كېتىپ قالسا، بىچارە ئوغلى تېخى كىچىك بالا. ئۇ خىلاپەت تەختىگە ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، ساڭا ئوخشاش سەممى - سادىق، پەزىلەتلىك، ئابرويلۇق كىشىدىن باشقا يارامىلىق كىشىنى تېپىش تەس.

جەلىس ئۇنىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بىر ئەرزىمەس قۇل. بۇ مەسىلىنى زادى ئويلاپ باققىنىم يوق. خەلىپە ئاللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ۋارىس قىلىش رايىنى بىلدۈرگەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. مېنىڭچە، خەلىپە ۋارىسلىقىغا ئۆزلىرى مۇۋاپىقىراق.

ئەبۇ ھەسەن جەلىسنىڭ ئۆز ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىدىن تولىمۇ خوشال بولدى، ئەمما بېشىنى چايقاپ، كۆڭلىدىكى راست گېپىنى يوشۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خەلىپە ئاللىرىنىڭ مېنى ئۆز ۋارىسى قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېساپلايمەن. لېكىن بۇنداق ئالى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىم مۇمكىن، شۇڭا پەرمان پەردار بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.

— ئۆزرە ئېيتىش ھاجەتسىز. دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتى ئۈچۈن، مېنىڭچە، بۇ تاپشۇرۇقنى قوبۇل قىلسىلا بولىدۇ.

ئەبۇ ھەسەن ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، ئۆزىنى خەلىپىنىڭ ۋارىسى قىلىش ھەققىدە ئېيتقان گېپىگە جەلىسنى گۇۋاچى قىلماقچى بولۇپ، دەرھال مۇنداق دېدى:

— مەنغۇ ماقۇل دەي، ئەمما خەلىپىنىڭ ئاشۇنداق دېگىنىگە خەق ئىشىنەمدۇ؟

— مانا مەن گۇۋا بولىمەن. خەلىپە ئاللىرى سىلىدىن كۆپ رازى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆز مەقسىدىگە يېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى سەزگەن ئەبۇ ھەسەننىڭ خوشاللىقتىن تېنى ياپراپ، جېنى سۆيۈنۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قەستەن سالاپەتلىك قىياپەت ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ گۇۋاچىلىقىڭ قەغەزگە يېزىلغاندىنمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايمەن، خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ ياشىيالمايمىز. خۇدا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!

— خۇدا سالامەت قىلغاي، — جەلىس ئۇنىڭغا ماسلاشتى.

ئۇشتۇمتۇت سىرتتا جىددى ئاياق شەپىسى ئاڭلاندى - دە، شۇئان بىر ھەرەم خىزمەتچىسى كىرىپ كەلدى.

— نېمىشقا مۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى جەلىس دەرھال ئۇنىڭدىن.

— خەلىپە ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى تېز كەلسۇن دەيدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى خىزمەتچى تىترەك ئاۋازدا.

— جانابى ئالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئەھۋالىنى تازا ئۇقمىدىم، لېكىن تېۋىپ سەدىد تەقسىر، يەنە بىرمۇنچە تېۋىپلار ئۇ كىشىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇشىدۇ.

جەلىس ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— تېز بارغىن! — دېدى ئەبۇ ھەسەن، — سەن بىلەن بىللە بېرىشىمنىڭ يولى بار ئىدى، بىراق مەن مەسچىتكە بېرىپ ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا - تەلەپ قىلاي. تېز بارغىن!

ئىككىيلەن خوشلاشتى. جەلىس شاپاشلاپ خەلىپە يېنىغا كەتتى.

*　　　*　　　*

ئەبۇ ھەسەن خىچىرىغا مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ

ئۆيدە ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرمەكتە ئىدى. شۈبھىسىزكى، خەلىپىنىڭ ئەجەلى يېقىنلىشىپ قالدى. ئەمدى ئەبۇ ھەسەن ئۆزى ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئېنىقكى، يالغۇز جەلىسىنىڭ گۇۋاچىلىقىلا كۇپايە قىلمايدۇ، سالاھىددىنمۇ گەپ قىلغاندىلا ئاندىن ئىش چاك باسىدۇ. ئۇ ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ، بۇلۇڭدىكى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى - دە، پۈتۈن زېھنى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى داۋام قىلدى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دىۋاندىن سەكرەپ قوپتى - دە، چاۋاك چېلىپ خىزمەتچىنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— خېچىرنى توقۇ! — دىدى.

— توقۇمىنى ئالمىغان، غوجام، — خىزمەتچى چىقىپ خېچىرنى يېتىلەپ كەلدى. ئەبۇ ھەسەن خېچىرغا مىندى - دە، دوستى ئىيسا ھەككارىنى ئىزلەپ ماڭدى.

ئىيسا ھەككارى كۈتۈپخانىدا قانۇن كىتاۋىنى كۆرۈۋاتاتتى، خىزمەتچى ئالىجاناپ ئەبۇ ھەسەننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىنى خەۋەر قىلغاندا، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنى كۈتۈپخانىغا باشلاپ كىردى.

ئەبۇ ھەسەن ئۈستەلدە ئېچىقلىق تۇرغان كىتاپنى كۆرۈپ، گويا بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەستەك، قانۇن، تارىخ ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتى ۋە:

— ئۆزلىرى كىتاپ بىلەنلا ھەپىلىشىلا، كىتاپتىن نەپ تېگەمدۇ؟ — دىدى.

— نىمىشقا نەپ تەگمىسۇن؟ بۇنداق ئاخمىقانە سوئال قويۇش ئۆزلىرىدەك كىشىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ! — دىدى ئىيسا ھەككارى.

— راست دىدىلە. ئەمما مەن پەقەت كىتاپىڭىزنى كۆرۈپ

قويۇش ئۇچۇنلا كىتاپ ئوقۇيمەن. «كىتاپقا ئىشەنمە، كىتاپسىز يۈرمە» دىگەن گەپ بار.

— مەنمۇ بىلىمىم ئۈچۈن ئىلىم ئىزلەيمەن؛ لېكىن ئاقىللار باشقىچە مەنپەئەت ئالىدۇ.

ئەبۇ ھەسەن ئىيسا ھەككارىنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىغىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خوشامەت قىلىش نىيىتىگە كېلىپ مۇنداق دىدى:

— سىلى ھەقىقەتەن دانىشمەن ئادەم. ئۆز خوجايىنلىرى سۇلتان سالاھىددىنغا سادىق ئىكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. مېنىڭچە، ئۆزلىرى خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ توي ئىشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىلا، تانىمىسىلا!

— باش قاتۇرۇۋاتىمەن دىيەلمەيمەن، ئادەتتىكىچە تەتقىق قىلىۋاتىمەن، — دىدى ئىيسا ھەككارى دەرھال.

— ئىقرار قىلىسىلىمۇ، قىلمىسىلىمۇ، ئەقىللىق مەن شۇنداق دەپ قارايمەن. ئۆزلىرىگە دەخلى قىلىپ نىمىشقا كەلگەنلىگىمنى بىلەمدىلا؟

— ياق.

— مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن كەلدىم. ناۋادا بۇ ئىشقا ياردەم قىلسىلا، بۇ ئىش خوجايىنلىرىغىلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، دوستلۇق بۇرچىلىرىنىمۇ ئادا قىلغان بولىدىلا.

— كىشىگە ياخشىلىق قىلغۇچىمۇ، ياخشىلىققا ئىرىشكۈچىمۇ ئاللا رەھمەت قىلىدۇ. قېنى، نىمە ئىش، ئاڭلاپ باقايلى، — دىدى ئىيسا ھەككارى بوينىنى سوزۇپ.

— خەلىپە ئازىدنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىغىدىن خەۋەرلىرى باردۇ؟

— بىتاپ بولۇپ قالغانلىغىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتىمۇ؟

— ئېغىرلىشىپتۇ ئەمەس، ھالى پەسلەپ قاپتۇ. ئۇ كۆز يۇمغاندىن كېيىنلا، خىلاپەتلىك ۋەلى ئەھدىگە قالىدۇ، بىراق ئۇ تېخى ئاغزىدىن ئوغۇز سۈت پۇراپ تۇرغان كىچىككىنە بىر بالا. ئۇنىڭدا خىلاپەتلىككە ۋارىسلىق قىلغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك غەيرەت - شىجائەت كەم.

— قانداق شىجائەت دەيدىلا؟

— قۇلاقلىرىدا بولسۇن! ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرەي. خەلىپە ئازىد بۈگۈن كېچە ياكى ئەتە جان ئۈزىدۇ. مەن سۇلتان سالاھىددىننىڭ پەزلى - شەپقىتىنى ھەممىدىن ياخشى چۈشىنىمەن. دەرۋەقە، خەلىپىدىن قالغان ئىشلارنى سالاھىددىن قولىغا ئېلىپ، بۇ ئىشنى بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋالسۇن دېمەكچى ئەمەسمەن؛ ئەگەر راستىنى شۇنداق دېسەممۇ ئۆزلىرى ئىشەنمەيدىلا! بىراق، ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئاۋادا خەلىپىلىككە گۆدەك ۋەلى ئەھدى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، پاراكەندىچىلىكنىڭ باشلانغانلىقى شۇ، ئۇ چاغدا بەزىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىئەلەرنى سالاھىددىنغا قارشى قوزغىتىشى مۇمكىن. بۇنداق بولسا، ھەر ئىككىمىزگە قىلچە پايدىسى يوق. گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، خەلىپە ئازىد مېنى ۋارىس قىلماقچى بولۇپ، خىلاپەتلىكنى ھۆرمەتلىك مويسىپىت جەلىس ئارقىلىق ماڭا ئىلتىپات قىلغان. شۇ چاغدا ئۇ يارلىق يازدۇرماقچى بولغان ئىكەن، بىراق كېسەللىك سەۋەبىدىن ھازىرغىچە كېچىكىپ كەلدى. قازايى قەدەر، خەلىپە ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، شاھزادىلەر ئۇنىڭ ئارزۇسىنى رەت قىلىشىۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. مۇبادا ماڭا ياردەم قىلىپ، مۇشۇ ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ بەرسىلە، بۇ قىلغان چەكسىز ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە مەڭگۈ مەدھىيە ئوقۇيتتىم. مەقسىدىمنى چۈشەنگەندىلا؟ مەن ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى ماڭا ئىشىنىشلىرىگە كۇپايە قىلىدۇ

دەپ ئويلايمەن.

ئىيسا ھەككارى ئەبۇ ھەسەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاچ ئويلانماقتا ئىدى. ئەبۇ ھەسەننىڭ گېپى تۈگىگەندە، ئۇنىڭدىن:

— ئاندىنچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشۇ ئىشنى ۋە مېنىڭ پىكرىمنى سالاھىددىنغا ئېيتساڭلا دېمەكچى. ئېيتقاندا، بۇ پىكرنى باشقىلارنىڭ ئۇقمىشى بىلەن ئەمەس، ئۆز پىكرلىرى ئىكەنلىكىگە سالاھىددىننى ئىشەندۈرۈشلىرى كېرەك. بۇ ئىشنى ئورۇنلىسىڭلا، ئۆزلىرىمۇ قۇرۇق قالمايدىلا، ھەممىمىزگە پايدىسى تەگمەي قالمايدۇ.

ئىيسا ھەككارى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەبۇ ھەسەننىڭ خەلىپە جەمەتىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ يەنە سالاھىددىننىڭ مەنسەپەتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئويلىدىكى، ناۋادا سالاھىددىنلار بۇ ئاسىنى يۆلەپ خەلىپىلىك تەختىگە چىقارسا، ئۆز پايدىسىغا ئىش قىلغان بولىدۇ، چۈنكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار ئۇنى خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولسا ئاسانلا ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىيسا ھەككارى ئۆزىمۇ سالاھىددىن بىلەن مەلىكە سەييىدەنىڭ توي ئىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزلەۋاتىدىغۇ! ئۇ ئەبۇ ھەسەنگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— ئۆزلىرىگە پايدىلىق قالتىس بىر ئىش قىلماقچى بوپتىلا — دېدى.

— بۇنىسى ئارى راست، لېكىن مەنمۇ سۇلتان سالاھىددىنغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىزلەۋاتىمەن ـ دە. ناۋادا ئۆزلىرى مېنىڭ پىكرىمگە قولاق سالمىسىلا، ئاخىر ئۆزەڭلار داغدا قالىسىلەر. چۈنكى مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىسىگە مايىل. بۇنىسى ئۆزلىرىگە ئايدىڭ. پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن

بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغايلا! ئۆزلىرى مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمدىن بولۇپ قېلىشلىرىغا كۆزۈم يېتىپ تۇرىدۇ.

— ئەلۋەتتە! بۇ ئىشقا بارلىق كۈچۈمنى ئايىمايمەن. قېنى قاراپ باقمايمىزمۇ!

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، مەن كەتتىم، ئەتە كۆرۈشەيلى! — دېدى ئەبۇ ھەسەن ھاياجانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۈگۈن قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ھەرقانداق كىشىدىن مەخپى تۇتقايلا. دەرۋەقە، بۇنى ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ھاجەتسىز ئىدى.

— ھاجىتى يوق.

ئەبۇ ھەسەن خېچىرىغا مىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىيسا ھەككارى ئۇزاققىچە ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بايىقى گەپلەرنى ئەسلەپ، ئەبۇ ھەسەننىڭ پىكرىچە ئىش قىلىشنىڭ بىرمۇنچە پايدىسى بارلىقىنى ھېس قىلدى - دە، دەرھال سالاھىددىننىڭ قېشىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. دەريا قولتۇغى ئالقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پېشايۋاندا سالاھىددىن دادىسى بىلەن دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئىيسا ھەككارى كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى ۋە كىرىپ كەلدى، نەجمىددىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ، ئىيسا؟ — دەپ سورىدى سالاھىددىن.

— مەۋلانىم، مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلدىم، — دېدى ئىيسا ھەككارى.

— مۇھىم ئىش بار يەردە ئۇنىڭ مەنپەئەتدارى بولىدۇ، — دېدى سالاھىددىن كۈلۈپ.

ئىيسا ھەككارى ئەبۇ ھەسەن بىلەن بولغان ئىشنى باشتىن - ئاخىرغىچە سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سالاھىددىننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە دادىسىدىن پىكىر سورىغاندەك،

ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئىيسا ھەككارنىڭ گەپلىرىنى قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىشۋاتقان، دەڭسەپ كۆرۈۋاتقان نەجمىددىن ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى بايقاپ:

— بۇغۇ ياخشى مەسلىھەت ئىكەن، ئەپسۇسكى ھازىر تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، چۈنكى ئازىد تېخى ھايات؛ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بىر گەپ بولار! ھىممىتىڭگە بارىكاللا، ئىيسا، — دەپ جىم بولۇپ قالدى.

ئىيسا ھەككارى ئىككى خوجايىنىنىڭ بۇ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشىگە كاشىلا بولماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى.

ئىيسا ھەككارى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نەجمىددىن ئوغلىدىن ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— دادا، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى سالاھىددىن.

— سېنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاپ باققۇم بار.

— پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىسەك، — دېدى سالاھىددىن، — ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۆز ئورۇق ـ جەمەتىگە ئاسىلىق قىلىشى بىزگە پايدىلىق، بۇنى ئىنكار قىلالمايمەن. ناۋادا بىز ئۇنى خەلىپە قىلىپ تىكلىسەك، ئۇنىڭ تىزگىنى پۈتۈنلەي بىزنىڭ قولىمىزدا بولىدۇ.

نەجمىددىن ناپىسەنتلىك بىلەن دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— سەن ھەم پاراسەتلىك، ھەم شىجائەتلىك بولساڭمۇ، لېكىن سېنى پەملىك، تەدبىرلىك دېگىلى بولمايدۇ. ئەبۇ ھەسەننىڭ مەخپى مەلۇماتىدىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ باشلىقى ئۆلسە، بۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئىچكى نىزا تۇغۇلىدۇ، ئىختىلاپلىق پىكىرلەر يېغىپ كېتىدۇ. خەلىپە دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ پەيتى دەل ئەنە شۇ. بىز ھېچ قانداق كىشىنى خەلىپە تىكلىمىگەننىڭ ئۈستىگە، بەلكى ئوردىنى قورشىۋېلىپ، خەلىپە-

لىككە ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىمىز لازىم. بۇ ئىشتا قاتتىق قول، قەتئىي بولۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغىنىمىز يەنە بىر خەلىپە تىكلەپ يەنە يېڭى باش ئاغرىقى تاپقىنىمىزدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟

سالاھىددىن دادىسىنىڭ بۇ ئەقلىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بۇنى ئويلاپ يەتمىگەنلىكىدىن خىجىل بولدى. ئۇ دادىسىنىڭ گېپى تۈگىگىچە ھۆرمەت بىلەن قۇلاق سالدى، ئاندىن:

— سىزنىڭ دانالىقىڭىز ۋە ئىرادىڭىزنىڭ تەڭدىشى يوق، دادا، — دېدى.

— بىز ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك، — دېدى نەجمىددىن، — يىگىتلىرىمىز جەڭگە تەييار تۇرسۇن. بۇ شور پېشانە خەلىپىنىڭ ئاخىرقى نەپەسى ئۈزۈلگەن ھامان ئوردىغا ھۇجۇم قىلىڭلار. ساڭا يەنە شۇنى ئېيتىپ قوياي، ھازىرقى گەپلىرىمىز ئەمەلگە ئاشقىچە، بۇ گەپلەرنى ھەرقانداق كىشىدىن مەخپىي تۇت؛ تۈنۈگۈنكىدەك، سورۇندا ئۆزەڭنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىل.

سالاھىددىن ئېھتىرام ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ، دادىسىنىڭ قوللىرىنى سۆيدى، دادىسىنىڭ چارە - تەدبىر پىلانلاش، يول كۆرسىتىش جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى چىن دىلىدىن ماختىدى.

— مېنىڭ گەپلىرىمدىن تەربىيە ئېلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن؛ چارە - تەدبىر ۋە ئىرادىگە تايانساڭ، ئۇلۇغ سۇلتان بولىسەن. نەسىھەتلىرىمنى ئېسىڭدە تۇت، ئوغلۇم.

× × ×

ئەبۇ ھەسەن ئېيسا ھەككارىنىڭكىدىن چىققاندىن كېيىن، ھىلە -

نەيرىگىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى دەپ خۇشاللىغىدىن قىنىغا پاتماي كەتتى. خەلىپە ئازىدىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ بىلىش ئۈچۈن خەلىپە سارىيىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ خەلىپىنىڭ سەكراتتا چۈشۈپ قالغانلىغىنى. ئەتىگىچە ھايات تۇرمايدىغانلىغىنى بىلەتتى. ئۇ كېچە - كۈندۈز تەلمۈرۈپ كەلگەن مەقسىدىگە يېتىشكە ئاز قالغانلىغىنى ئويلىغاندا، كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، تۈرلۈك خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتى: شۇ تاپتا ئۇ خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇردى، ئەمدى پەقەت ئۆزىنى كەمسىتكەن مەلىكە سەييىدەنى قولغا ئېلىشقا پەرمان چۈشۈرۈشلا قالدى... ئۇ شىرىن خىيالدىن ئېسىگە كەلگەندە، خەلىپىنىڭ غېمىنى يەۋاتقان كىشى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، كىشىلەردىن جەلىسىنىڭ نەدىلىگىنى سۈرۈشتۈردى. بىراۋ ئۇنىڭغا جەلىسىنىڭ خەلىپە ھوجرىسىدا ئالدىراشلىغىنى، تېۋىپلارنىڭ خەلىپە بېشىدا قولى - قولىغا تەگمەي كېتىشىۋاتقانلىغىنى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتسىز دورىلارنى ئىشلىتىۋاتقانلىغىنى ئېيتتى. ئەبۇ ھەسەن خەلىپىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن ئۇقۇش ئۈچۈن خەلىپىنىڭ تېۋىپى سەدىدنى تېپىش قارارىغا كەلدى. «جان ئۈزەي دەپ قالدى!» دىدى سەدىد تېۋىپ ئۇنىڭغا. ئەبۇ ھەسەن قەستەن تازا ئۈن سېلىپ يىغلىدى. تولىمۇ ئىچى ئاغرىغان تېۋىپ ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز تەسەللى ئېيتتى. ئەبۇ ھەسەن تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، باھائىددىن قارا قۇش بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇدۇل قەسرىنىساغا كەلدى. كۈن تاققا باش قويغان ئىدى. ئىش تەتۈر كەلدى، باھائىددىن قارا قۇش سالاھىددىننىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەسەن قەسرىنىسا دەرۋازىسى ئالدىدا باھائىددىننى ساقلاپ تۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، باھائىددىن كەيپى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئەبۇ ھەسەن باھائىددىننى سالاھىددىن يېنىدىن قايتقاندا ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ ياخشى خەۋەر يەتكۈزىدۇ دەپ قارايتتى.

چۈنكى ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنى سالاھىددىن بىتەھقىق ئىيسا ھەككارىدىن ئۇقىدۇ ھەم ئۇنى باھائىددىن قارا قۇشقا ئىيتىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ خىچىر بىلەن كىلىۋاتقان باھائىددىن قارا قۇشنى كۆرگەندە، دەرھال كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمما باھائىددىن قارا قۇش پىسەنت قىلماي، ئۇنى كۆرمىگەن بولىۋالدى. ئەبۇ ھەسەن ئۆزى گەپ ئىچىشقا مەجبۇر بولۇپ:

— خۇش كەپسىز، تەقسىر. سۇلتانىمىز يېنىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ — دىدى.

باھائىددىن قارا قۇش بىشىنى بۇ ياققا بۇراپ، ئۇنى ئەمدىلا كۆرگەنگە سىلىپ:

— ھە، بۇ يەردە ئىكەنسىز، ئەبۇ ھەسەن، — دىدى.

— سىزگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغىنىمغا خېلى بولدى! — دىدى ئۇ، — خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— كىسەلى خېلى ئىغىر، ئاللا شىپالىق بىرەر، — دىدى باھائىددىن قارا قۇش ۋە ئورۇندۇقتا كىلىپ ئولتۇردى، لىكىن ئەبۇ ھەسەننى ئىلگىرىكىدەك ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدى.

ئەبۇ ھەسەن ئۆزى ئولتۇردى. دەسلەپ ئۇ نىمە دىيىشىنى بىلمىگەن بىر قىياپەتتە گاھ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، گاھ كۆزلىرىنى چىمىلدىتاتتى، گاھ بىشىنى چايقايتتى. ئاخىر:

— سىزچە، ئۇنىڭ كىسەلى بەكلا ئىغىرمۇ؟ — دىدى.

— بۇنىڭدىن بىر سائەتچە ئىلگىرى ئاشۇنداق دەپ ئاڭلىغان. ئاللا شىپالىق بىرەر! ئۇ ياخشى كىشى ئىدى.

— راست دىدىڭىز، تەقسىر، — دىدى ئەبۇ ھەسەن دەرھال ئۇنىڭ گىپىگە ئۇلاپلا، — بىزنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىمىز ئىچىدە بۇ خەلىپە ئالىيلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ھەممىدىن يۈكسەك، دىلى ھەممىدىن يۇمشاق. شۇڭا...، — گەپ مۇشۇ يەرگە كەل-

گەندە، ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئەپسىز مۇھىم بىر ئىش باردەك، گېلىنى قىرىپ، بېشىنى چايقاپ قويدى. ئاندىن باھائىددىنغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى: — تەقسىر، سىزنىڭ پاراستىڭىز يېتىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ياخشى نىيەت - ئىقبالى ۋە كەڭ قوساقلىغىدىن نىمە ياخشىلىق كۆرەر؟! ئەلۋەتتە، سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ھاجەتسىز. ئۆزىڭىز دانا ئادەم. ئەمما، ئەپۇ قىلىڭ، ئەگەر مېنىڭ تولىمۇ بىتاقەت بولۇۋاتقىنىمنى سەزگەن بولسىڭىز، بۇ مېنىڭ ئۆز خانىدانىمىزنىڭ نام - شۆھرىتىنىڭ بۇلغىنىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغانلىغىمىنىڭ نەتىجىسى. تۆنۈگۈن قەسىرگە كىرىپ يەنە ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى يات كىشى توغرىسىدىكى ئىش ماڭا روشەن. بىز ئۇنى تۇتالمىدۇق، قەسىردىكى كىشىلەر ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول كۆرسەتكەن. بۇنداق دېيىش بىلەن بىراۋغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلماقچى ئەمەسمەن، چۈنكى مېنىڭچە بۇ ئىشنى قىلغان كىشى نادانلىقتىن قىلىپ قويغان، ئۇنىڭ مەلۇم غەرەز بىلەن بۇنداق قىلغان بولۇشى ناتايىن. مەلىكە سەيىدە ھەققىدىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئۇنىڭ ئىنىسى تېخى ھايات، ناۋادا قازايى قەدەر ئۇ بەندىچىلىك قىلىپ قالسا، ئىلاھىم بۇنداق بولماس، مەلىكىنىڭ ھالى نىچۇك بولىدۇ؟!

ئۇ مۇشۇلارنى دەپ بولۇپ يۆتىلىپ قويدى، باھائىددىنغا لەپپىدە بىر قاراپ، ئۇنىڭ ئەستايىدىل قۇلاق سېلىۋاتقىنىنى بايقاپ، گېپىنى يەنە داۋام قىلدى:

— بىر ئىش بار، ئۇنى ئىككىمىزنىڭ دوستى ئىيسا ھەككاردىن باشقا ھېچكىمگە تىنمىغان بولسامۇ، سىزدىن يوشۇرمايمەن. بۇ ئىش مۇنداق: خەلىپە ئازىد مېنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىشنى قارار قىلغان؛ مەن ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن توي قىلىشنىمۇ كېلىشىپ قويدۇم. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى تېخى بىخەۋەر.

جەلىس بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار، ئىيسا ھەككارى
بىلەن سالاھىددىنلارمۇ ئۇقتى. مۇشۇ ئىش ئۈستىدە بۈگۈن ئەتى-
گەن ئىيسا ھەككارى بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم، سىزگە دىدىمۇ
دىمىدىمۇ خەۋىرىم يوق، — ئۇ گىپىنى توختىتىپ، باھائىددىندىن
نىمە سادا چىقىدىكىن دەپ، سەۋىرلىك بىلەن كۈزەتتى. لېكىن
باھائىددىن قىلچە ئىپادە بىلدۈرمەي، گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ
ئولتۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەسەن گىپىنى يەنە
داۋاملاشتۇردى:
— ئۇ سىزگە تېخىچە ئېيتمىغان بولسا، چوقۇم پات - يې-
قىندا ئېيىتىدۇ. بۈگۈن سىزدىن مەن بىلەن خەلىپىنىڭ — ئاللا
شىپاتلىق بېرەر — نام - شۆھرىتىمىزنى قوغدىشىڭىزنى ئىلتىماس
قىلىپ كەلدىم، ئىشلار بېسىققاندىن كېيىن، سالاھىددىن مېنىڭ
ئىشىمغا باش بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىپ قويدۇم. قەسىرنى
ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن. دەرۋەقە، سىز
شۇنداق قىلىۋاتىسىز، لېكىن دۈشمەن يەنە ئوغرىلىقچە كىرىۋالار-
مىكىن دەپ ناھايىتى ئەنسىرەۋاتىمەن. مېنىڭچە، ھىلىھەم بول-
سىمۇ مەلىكە سەيىدەنى لەخمە يوق قەسىرگە يۆتكەپ قويغى-
نىڭىز تۈزۈك. دارۇلزىياپەت تازا مۇۋاپىق، — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ،
باھائىددىن قارا قۇشتىن گەپ كۈتۈپ كۆزىگە قارىدى.
— تەقسىر، نىمانچە ئالدىراپ كېتىسىز؟ — دىدى باھائىددىن
پەرۋاسىزلىق بىلەن، — خەلىپە تېخى ھاياتقۇ؟
— ئەقىللىق ئادەم ھەر ئىشنى ئالدىن ئويلايدۇ، — دىدى
ئۇ رەددىيە بېرىپ، — جان تۇمشۇققا كەلگەندە سۆرە ياسىن
ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق. قۇلاق سېلىڭ! بۇ ئاۋاز قەسىردىكى
ئاياللارنىڭ ھازىسى ئەمەسمۇ؟ خەلىپە ئازىد بۇ دۇنيا بىلەن
ۋىدالاشقان ئوخشايدۇ. ھەي بىچارە! — ئۇ تېپىچەكلەپ، مەي-
دىسىگە مۇشتلاپ يىغلاپ كەتتى.

باھائىددىن قىيا - چىيا ئاۋازنى ئاڭلاپ دەس تۇردى - دە، جىددى قىياپەتتە نەۋكەرلىرىگە تەييار تۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئەبۇ ھەسەنگە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئىما قىلىپ قويۇپ، قەسىرنىڭ باشقا بىر تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى.

خەلىپىنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى دەپ قەتئىي ئىشەنگەن ئەبۇ ھەسەننىڭ شۇ تاپتا خىيالى بىرلا ئىشتا — مەلىكە سەيىدەنى قولغا ئېلىشتىلا قالدى. ھازىر ئۇ باھائىددىننى كەتكۈزۈپ قويغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ نىمىشقا كەتكەننى بىلمەيتتى. ئۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قالدى. بىردىنلا قىلىچ - قالقانلارنىڭ جاقۇر - جۇقۇر ئاۋازى ۋە ئاتلارنىڭ كىشنىشى ئاڭلاندى، ئۇ دەرىزىگە بېرىپ قارىدى، بىر توپ ئاتلىق ئەسكەر ئوردا تەرەپكە قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار ئوردىنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋالدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا تىترەپ تۇرغان بىر قول ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، ئۇ ئارقىغا قارىدى - دە، ئۆزىنىڭ مەلىكە سەيىدە يېنىغا پايلاقچى قىلىپ قويغان مالىيىنى كۆردى، ئۇ ھودۇققان ھالدا تىترەپ تۇراتتى.

— نىمە ۋەقە بولدى؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ئەبۇ ھەسەن.

— مەن بىلەن يۈرۈڭ! تېز قاچايلى، غوجام، — دىدى مالاي.

— نەگە باراتتىم؟ ياق. مەن بۇ جالاپنى تۇتىمەن، ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟

— قاچايلى، تەقسىرا! ئىش سىز ئويلىغاندەك بولماي قالدى، ئۇلار ئوردىنى قورشاپ بولغۇچە بۇ يەردىن كېتىڭلار! — دىدى مالاي ۋە كاپ قىلىپ ئۇنىڭ يېڭىگە ئېسىلىپ، كىشلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ پاتىپاراق بولۇپ تۇرغان پەيتتىن پايدىلى-

نىپ، ئۇنى ئۆيدىن سۆرىگەن پېتى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەچكە، ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغىنىغىمۇ ئۆزلىرى ئىشەنمەي قېلىشتى.

— مېنى نەگە ئېلىپ بارماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ ھەسەن.

— تېز مېڭىڭ، تەقسىر! — دىدى مالاي ئۇنى ئالدىرىتىپ، — جاننى ساقلاش مۇھىم. ۋەقەنىڭ باش - ئايىغىنى كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن.

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئوردىدىن يىراق بىر يەرگە بېرىپ، ھىچكىمنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان بىر ئېغىز پۇقراچە ئۆيگە كىردى. بۇ مۇلازىملار تۇرىدىغان ئۆي بولۇپ، جىددى ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغاندا بۇ يەردە جان ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. مالاي ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ ئولتۇردى، ئۇ قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئەبۇ ھەسەن ئولتۇرۇپلا سورىدى:

— ئېيتە، بىز نىمىشقا بۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ قاچتۇق؟

— قېچىپ چىقمىغان بولساق، سىزنى ئۇلار زىندانغا تاشلايتتى.

— زىندانغا دەمسەن؟ ھاھا! — ئەبۇ ھەسەن پىسسەنت قىلماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — نىمە بولدۇڭ سەن؟ دەرۋەقە، مەن سېنى توخۇ يۈرەك دەپ ئەيىپلىمەيمەن، چۈنكى بۈگۈن ئەتىگەن مېنىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان ئىشلىرىمدىن بىخەۋەر - دە سەن.

— ھەممىدىن خەۋىرىم بار. سىزنىڭ پىلانىڭىز بىكارغا كەتتى. باھائىددىن دىگەن لەنىتىنى قاراڭ، سىز قەسىردە ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندا، سالاھىددىن ئۇنىڭغا قەسىرگە ئەسكەر توپلاپ،

خەلپە جان ئۆزگەن هامان قەسردىكى قىز ـ ئاياللارنى، بالىلارنى، ئەر ۋە يىگىتلەرنى دەرھال قولغا ئېلىش، قەسردىكى ھەممە نەرسىنى بۇلاپ كېتىش ھەققىدە يۇزمۇ ـ يۈز يولىيورۇق بەردى.

— بۇ ئەھۋاللارنى قانداق ئۇقتۇڭ؟ ساڭا كىم ئېيتتى؟ ئاخماق! — دىدى ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشەنمەي، — سالاھىددىن ئۇنى قەسرنى قوغداش ۋە قەسردىكى مال ـ مۈلۈكنى قوغداشقا بۇيرۇغاندۇ بەلكى. مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى بىلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن سېنى گۇمانخور دەپ ئەيىبلىمەيمەن. ۋەقەنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى كېيىنچە ساڭا ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

— تەقسىر، ھەممىدىن خەۋىرىم بار، مەن ئاخماق ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزدەك ئالىجاناپ خوجايىنىمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ناھايىتى ئەقىللىق ئادەممەن! سالاھىددىننىڭ باھائىددىننى قەسردىكىلەرنى تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىغىدىن قىلچە گۇمانىم يوق. سىزنى تۇتۇشنى ئالاھىدە ئېيتتى، ئىشەنمىسىڭىز، قايتىپ بېرىپ بېقىڭ.

ئەبۇ ھەسەن جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئاچچىغىدا غال ـ غال تىترەيتتى، ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ، بايا ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلىدى ـ دە، ھەيرانى ـ ھەس بولۇپ قالدى... ئاندىن لام ـ جىم دىمەي بۇتتەك تۇرغان مالايغا بۇرۇلۇپ:

— دىگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟ — دىدى.

— تامامەن ئىشەنچلىك. دىگەنلىرىمنى ئىسپاتلاپ باقماقچى بولسىڭىز، باشقىچە ياسىنىپ چىقىپ، ئەسكەرلەر ئوردىدىكى باشقا كىشىلەرنى ئىزدىگەندەك ئەبۇ ھەسەننىمۇ ئىزدەۋاتامدۇ ـ قانداق، بېرىپ كۆزىتىپ بېقىڭ. راستىنى ئېيتقاندا، باشقىچە ياسىنىپ چىقسىڭىزمۇ، ئۇلار سىزنى تونۇيالمايدۇ دەپ ھۆددە قىلالمايمەن.



www.uyghurkitap.com

ئەبۇ ھەسەن مالىيىنىڭ گېپىدىن گۇمانلىنىشقا ئورۇن قال-
مىغىنىنى ھىس قىلغاندا، شۇنداق زەردە بولدىكى، ھۆمىدىگىنى-
دىن كۆكرىگى تېز - تېز كۆتىرىلەتتى، ئۇ ھۇشىدىن كەتكىلى
تاس - تاس قالدى. ئۆزىنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ،
ئاۋال شىردەك ھۆكۈرەپ، ئاندىن تۈلكىدەك ھۇۋلاپ كەتتى.

— ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، ۋاقتىنچە سەل يوشۇرۇ-
نايلى، — ئۇ مالايغا بىر قاراپ قويۇپ دېدى، — مەن زىنى
چۈشەنمىدىم، ئۇلار نىمىشقا مەن بىلەن قېرىشىدۇ؟ مەن ئۇلار
ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن تۇرسام، سىنىڭچە، خەلىپە ئازىدىنىڭ
ئورنىغا كىم تەختكە چىقار؟

— ئۇلارنىڭ خەلىپە ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقىنىدىن
قارىغاندا، خەلىپىنىڭ ئوغلىنى تەختكە ۋارىس قىلماي، باشقا بىر
كىشىنى تەختكە چىقىرىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئەبۇ ھەسەن يەنە جىم بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئال-
دىدا ئىككى مەغلۇبىيەت تۇراتتى: خەلىپە بولۇش ئارزۇسى
ئالتە تاغنىڭ ئۇ يېنىغا كەتتى؛ مەلىكە سەيىدە بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىراقلىشىدۇ. لېكىن ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە
سالاھىددىن مەلىكە سەيىدەگە يۈز - خاتىرە قىلمايدۇ، شۇ چاغدا
مەلىكە پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدۇ، دەپ قارىدى.

* * *

ئەمدى بىز يەنە مەلىكە سەيىدەنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە
توختىلىمىز. ئىمادىددىن ئاشۇ كۈنى كېچىدە مەلىكە سەيىدەنىڭ
يېنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە كارۋىتىغا چىقىپ
ياتتى. لېكىن، تۈرلۈك خىياللار ئارام بەرمەي، كىرپىك قاقماي
تاڭ ئاتقۇزدى. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنىسىنى يوقلىماقچى

بولۇۋىدى، ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىدا تېۋىپلار بولغاچقا، بېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ بارمىدى. ئۇ سەۋرى قىلىپ، بالدۇرراق بېرىشقا ئىجازەت قىلىنىشىنى كۈتتى. چۈشتىن كېيىن ئىجازەت قىلىندى. ئۇ ئىنىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىن خېلى يېنىك ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ سەل خاتىرجەم بولدى - دە، ھە دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرىدىغان گەپلەر بىلەن تەسەللى بەردى. لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشى ئۈستىدە ئۇنىڭغا جاۋاپ ياندۇرغانلىغى بىردىنلا ئېسىگە چۈشۈپ قالدى - دە، ئۇنىڭ كېسىلى مۇشۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاتتىق ئۆكۈندى.

بىردەمدىن كېيىن، خەلىپە تېۋىپى بىلەن جەلىس شەرىپنىڭ كېلىدىغانلىغى خەۋەر قىلىندى، خەلىپە ئازىد مەلىكە سەييىدەگە قايتىپ كېتىشنى ئىما قىلدى ۋە ئۆز ئەھۋالىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. مەلىكە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆز ھوجرىسىغا قايتتى، ئۇ ھە دەپ ئىنىسىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇ چاغدا ياقۇتە كېلىپ ئۇنىڭدىن خەلىپەنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى، لېكىن ياقۇتە خەلىپە ئالەمدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىپ، قوشۇلۇپ ھازا سالدى. قەسىردىكى باشقا قىز - ئاياللارمۇ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئۇقۇشماسلىق ئەنە شۇنداق كېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا ئەبۇ ھەسەن باھائىددىن بىلەن بىللە تۇراتتى، ئۇلارمۇ ئۇقۇشماستىن خەلىپە ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ قاراشتى. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۆلمىگەن ئىدى.

ئەبۇ ھەسەن ئىيسا ھەككارى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئىيسا ھەككارى شۇئان سالاھىددىننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا

خەلىپە جەمەتىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى يېپىـدىن - يېڭىنىسىغىچە
ئېيتتى.
شۇ كۈنى قوزا چۈشتە سالاھىددىن باھائىددىن قاراقۇشنى چاقىر-
تىپ، ئۇنى قەسىر ئەتراپىغا ئەسكەرلەرنى بۆكتۈرمە قىلىپ، خەلىپە
ئازىدنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان قەسىرنى قورشىۋېلىشقا
ۋە دەرھال ئۆزىگە خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئۇنىڭغا قاتتىق ئېھ-
تىيات قىلىشنى، ھەرقانداق كىشىنى قاچۇرۇپ قويماسلىقنى تا-
پىلىدى، ئەبۇ ھەسەننى تۇتۇشنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇردى. باھا-
ئىددىن قاراقۇش قايتىپ كەلگەندە ئۆزىنى ئەبۇ ھەسەننىڭ ساق-
لاپ تۇرغانلىغىنى كۆردى - دە، ئاۋال ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇ-
رۇپ ئاندىن بىرنىمە قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، قەسىردىكى
يىغا - زارىنى ئاڭلىغاندا، خەلىپە ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ قاراپ،
چەۋەندازلارنىڭ قەسىرنى قورشىشىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن
ئالدىراش كېتىپ قالدى، ماڭىدىغان چاغدا ئەبۇ ھەسەنگە كەتمەي
ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى. باھائىددىن قايتىپ كەلگەندە
ئەبۇ ھەسەننىڭ يوقلۇغىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىگىنى
سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئۇقالماي، تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەشكە ئورۇنلاش-
تۇردى، ئۇنى قاچۇرۇپ قويغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ
سالاھىددىنغا خەلىپە ئۆلدى دەپ خەۋەر قىلىشقا تەمشىلىپ تۇر-
غىنىدا، خەلىپىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىگىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ يېڭىلىك بىلەن ئىش قىلمىغىنىدىن خۇرسەن بولدى، بول-
مىسا سالاھىددىن خەۋەرنىڭ يالغانلىغىنى ئۇقۇپ قالغاندا ئىش
چاتاق بولاتتى. ئۇ ئەسكەرلەرگە قەسىرنىڭ سىرتىدا بۆكتۈرمە
بولۇپ پۇرسەت كۈتۈشنى بۇيرۇدى. كۈن ئولتۇراي دېگەندە، بىر
مۇلازىم كېلىپ: «سۇلتان سالاھىددىنلار كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر
قىلدى. باھائىددىن قاراقۇش ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، سالاھىد-
دىنلارنىڭ خەلىپە تۇرۇۋاتقان قەسىر زەھەپ تەرەپكە كەتكىنى-

نى كۆرۈپ كۆڭلى غەش هالـدا ئۆزاقـقىـچە تۇردى. ئۇشتۇمتۇت ئىيسا هەككارى كېلىپ قالدى، باھائىددىن ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سالاھىددىنىنىڭ ئىمىشقا كەلگەنلىگىنى سورىدى.

— خەلىپە ئازىد ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، — دىدى ئىيسا هەككارى.

— خەلىپە سالاھىددىن بىلەن كۆرۈشمەدىكەن؟

— بۇنىڭ ئەجەپلىنىدىغان نىمىسى بار؟

ئىيسا هەككارى باھائىددىن قاراقۇش بىلەن ئۆيگە كىردى. ئىككىسى ئولتۇرۇپ، سالاھىددىنىنىڭ مۇددىئاسى، نەجمىددىنىنىڭ تەڭداشسىز زىرەكلىگى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭ سېلىشتى.

* * *

مەلىكە سەيىدە ئۆزىنىڭ ۋە ئىنىگانىسىنىڭ يىغا - زارىسىنىڭ بىرمۇنچە پاتىپاراقچىلىق پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ خەلىپە قازا قىپتۇ دەپ چۈشىنىپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغىنىنى دەرهال ئۇقتى - دە، تولىمۇ كەيپى ئۇچتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ سالامەتلىگى هەققىدىكى ئەندىشە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭىسىنى چىرماپ ئالغان دىققەتچىلىك تۈپەيلىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ، ئىشىكتىن سىرتقا چىقمىدى، كىشىنى غېرىپسۇندۇرىدىغان زاۋال ۋاقتى ئۇنىڭدا بىمەنە ھىسسىياتلارنى تۇغدۇرۇپ، ئۇنى غەم - قايغۇغا غەرق قىلاتتى. ئۇ ئىنىسىنى يەنە بىر يوقلاشقا تەشنا بولۇپ تۇرغاندا، ئىنىگانىسى تېز - تېز چامداپ كېلىپ:

— مەلىكەم، خەلىپە ئالىلىرى سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دىدى.

مەلىكە سەيىمدە دەسلەپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، لېكىن دەر-ھال بىردىشقا تەييارلاندى. ئۈچىنچىسىغا گۈللۈك تاۋار چاپان كىيىپ بېشىغا رومال سېلىپ، ئىنىگانىسىنىڭ ھەمرالىقىدا چىقتى ـ دە، ئىنىسىنىڭ ھوجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان ئۇزۇن دەھلىز ئارقىلىق ماڭدى. شۇ چاغدا دەھلىز-نىڭ ئۇ بېشى تەرەپتىن سۆزلىشىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، زاۋال ۋاقتى بولۇپ ئەتراپ گۇگۇما بولىسمۇ، لېكىن ئۇ سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىدىن ئۇلارنىڭ خەلىپە خانىدانىدىكىلەر ئىكەنلى-گىنى پەرق ئەتكەنىدەك قىلدى. ئۇ ئىنىگانىسىدىن:

— كىم ئۇلار؟ — دەپ سورىدى.

— سىزنىڭ بىر نەۋرە ئۇكىلىرىڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ.

مەلىكە چۆچۈپ، ئىختىيارسىز تۇرۇپ قالدى.

— مەلىكەم، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى بۇ ھالنى كۆرگەن ياقۇتە.

— نېمىشقا ئۇلارمۇ كەلدى؟ ئىنىمنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلى-شىپ قالدىمىكىن؟!

— بىمەنە خىياللارنى قىلما! خەلىپە ئالىلىرى سېنى چاقىرتقاندەك ئۇلارنىمۇ چاقىرتقاندۇ.

مەلىكە ماڭدى، ئىككى تىزى دىر ـ دىر تىترەيتتى، كۆڭلى ئۆيەتتى. ئىنىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالمىغان بولسا. بالا ـ چاقىلىرىنى چاقىرتمايتتى، دىگەن پىكىر كۆڭلىدىن كەچتى. ئازىدىنىڭ باللىرى ھاما خان ئاچىسىنى كۆرۈپ، چۆرىسىگە ئولاشتى، خەلىپىنىڭ چوڭ ئوغلى شاھزادە داۋۇت مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى، مەلىكىمۇ ئۇنى سۆيۈپ قويدى ۋە يىغلاپ تاشلاپ باللارنىڭ دىلىنى ئېزىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى، خەلىپە ئىنىسىنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىگىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ تىزلىرى تېخىمۇ قاتتىق تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ھوجرىدىن كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان گەپ ـ سۆز

ئاڭلاش ئۈمىدىدە ھوجرىغا زېھنىنى قويۇپ قۇلاق سېلىشۇردى، ھوجرىدىن يات كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ رومىلىنى قايتا تۈزەشتۈردى، ئىشىك ئالدىدىكى ياساۋۇل ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ تۇردى. ھوجرىنى شام يورۇغى ئاپپاق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ھوجرىنىڭ تۆت تەرىپىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، كارۋاتتا ياتقان، چىرايى بەكلا تاتىرىپ كەتكەن خەلىپە ئىنىسى ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنى روھلۇق كۆرسىتىشكە تىرىشىپ پىشىسىگىدە كۈلۈپ قويدى. كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش كەتكەن مەلىكە باشقا كىشىلەرگە قاراشقا ئۈلگۈرمەي بېرىپلا، ئىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ھېچقىسى يوق، ئۇكام، ساقىيىپ كېتىسەن، — دېدى.

خەلىپە ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ قويدىيۇ، ئۈنچىقمىدى، مەلىكە ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن مەڭزىلىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى سەزدى - دە، قايغۇ - ھەسرەتكە چىداشلىق بېرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھېچگەپ يوق، ئاللا شىپالىق بېرىدۇ، — دېدى.

مەلىكە ئەمدىلا ئۆپچۆرىسىدىكىلەرگە سەپ سالدى، خەلىپىنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جەلىس شەرىپىنىڭ كەينىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا بىر كىشى ئولتۇراتتى. مەلىكىنىڭ بۇ كىشىگە كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا بەدىنىگە جۇغىدە تىترەك ئولاشتى. ئۇ بۇ چىرايىنى رەسمى سۈرۈنلاردا دەرىزە پەردىسى ئارقىلىقلا كۆرگەن ئىدى. بۇ كىشى دەل سالاھىددىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. مەلىكە تۇۋلاپ سالغىلى تاس قالدى - دە، شۇئان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ قىلچە شۈبھىسىز ھالدا سالاھىددىنىنى ماڭا قۇدا چۈشۈپ كەلگەندۇ تايىن دەپ قاردى.

خەلىپىنىڭ باللىرىمۇ كىرىشكەن ئىدى. خەلىپە ئۇلارنى يېنىغا چاقىردى، ئۇلار يېقىن كەلگەندە، ھەممىسىنى بىر -

بىرلەپ سۆيۈپ قويدى ۋە كۆزلىرىدىن تارامـلاپ ياش كەتتى، ھوجرىدىكى ھەممەيلەن، جۈملىدىن سالاھىددىنمۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ تەڭ يىغلاشتى. خەلىپە ئازىد بالىلىرىنى ئولتۇرۇڭلار دىدى، مەلىكە سەييىدەگە ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرۇشنى ئېيتتى. مەلىكە ئىتائەت قىلىپ ئېھتىياتلىق بىلەن يېقىن كەلدى ۋە سالاھىددىن بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇردى.

بىر ھازاغىچە ھىچكىم گەپ ـ سۆز قىلمىدى، ئۆيدە جىم-جىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كىشىنى دىمىقتا قىلىدىغان بۇ سۈكۈتنى ئاخىر يەنىلا خەلىپە ئازىدلىدىنىللا بۇزدى، ئۇ زەئىپ ئاۋازى بىلەن ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ مۇنداق دىدى:

— ئاچا، سەن ئۇزاقتىن بۇيان ماڭا ياخشى ئۇستاز، قەدىردان قېرىنداش بولۇپ كەلدىڭ، مەنمۇ سېنىڭ پىكىرلىرىڭ-گە ھۆرمەت قىلىپ، ئىشىنىپ كەلدىم، مانا ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرى يېتىپ كەلدى، ئەزرائىل كېلىدۇ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىمەن. ئاخىرقى نەپىسىم بار ۋاقتىدا، سېنىڭ ۋە باللىرىمنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قوياي، شۇنداق قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ گۆرۈمدە ئامانى خۇدا ياتىمەن،— ئۇ توختاپ سەل دىمىنى ئېلىۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇر-دى، — تەجرىبەم ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، قول ئاستىمدىكىلەر ۋە باشقا ئەركان ـ ئەشرەپلەر ئىچىدىن مەن ئىشەنگۈدەك بىرەر كىشى چىقمىدى، شۇڭا سىلەرنى ئۇلارغا ھاۋالە قىلىپ قويالماي-مەن. مېنىڭ سالاھىددىنغا (سالاھىددىننى كۆرسەتتى) بولغان قارىشىم ساڭا مەلۇملۇق. مەن سېنىڭ سالاھىددىنغا سوغاق مۇئامىلىدە بولغىنىڭدىن رەنجىپ كەلدىم. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە يەنى ئۇ دۇنيانىڭ دەسلەپكى سائەتلىرىدە شۇنىڭغا ئىقرارمەنكى، سەندىن ئۇنىڭغا سوغاق مۇئامىلە قىلماسلىغى كېرەك ئىدى دەپ

www.uyghurkitap.com

رەنجىپ يۈردۈم. تا ھازىرغىچە، ئۇنىڭدىن بۆلەك تايانغۇدەك، ئىشەنگۈدەك بىرەر كىشىنى تاپالمىدىم. چۈنكى مېنىڭ ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا خوشامەت قىلىدىغان، سۈيىقەستى ھىيلە - مىكىر بىلەن مېنىڭ پۇل - ماللىرىمنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدىغان، ئالى مەنسەپ، يۇقۇرى مائاشقا ئىگە بولۇۋاتقان بىر تۈپ نومۇسسىزلار. سالاھىددىننى سىزلەرگە ئۆبدان ئاتىدارچىلىق قىلىشنى تاپىلاش ئۈچۈن چاقىرتتىم، — ئۇ مۇشۇلارنى دەپ بولۇپ ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

ھوجرا يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەممەيلەن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىلىرىنى تۈيدۇرماي سۈرتۈۋېتىپ، بىر بىرىگە قارىماي خەلىپىدىن يەنە گەپ كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئازىدلىدىنىللا سالاھىددىنغا مۇنداق دىدى:

— بۇ مېنىڭ ھەمشىرەم سەييىدە بولىدۇ. سىز ئۇنىڭغا قۇدا چۈشكەن؛ ماۋۇلار مېنىڭ باللىرىم، چوڭىنىڭ ئېتى داۋۇت. مەن تۇپراققا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار بىرەر خېيىم - خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنى سىزگە ھاۋالە قىلىمەن. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشىڭىزغا ئاللانىڭ گۇۋالىغىنى تىلەيمەن. مېنىڭ دىگىنىمنى قىلىشقا ئەھدى قىلالامسىز؟

ئىنىسىنىڭ «قۇدا چۈشۈش» دىگىنىنى ئاڭلاپ، سەييىدە دەككە - دۈككىگە چۈشتى، ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ ۋەسىيىتى تۈپەيلىدىن، سالاھىددىننىڭ قولغا قېلىپ خارلىنىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ سالاھىددىننىڭ خەلىپىگە مۇنداق دىگىنىنى ئاڭلىدى:

— ئەمىرۇلمۆئمىنىن، ساقىيىپ قالىسىز، ۋەسىيەت قالدۇرماڭ. ئاللا شىپالىق بېرەر، سىز ھاۋالە قىلغان ئىشنى قانداق ئورۇنلىشىمنى بىلىمەن. ۋەدەمگە ئىشىنىڭكى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇلارنى ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتمايمەن،

مېنىڭ بۇ ئەھدەمگە ئاللا گۇۋا بولسۇن.

سالاھىددىن مەلىكە سەييىدەنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغاچقا، سەييىدە ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچلۇق مۇھىت ئىچىگە چۈشۈپ قالغانلىغىغا قاتتىق ئىشەندى، ئىشنىڭ كىچىك ئەمەسلىگىنى سېزىپ ۋە ئىنىسىنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. قالغانلارمۇ يىغلى-شىپ كىشىنىڭ دىلىنى تېخىمۇ ئېزىۋەتمىسۇن دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئىنىسى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتىۋېلىپ يەنە ئولتۇرغۇزدى. قول بىلەن قول ئۇچ-راشقان مۇشۇ چاغدا، مەلىكە ئىنىسىنىڭ قولىنىڭ قاتتىق تىترە-ۋاتقانلىغىنى سەزدى ۋە ئۆزىنىڭ قولىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ ئىنىسىغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ سالاھىددىنغا سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىغىنى كۆردى، ئۇنىڭ ياش بىلەن غۇۋالىشىپ تۇر-غان كۆزلىرىدە ئۈمىت ئۇچقۇنى چاقناپ ئۆتتى، قانداقتۇ بىر-نىمىلەرنى دىگۈسى باردەك قىلاتتىيۇ، گەپ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەيتتى، شۇڭا ماغدۇرسىز ھالدا بارمىغىنى ئۇزىتىپ ھەمشىرى-سىنى كۆرسەتتى. سالاھىددىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن سەييىدەگە ئاتى-دارچىلىق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىۋاتقانلىغىنى چۈشىنىپ مۇنداق دىدى:

— سەييىدە مەلىكەمدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ سىزنىڭ ھەمشىرىڭىز، نىمە دىگەن ياخشى ھەمشىرە - ھە! خۇدا گۇۋا بولسۇن، ئۇ مېنىڭمۇ ھەمشىرەم بولىدۇ.

سالاھىددىننىڭ ھەمشىرە دىگىنىنى ئاڭلاپ، سەييىدەنىڭ قايغۇسى تۈگىدى، ئۈمىتسىزلىك ۋە ئازاپ ھىلىمۇ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ تۇرغىنىغا قارىماي، يەنىلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەندەك بولدى. چۈنكى سالاھىددىن ئۇنىڭ بىلەن ئاچا - ئىنى دىيىشىدىغانلا بولسا، بۇ سالاھىددىننىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي

قىلىش نىيىتىدىن قايتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ: سالاھىددىن ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بەردى، ئەمدى سەيپىدەگە بەختەر، ئىشەنچلىك زېمىن ھازىرلاندى، ئەبۇ ھەسەنگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ زەھەرلىك قولىدىن ئامان قالىدىغان بولدى. سەيپىدەدىكى بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئارام بەخش ئەتمەكتە ئىدى. خەلىپە ئازىدنى يەنە شۇنداق قاتتىق يۆتەل تۇتتىكى، ئۇنىڭ بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، كېسەللىك يەنىمۇ ئېغىرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. جەلىس شۇئان تىۋىپنى چاقىرىش ئۈچۈن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. تىۋىپ كىرگەندىن كېيىن، خەلىپىنى داۋالاشقا كاشىلا بولمىسۇن دەپ، جەلىس ھوجرىدىكىلەرنى چىقىپ كېتىشكە شەرەت قىلدى. سالاھىددىن شىردەك قەدەم تاشلاپ تاشقىرىغا ماڭدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان سەيپىدەدىكى قاتتىق ۋەھىمە ئاللىقاياقلارغا كەتتى، ھەتتا سالاھىددىن ئۇنىڭغا بىر خىل دىل ئارامى بولۇپ تۇيۇلدى. قەيسەر، باتۇر يىگىتلەرنى ياخشى كۆرۈش سەيپىدەدىكى تەبىئى مىجەز ئىدى. ئۇنىڭ ئىمادىددىننى ياقتۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇشۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك.

مەلىكە سەيپىدە ھوجرىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئىنىسى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قالدى. شۇ تاپتا مەلىكىنىڭ كۆڭلى خېلى ئارامىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى، ئۇ ئىنىسىنىڭ كېسىلىنى ئۇنتۇغان ياكى ۋاقىتىنچە ئۇنتۇغان ئىدى. بۇ سورۇندا سالاھىددىن بولغاچقا، مەلىكىنى يىغلىغان پېتى چىقىدۇ دەپ ئويلىغان ياقۇتە ئۇ چىققاندا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن دەھلىزدە ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى، مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققان، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايى ئوچۇق ئىدى. ياقۇتە مەلىكىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ ماڭدى. مەلىكىنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىدىن كەيپى

چاغ ئىكەنلىكىنى سەزدى. قەسىرگە قايتىپ ھوجرىغا كىرىش بىلەنلا، ياقۇتە ئالدىراپ:

— مەۋلانىمىز ئەمىرۇلمۆئمىنىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ خۇدا بالدۇرراق شىپالىق بېرەر، — دېدى.

— بەك زەئىپلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى مەلىكە بېشىدىن رومىلىنى ئېلىۋېتىپ، — بايا كېسەللىكى يەنە قوزغىلىپ قالدى، تىۋىپ بىزنى چىقىپ تۇرۇڭلار دېدى. يۈرىگىنىڭ سېلىشى بەك بوش، گەپنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قىلىدۇ.

— ئاللا شىپالىق بەرسۇن. ئۇ يەردە يەنە كىملەر بار ئىكەن؟ — دېدى ياقۇتە ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— زىرەك سالاھىددىنمۇ بار ئىكەن، — دېدى مەلىكە ۋە باشقا گەپ قىلمىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ ئۇنىڭ زىرەكلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ بۇرۇن ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن پىسەنت قىلمىغان ئىكەنسەن - دە، ئەمدى قارىشىڭنى ئۆزگەرتىپسەن، — دېدى ياقۇتە قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، — لېكىن بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئەمىرۇلمۆئمىنىنىڭ ھوزۇرىغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشەنمىدىم، بەلكى توي ئىشىنى دەپ كەلگەندۇ؟ — دېدى ۋە ئۇنىڭ چاپىنىنى سالدۇردى.

— ئۇنى ئىنىم چاقىرتىپتىكەن، — دېدى مەلىكە ئەينەكتە چىرايىغا قاراۋېتىپ.

— ئەمىرۇلمۆئمىنىن نېمىشقا چاقىرتىپتۇ؟

— بىزگە ئوبدان قاراپ قويۇشنى تاپىلاشقا، — دېدى مەلىكە ۋە شۇئان ئىنىسىنىڭ ھاياتىدىكى خەۋپ ئېسىگە كېلىپ، چىرايىنى غەم باستى.

— سىلەرگە قاراپ قويۇشقىمۇ؟ سىلەرنى دەپ كىملەرنى دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇتە ئانچە چۈشەنمەي.

— مېنى، جىيەنلىرىمنى، ئۇكىلىرىمنى دەيدۇ. ئىنىم ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئۇزاق تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بىزنى بىر كىشىگە هاۋالە قىلىشنى ئويلاپتۇ، لېكىن قول ئاستىدىكىلەر ئىچىدە ئىشەنگۈدەك بىرەر كىشىنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت سالاهىددىنغا هاۋالە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئۇنى، بىزنى تەڭ چاقىرتىپتىكەن، ھەممىمىزنى دەرقەمتە قىلىپ، ئۇنىڭغا بىزنى هاۋالە قىلدى.

ياقۇتە مەلىكىنى قايغۇدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن يەنە قەستەن قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ئەمىرۇلمۆئمىنىننىڭ تەلۋىنى سالاهىددىن قوبۇل قىلىدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ كۈيۈ بولغۇچىنىڭ باش تارتىشقا بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ـ دە! — دەپ ۋىلىقىدە كۈلۈپ، خۇشاللىق بىلەن مەلىكىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— ئۇنىڭ ماقۇل بولۇشى بىز بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇ مەن بىلەن ھەمشىرە ـ ئىنى مۇناسىۋىتىدە بولماقچى، — سەييىدە پەسكىدە كۈلدى، كۆزلىرىدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى چاقناپ كەتتى.

— ھەمشىرە ـ ئىنى مۇناسىۋىتى دەمسەن؟ قانداق ھەمشىرە ـ ئىنى مۇناسىۋىتى، مەلىكەم؟ — دېدى ياقۇتە ئۇنىڭ گېپىگە ئەلىتە تويۇلۇپ.

— ئىنىم مېنى ئۇنىڭغا هاۋالە قىلغاندا، جەزمەن ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، مەلىكە سەييىدەدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ سىزنىڭ ھەمشىرىڭىز، ئاللا گۇۋا بولسۇنكى، ئۇ مېنىڭمۇ ھەمشىرەم بولىدۇ، دېدى، — دېدى.

ياقۇتەنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، مەلىكىنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەمىرۇلمۆئمىنىننىڭ كېسىلى بىزگە ئېغىر كۈلپەت كەلتۈردى. قازايى قەدەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا،

بېشىمىزغا زور مۇسىبەت كېلەتتى. مانا ئەمدى بىزنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر نۇر دىلىمىزنى يورۇتتى. سالاھىددىن ساڭا ئۆيلىنىش تەلىۋىنى قويغاندا، سەن ئۇنى رەت قىلغان ئىدىڭ، چۈنكى سەن ئىمادىددىننىڭ ئىشقىدا يۈرەتتىڭ. ئەمدى سالاھىددىن ساڭا ئۆيلىنىش نىيىتىدىن قايتىپتۇ، سېنى ئۆز ھەمشىرىسىدەك قوغداشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئەمدى خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. يامان نىيەتلىك كىشىلەرمۇ سېنى رەنجىتەلمەسلىكى مۇمكىن.

مەلىكە سەبىيدە ئۇنىڭ يامان نىيەتلىك كىشى دەپ ئەبۇ ھەسەننى نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشىنىپ، بېشىنى سىلكىپ ماقۇللىدى. لېكىن دەرھال ئىنىسىنىڭ كېسىلى ئېسىگە كەلدى - دە، يەنە چەكسىز غەمگە پاتتى.

— بىچارە ئىنىم! ئۇنىڭ ھاياتىدىن قىلچە ئۈمىت يوق، — دېدى مەلىكە قايغۇ بىلەن، — قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولىدۇ؟ — ئۇ يىغلاپ كەتتى.

مەلىكە سەبىيدە بىر كېچىنى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. سەھەردە ئۇ مۇسىبەت خەۋىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇنىڭغا تاسادىپىي تۇيۇلمىسىمۇ، ئۇ قاتتىق قايغۇردى، قەسىردە يىغا - زارە كۆتۈرۈلدى. قەسىر زەھەپ ۋە باشقا قەسىرلەر سانجاق - سانجاق ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ۋەزىرلەر، ئاكابىر - ئەشرەپلەر، مۆلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىشتى، خەلىپىنىڭ بالا - چاقا، ئۇرۇق - جەمەتى خەلىپىنىڭ سالاھىيىتىگە لايىق خەتمە - قۇرئان ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى؛ ۋەزىرلەر خەلىپىنىڭ ئوغلى

www.uyghurkitap.com

داۋۇتنى دەرھال ۋارىس قىلىپ تەختكە چىقارماقچى بولۇشتى...، ئۇشتۇمتۇتلا سالاھىددىننىڭ قوشۇنى ئوردىنى قورشىۋالدى. باھائىددىن قاراقۇش جەلىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سۇلتان سالاھىددىن پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ قالمىسۇن، خەتمە - قۇرئان قىسقىراق ئۆتكۈزۈلسۇن دەيدۇ. ئادەم ئۆلۈپ بولغاندا قىيا - چىيا، يىغا - زارىنىڭ نىمە پايدىسى! — دىدى.

ئوردا ئەھلى پەرمانغا ئىتائەت قىلىشتى. چۈنكى ئۇلار تۈنۈگۈن خەلىپىنىڭ سالاھىددىننى ئوردىغا چاقىرتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكەن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، لېكىن خەلىپىنىڭ سالاھىددىننى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بىردىنلا كۆتىرىلگەنلىگىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەبىئى ھالدا چۈشىنىشەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈچ نىسبىتىدە پەرق بار ئىدى. سالاھىددىن يىگىتلىرىنىڭ تۆمۈردەك قوللىرى شەھەرنى چىڭ تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى.

# فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

ئوردىنى سالاھىددىننىڭ يىگىتلىرى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋالدى، مەلىكە سەيىىدە ئەھىۋالنىڭ ئۆزگەرگەنلىگىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆز ھوجرىسىدا ئىدى. ئىنىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەنلا ھەربى ئۆزگىرىش بولغانلىغى ئەلەم قىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئىنىگانىسمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مۇڭلىنىپ يىغلىدى.

قەسىرنىڭ دەرۋازىسىدا پەيدا بولغان دۈپۈر - دۈپۈر ئاياق تىۋۇشلىرى ئۇلارنى يىغىدىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى. سەيىىدە ئۆز ھوجرىسىغا بىرسىنىڭ كەلگەنلىگىنى ئۇقۇپ قاتتىق سارامىگە چۈشتى.

ياقۇتە ئىشىك ئىچىشقا تەمشىلىۋىتىپ سەيىىدەگە:

— مەلىكەم، سالاھىددىن سىنى ھەمشىرەم دىگەن تۇرسا، يەنە نىمىدىن قورقىسەن؟ — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىشىغا بىرسىنىڭ ئىشىك قاققانلىغى ئاڭلاندى. ئىشىكنىڭ يىنىك قېقىلىشىدىن قارىغاندا بىرەر شۇملۇق يوقتەك قىلاتتى. ياقۇتە دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا باھائىددىن تۇراتتى.

— سەيىىدە مەلىكىمىز بارمىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەدەپ بىلەن.

— بار، نىمە قىلاتتىڭ؟ ئۇ ھازىر قاتتىق قايغۇدا، — دىدى ياقۇتە.

www.uyghurkitap.com

— مەن بۇيرۇققا بىنائەن مەلىكىدىن هال سورىغىلى، ئاندىن ئوردىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېغىر ئالماسلىقنى قوشۇمچە ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم. يەنە ئۇ كىشىدىن بىر ئىشنى سورىشماقچى ئىدىم.

— گەپ بولسا بۇ يەرگە كىرىپ دەڭ، تەقسىر، — دىدى سەيىيدە هوجرا ئىچىدە تۇرۇپ.

باھائىددىن هوجرىغا كىرگەندىن كېيىن مەلىكىگە هىسداشلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. سەيىيدە ئۇنىڭغا:

— نىمە ئىشقا كەلدىڭىز؟ نىمە قىلماقچىسىز؟ ئەمىرۇلمۆئمىنىن ئالەمدىن ئۆتتى، سىزنىڭ ۋە خوجايىنىڭىزنىڭ كۆڭلى تىنغاندۇ، — دىدى - دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى.

— ئەمىرۇلمۆئمىنىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ جىنىمدىن جۇدا بولاي دەپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك ئىكەن، قۇتقۇزۇۋېلىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمىدى، — دىدى باھائىددىن، — مەن ئۆزلىرىگە بىر ئىشنى ئېيتىپ قويماقچى: سۇلتان سالاھىددىن بۈگۈندىن باشلاپ دۆلىتىمىزنىڭ سۇلتانىدۇر. ئۇ ماڭا ئوردىدىكى بارلىق مۈلۈكنى ئېنىقلاپ چىقىشىمنى ۋە بۇ قەسىردىكى بارلىق كېنىزەك - ئاياللارنى قولغا ئېلىشىمنى بۇيرۇدى. ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئۇلار ناهايىتى جىق. لېكىن خاتىرجەم بولسىلا، ئۆزلىرى ئەمىرۇلمۆئمىنىنىڭ ھەمشىرىسى بولۇش سۈپىتىلىرى بىلەن ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر قولغا ئېلىنىدىغانلارنىڭ قاتارىدا يوق...

— سىلەر مېنىڭ تۇققانلىرىمنى نىمە قىلماقچى؟ ئۇلار هازىر نەدە؟ — سەيىيدە قەتئى هالدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئەنسىرىمىسىلە! مەرھۇم خوجىمىز — ئۇنىڭغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن — سۇلتانىمىزغا ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى تاپىلىغان ئىكەن. سۇلتانىمىزنىڭ نىيىتى ئۇلارنى بۇ قەسىردىن

باشقا قەسىرگە كۆچۈرۈپ، ئۇلارغا بىۋاستە غەمخورلۇق قىلىش ئىكەن. ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ. مۇلازىملىرىدىن كىملەر قالىدۇ؟ ئۆي - بىساتلىرىنى قانداق قىلىدىلا؟ دېسىلە.

سەيىدە خېلى ئۇزاققىچە لام - جىم دېمىدى. سالاھىددىننىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى كۆنۈپ قالغان بۇ قەسىردىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

— سىلەر بىزنى قەسىردىن ھەيدەپ چىقىرىدىكەنسىلەر - دە؟! ئۇنداق بولسا، قەسىردىكى قىز - ئاياللارنى، ئەرلەرنى، بالىلارنى قانداق قىلماقچى؟ — دېدى ئۇ.

— سالاھىددىن سۇلتان ھېچكىمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەيدۇ: ئېرى بار ئاياللارنى ئېرى بىلەن بىللە قايتۇرىدۇ؛ نىكاھلىق بولمىغان ئەركىن كېنىزەكلىرىنىڭ تۇرمۇش يولىنى ئۆزلىرى تېپىشىغا يول قويىدۇ؛ ئۆز جىنسىنى ئەركىنلىكى يوق چۆرىلەرنى ئەرلەرگە ھەدىيە قىلىدۇ. خەلىپىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن مەيلى ئەر - ئايال بولسۇن ھەممىسى سۇلتانىمىزنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئىززەت بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلارغا لازىمەتلىك نەرسىلەر، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق قاتارلىق ھەممە نەرسە بېرىلىدۇ، ئۇلار خۇددى خەلىپە ھايات ۋاقتىدا قەسىردە ئۆتكەندەك بىھاجەت ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ سەيىدە مەلىكىمىز ۋە مەلىكىمىزنىڭ كېنىزەكلىرى چەكسىز غەمخورلۇققا مۇيەسسەردۇر.

— سىلەر شاھزادە داۋۇتنى قانداق قىلىسىلەر؟ ئۇنى تەختكە ۋارىس قىلمامسىلەر؟ — دېدى سەيىدە تاقەتسىزلەنگىنىدىن سۆز قىستۇرۇپ.

— ئەمدى ھېچكىم خەلىپە بولالمايدىغاندەك تۇرىدۇ، —

دېدى باھائىددىن تۈكۈرۈكىنى يۇتۇۋېتىپ، — سالاھىددىن سۇلتان جاھاندا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خەلىپە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ، بىزنى مۇستەزى بىللاغا سادىق بولۇشقا ئەمىر قىلدى. خوش، مەلىكەم، كەچۈرسىلە، مەن ئۆزلىرى بىلەن شۇنچىلىكلا سۆھبەتتە بولالايمەن. چۈنكى مەن ناھايىتى ئالدىراش، سالاھىددىن سۇلتانىنىڭ پەرمانى بويىچە قەسىردىكى بارلىق مۈلۈكلەرنى ئىنقىلاپ چىقىشىم كېرەك. بۇنى بايا ئۆزلىرىگە ئېيتتىم. ئۆزلىرىگە نىمىسلەرنى قالدۇرۇشۇم كېرەك؟ ئېيتسىلا، — باھائىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئىنىگانام سىز بىلەن بىللە بارسۇن. ماڭا كېرەكلىك ئۆي جاھازلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىمنى ئۇ سىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

— بۇ ئۆي بىلەن ياندىكى ئۆيگە ئادەم كىرمىسۇن، مەن ئېلىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋالاي، ئاللا رەھمەت قىلسۇن، تەقسىر، — دېدى ياقۇتە.

باھائىددىن چىقىپ كېتىپ، ھوجرىدا ئىككىيلەن قالغاندا، ياقۇتە مۇنداق دېدى:

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، سالاھىددىن ھەر ھالدا ۋەدىسىدە تۇرۇپتۇ. سەن شاھزادە داۋۇتنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇش - بولماسلىقىنى باھائىددىندىن سورىغاندا، مەن سەل ئەنسىرىگەن ئىدىم، لېكىن سەن يەنىلا ئەستايىدىل سورىدىڭ. ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئۇلار ھىلىمۇ خەلىپىنىڭ بالا - چاقىسىنى ئۆلتۈرمەيدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا خەلىپىنىڭ بالا - چاقىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش تارىختا تولا بولغان. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت خەلىپىلىكنى دەۋا قىلىدىغانلارنىڭ ئۇرۇغىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئىدى. خۇداغا شۈكرى، سالاھىددىن ئۇنداق قىلمايدىكەن. ئەبۇ ھەسەن دىگەن لەنىتى ھازىر نەدىكىنە؟

ياقۇتە ئەبۇ ھەسەننى تىلغا ئالغاندا، سەيپىدە ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ سالاھىددىننىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئەبۇ ھەسەننىڭ قىلتىقىدىن ئاخىر قۇتۇلاتتى، ئۇ قەسىردىن خۇشال - خۇرام ئايرىلىش قارارىغا كەلدى - دە، ياقۇتەگە:

— بىزگە كېرەكلىك ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم ئۆي جاھازلىرىنى يىغىشتۇرغىن، — دېدى. ياقۇتە مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇغىنى بېجانىدىل ئورۇنداشقا ماڭدى.

بۈگۈن قەسىردىكىلەر ئۈچۈن ئەڭ بەختسىز كۈن ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۈگۈن بىر سۇلالىدىن يەنە بىر سۇلالىگە ئۆتكەن ئىدى.

* * *

باھائىددىن قەسىردىكى بارلىق قىز - ئاياللارنى بىر يەرگە توپلاپ، سالاھىددىنغا تاپشۇردى.

سالاھىددىن كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ ئەركىن ئاياللار ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنى دەرھال قويۇۋەتتى. قالغان كېنىزەكلەرگە ئەركىنلىك بەردى ھەم ئۇلارنى قول ئاستىدىكىلەرگە خوتۇنلۇققا، توقاللىققا ھەدىيە قىلدى. قەسىرلەردە ئادەم قالمىدى. ئاندىن، سالاھىددىن قەسىرلەردىكى قىممەت باھالىق، ياراملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار سان - ساناقسىز ئالتۇن، كۈمۈش، دەپنە - دۇنيانى بۇلاپ كەتتى. ئاندىن قەسىرلەردىكى باشقا ھەممە نەرسىنى سېتىشقا باشلىدى. سېتىش ئىشى ئۇدا ئون يىلغىچە داۋاملاشتى. مال - مۈلۈك تالان - تاراج قىلىنىپ، قەسىرلەر قۇرۇقدالدى. مال - مۈلۈكلەر بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىلدى. قەسىرلەردىكى ئاشۇ نەرسىلەر

www.uyghurkitap.com

قاھىرىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ساياھەتچىلەرنىڭ قوللىرى ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتتى.

سالاھىددىن خەلىپىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى بەرجەۋان سارىيىغا يۆتكىدى. مەلىكە سەيىيدە ئۇ يەردە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ۋە كۈتۈشكە سازاۋەر بولدى.

بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن ئىلگىرى مىسىر مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى بولۇپ، شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ ئازىدلىدىنىللا خەلىپە ئىدى. سالاھىددىننىڭ قوشۇنى مىسىرغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان نۇرىددىن زەڭگى سالاھىددىننىڭ دادىسى نەجمىددىن ئارقىلىق سالاھىددىندىن بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئامال قىلىپ ئاباسى سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇستەزى بىللاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا سالاھىددىن توپىلاڭ چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بانا قىلىپ، سۇلتان نۇرىددىن زەڭگىدىن بىر مەزگىل كەڭ قوساقلىق قىلىشنى ئۆتۈندى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە قىلماي ئىشنى ئارقىغا سۈرىدى ھەمدە، ناۋادا سۇلتان نۇرىددىن زەڭگى مىسىرنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋالماقچى بولسا، خەلىپە ئازىد تەرەپتە تۇرۇپ، خەلىپە ئازىد ۋە مىسىر خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىپ، شام قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ خەلىپە ئازىدنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان نۇرىددىن بۇ خەلىپىگە ھەدەپ قارشىلىق بىلدۈرۈۋەردى. ئوتتا سالاھىددىن ئاباسى سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇستەزى بىللاغا ئىتائەت قىلىش قارارىغا كېلىپ، دەمەشقتىكى سۇلتان نۇرىددىن زەڭگىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە ئۇ ئىرانلىق ئەمىر ئالىم دىگەن ئۆلىماغا جۈمە نامىزىدا ئاباسى خەلىپىسى مۇستەزى بىللا نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى. بۇنىڭغا ھېچ-

كىم قارشى چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە مىسىرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. بۇ ئىشلار خەلىپە ئازىدلىدىنىللانىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان چاغدا بولغاچقا، خەلىپە ئازىد خەۋەرسىز ئىدى. خەلىپىلىك تۈزۈمىدىن ئېيتقاندا، مىسىر ھىجرىيىنىڭ 567 - يىلى باغداتتىكى ئابباسى خەلىپىلىكىگە قارىدى. خەلىپە ئازىدنىڭ ئەۋلادى ۋە جەمەتىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نىكالىنىشى مەنئى قىلىندى.

بەرجىۋان سارىيىغا ئورۇنلىشىش سەييىدەنىڭ ھاياتىدا مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى. ئىنىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئېغىر مۇسىبەتتە تۇرغان سەييىدە ئابباسىلەرگە بېقىندى بولغانلىقىنى، شىئە مەزھەپىدىكى دۆلىتىنىڭ ئەمدى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئاڭلاپ، ئارام - تارام ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ كۈن بويى ئۆيىدە بېكىنىۋېلىپ ياقۇتەدىن باشقا ھېچكىمگە قاپىقىنى ئاچمىدى. ياقۇتە ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بارماي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە تۇرغانىدا، ئىمادىددىن ئېسىگە كېلىپ قالاتتى. ئاشۇ ۋەھىمىلىك كېچىدە قانداقسىگە ئەسەبىلەرچە ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالغىنى ئېسىدە ئېنىق ئىدى. قاتتىق قايغۇرغان چاغلىرىدا ياقۇتەنىڭ ئىمادىددىن توغرىسىدا بىرەر - نىمە دېيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى بۇنداق گەپلەر ئۇنىڭغا ئاز - تولا تەسەللى بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئىمىشقىدۇ ياقۇتە ئىمادىددىننىڭ ئىسمىنى ئۆزلۈكىدىن تىلغا ئېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىمادىددىننى مەلىكىنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىش ئىدى. ياقۇتەنىڭ قارىشىچە، مەلىكىنىڭ بۇ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتى غەلىتە دىگۈدەك ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مەلىكىنى خاتىرجەم قىلىشنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىمادىددىننى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىش

ئاقىلانىلىق ئەمەس دەپ قارايتتى.

سالاھىدىن سەيپىدەگە كۆپ غەمخورلۇق قىلدى ھەم ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلدى. ئۇ سەيپىدەنىڭ چاي ـ تاماقتىن كېيىن سارايىنىڭ يېنىدىكى باغدا سەيلە قىلىشىغا يول قويىدى. بۇلار خەلىپە جەمەتىدىن ئىككىنچى بىر ئادەم بەھرىمەن بولالمايدىغان مۇئامىلە ئىدى. بۇنداق مۇئامىلىنى ئىچى سىقىلىپ گاڭگىراپ قالغان سەيپىدە ئۇچۇن ناھايىتى زور تەسەللى دىمەي بولمايتتى. شامدا ئۇرۇش بولۇپ قالغاچقا، سالاھىددىن مەلۇم ۋاقىت سەيپىدەنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالمىدى. مۇشۇ مەزگىلدە (ھىجرىيىنىڭ 568 ـ يىلى) سالاھىددىنىنىڭ دادىسى نەجمىددىن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە باشقا ئىشلار بىلەن بەنت بولغاچقا، سەيپىدەدىن خەۋەر ئېلىش تۇرۇشنى باھائىددىنغا تاپىلىغان ئىدى.

ۋاقىت بىلىنمەي ھايت ـ ھۇيت دىگىچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئىمادىددىندىن تېخىچە خەت ـ خەۋەر يوق ئىدى. سەيپىدە تېخىمۇ قايغۇغا پاتتى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئۇيقۇسى قاچتى، كۈن بويى خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈرەتتى، ھەتتا باغ سەيلىسىمۇ مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۆتەتتى. كۈندىن ـ كۈنگە چىرايى سولدى. ياقۇتە ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا تىرىشاتتى. ئۇ مەلىكىنىڭ ئاھ ـ ئۇھ تارتىپ ھەسرەت چېكىپ يۈرگىنىگە ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئىمادىددىن مەلىكىنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا مەلىكە ئىمادىددىننى تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ياقۇتە، مەلىكە راستىنلا ئىمادىددىننى ئۇنتۇپتۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن بۇ ئويىنىڭ خاتالىقىنى تېزلا چۈشىنىۋالدى. ئەھۋال مۇنداق بولغان ئىدى:



www.uyghurkitap.com

ياقۇتە مەلىكە بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ مەلىكىنىڭ: «ياقۇتە، ياقۇتە» دەپ ۋاقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ يوتقانىنى قايرىپ دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، مەلىكىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى، مەلىكە چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۆزى ئالاقزادە بولغان هالدا كارىۋىتىدا ئولتۇراتتى.

— قوزام، نىمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ياقۇتە.

— ئىمادىددىن، ئىمادىددىن! ئۇ نەدە؟ مەن ئۇلارنىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— ئۇ بۇ يەردە نىمە ئىش قىلسۇن، مەلىكەم؟ هازىر ئۇ بۇ يەردە يوق، چۈشۈڭدە كۆرگەن ئوخشايسەن! ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىنى يادىڭدا يوقمۇ؟

— ئۇ كەتكەنمۇ؟ — سەيىيدە پىشانىسىگە چۈشۈپ قالغان چۇۋۇق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى ۋە گۇمان نەزىرى بىلەن ئەتراپقا بىر قۇر كۆز سېلىپ چىقتى، — ھە راست، ئۇ كەتكىلى ئۇزاق بولدى! بىراۋنىڭ ئۇنى چاقىرغانلىقىنى چۈشۈمدە ئاڭلاپتىمەن - دە، ئىست، ئويغانمىغان بولسام، ئۇنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلار ئىدىم، ھەتتا چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرۈشۈۋالغان بولاتتىم، — دىدى - دە، پاڭڭىدە يىغلاپ كەتتى.

— نىمىشقا يىغلايسەن، مەلىكەم؟ نىمە بولدۇڭ؟ سەندىكى ئەقىل - ئىدرەك نەگە كەتتى؟ — دىدى ياقۇتە ۋە ئۇنى باغرىغا باستى.

— ماڭا ئەقىل - ئىدرەكنىڭ گېپىنى قىلما! — دىدى سەيىيدە ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئۆزىنى تارتىپ، — ئەقىل - ئىدرەك مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ياقۇتە... ئاھ خۇدا، مەن نىمە بولدۇم! ۋاي ئاللا، ئۇزۇندىن بېرى يۈرىكىمنىڭ قېتىدا يوشۇرۇپ يۈرگەن گەپلىرىم يۈرىكىمنى يېرىۋېتەي دەپ

www.uyghurkitap.com

قالدى. ئەمدى بۇ دەردىمنى تۆكۈۋالاي، ئاھ، ئىمادىددىن! — دېدى - دە، كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش كەتتى.

— تىت - تىت بولما، مەلىكەم! ماڭا بۇ ئىشلارنى نېمىشقا شۇ چاققىچە دېمىدىڭ؟ — دېدى ياقۇتە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ.

— دېسەم نېمە پايدىسى؟ قارا سېنى! مانا دەۋاتىمىدىمەن؟ ئېيتقىنا، ئىمادىددىن نەدە؟ قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشقىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ گەپ قىلساڭچۇ!

— سۈرۈشتۈردۈم، — دېدى ياقۇتە ياغلىقى بىلەن مەلىكىنىڭ يېشىنى ئېرتىپ، — باھائىددىن تەقسىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر مەخپىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى كېتىپتۇ؛ ناۋادا ئىشى ۋۇجۇتقا چىقىپ قالسا، بىراقلا چوڭ ئەرباپ بولىدىكەن، مەلىكە سەييىدەگە چوڭ ئەرباپلا لايىق كېلىدۇ. بۇ چوڭ ئىش، مەلىكەم. چۈنكى خەلىپە ئالىلىرى ھەمشىرىسىنىڭ ئاددى بىر كىشىگە جۆرە بولۇشى مۇناسىپ كەلمەيدۇ...

— خەلىپە - پەلىپە، ئاددى كىشى - پاددى كىشى دېگەنلىرىڭنى قوي! — دېدى سەييىدە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەن ھازىر ئۇقتىن ئۆركىگەن قۇشقا ئوخشاش بىر كىشى، ئۇ بولسا ئۆز ئەركى ئۆز يولىدىكى ئادەم؛ مېنىڭ قەلبىم كىشەنلەنگەن، ئۇنىڭمۇ شۇنداقمۇ ئۇقمايمەن، — دېدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ياقۇتە مەلىكىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، سۆيۈپ تۇرۇپ:

— سالامەتلىكىڭنى ئاسرىغىن! ئۇخلا! سەۋرى قىلىپ تۇر، خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە بىر ئامال قىلايلى، — دېدى.

— يەنە نېمە ئامال بولسۇن؟ ئۇنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا بەك ئۇزاق بولدى. ئۇ ئامان - ئېسەنمۇ، بىزگە نامەلۇم.

— ھېچقانداق پىشكەللىك بولمايدۇ، ئۇ چوقۇم غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىپ، داڭلىق كىشى بولۇپ قالىدۇ. مۇبادا سالاھىددىن سېنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ بارلىقىنى ئۇقسا، ئۇ يىگىتنىڭ ئامىتى تېخىمۇ ئوڭىدىن كېلىدۇ. سالاھىددىننىڭ بۇنداق مەرھەمەت قىلىشى خىيالىڭغا كەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ساڭا قىلىۋاتقان غەمخورلۇقىنى، ئۆز ھەمشىرىسىدەك مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپسەن.

— ياق، ئۇنتۇمىدىم. سالاھىددىن بولمىغان بولسا، ئازاپ ۋە دىققەتچىلىك ئىچىدە تۈگەشكەن بولاتتىم... لېكىن، نىمىشقىدۇ بۈگۈن كېچە بىراۋنىڭ ئىمادىددىننىڭ ئىسمىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— بۇ بەلكى يات ئارىدا ساڭا ئۇنىڭ خەۋىرى كېلىدىغانلىقىنىڭ شەپىسى بولسا كېرەك. قالغان گەپنى ئەتە قىلىشايلى.

ياقۇتە مەلىكىنى بەزلەپ ياتقۇزدى، مەلىكە ئۇخلىغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆز ئورنىغا بېرىپ ياتتى ـ دە، بايىقى ئىشلار ئۈستىدە ئويلاندى. ئۇ، مەلىكىنى ئىمادىددىننىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالدىمىكىن دەپ قالىدۇ، دىگەن ئوي بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئىمادىددىننىڭ ئېتىنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

ياقۇتەنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە باھائىددىن كېلىپ ئۇنىڭغا:

— سۇلتانىمىز سالاھىددىن سەل تۇرۇپ سەيىدە مەلىكىنى يوقلاپ كەلمەكچى، — دىدى.

— مەلىكىمىزنى سۇلتان يوقلاپ كەلمەكچىمىكەن؟ ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان گېپى بار ئوخشىمامدۇ؟ — ياقۇتە بىرئاز تەئەججۇپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە بىرەر ياخشىلىق باردۇر دىگەن ئۈمىتتە بولدى. چۈنكى ئۈمىتسىزلىككە چۈ-

شۇپ قالغان كىشى يېڭى ئەھۋالغا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر-ئاز سەۋرى - تەسەللى تېپىشنى ئۈمىت قىلىدۇ. سۇلتانىمىز بىر ساۋاپ ئىش قىلماقچى بوپتۇ. مەلىكەم تولىمۇ مەيۇس ئىدى، سۇلتانىمىز بىلەن كۆرۈشۈشكە تەشنا بولۇپ تۇراتتى. مەن كىرىپ ئېيتاي.

سەييىدە ئويغانغان ئىدى. ئۇ ياقۇتەنىڭ خۇش چىراي كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى - دە:

— نىمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

— خۇش خەۋەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ. سۇلتان سالاھىددىن سىزنى يوقلاپ كېلىدىكەن، — دېدى ياقۇتە خوشال ھالدا.

— ئۇ ئۆزى كەلمەكچى بوپتىمۇ؟ — ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان سەييىدەنىڭ شۇئان ئىككى مەڭزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— شۇنداق، مەلىكەم. ئۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاچىدىغان خەۋەر ئېلىپ كەلسە ئەجەپ ئەمەس. تېز قوپۇپ كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭىز!

مەلىكە ياقۇتەنىڭ ياردىمى بىلەن ئاددىيلا كىيىنىپ، چاچلىرىنى تۈزەپ، يۈزىگە چۈمپەردە تارتىپ قوبۇلخانىغا چىقتى. ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن تىزلىرى دىر - دىر تىترەپ تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا سىرتتىن ئاياق شەپىسى ئاڭلاندى. ئاندىن باھائىددىن كىرىپ كەلدى ۋە:

— سۇلتانىمىز كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

شۇئان سالاھىددىن كىردى ۋە سەييىدەگە يېقىملىق سالام قىلدى. سەييىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قايتۇردى.

— ئولتۇرۇڭ ھەمشىرەم، — دەپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى سالاھىددىن خىر - خىر كۈلۈپ، — يېقىندىن بې-

ري مەسىردا بولالمىغانلىغىم ئۈچۈن، سىزنى يوقلاشقا بېرگۈ-
نىسىپ بوپتۇ، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ ئىنشائاللا ھىلىمۇ ياخشى تۇ-
رۇپسىز! — دىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى! سالاھىددىن سۇلتانىمىز مەمنۇن
بولسىلا، مەن ناھايىتى ياخشى تۇرىمەن، — دىدى سەييىدە سا-
لاھىددىننىڭ ئۆزىنى ھەمشىرە دىگىنىگە ناھايىتى خوشال
بولۇپ.

سالاھىددىن سەييىدەنىڭ ئالدىدىكى كۆرپىگە ئولتۇردى
ۋە باھائىددىننىمۇ ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى، ئاندىن:

— بۇ سارايدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش سىزنى رازى قىلالىغان
بولسىلا بولدى، — دىدى.

— ناھايىتى رازى. سۇلتانىمىزنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ
يەردە ھىچنەرسىدىن قىسىلمىدىم، باھائىددىن تەقسىر بۇ جەھەت-
تە كۆپ غەمخورلۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇلتانىمىزنىڭ
مىنى ھەمشىرەم دەپ ئاتىغىنىنىڭ ئۆزىلا مىنى قانچىلىك قەدىر-
لىگەنلىكىگە كۇپايە قىلىدۇ.

— بۇنداق ئىنى - ھەمشىرىلىك مۇناسىۋەتكە رازى بول-
غاندىكىن، يۈزىڭىزدىكى چۈمپەردە ھاجەتسىزغۇ دەيمەن؟ —
دىدى سالاھىددىن ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

— راست دىدىڭىز، — دىدى سەييىدە ۋە چۈمپەردىسىنى
ئېلىۋېتىپ، ھېيىقان ھالدا يەرگە قارىۋالدى.

— بەكمۇ مەيۈس كۆرۈنىسىز، نىمە غېمىڭىز بار؟ — دى-
دى سالاھىددىن سەييىدەنىڭ سۇلغان چىرايىغا قاراپ.

سەييىدە بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى گەپ قىلمىدى. سالا-
ھىددىن ياقۇتەنىڭ كۆزىگە قارىدى، ياقۇتە سالاھىددىننىڭ مەلى-
كىنىڭ شۇ قەدەر سامانىدەك سارغىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى
سوراۋاتقانلىغىنى چۈشىنىپ:

— غەم - قايغۇدىن ئەمەس، سەل تاۋى يوق بولۇپ قالغان ئىدى، — دېدى.

— ھېچگەپ يوق، ھەمشىرەم، مەن بىچاغ كېلىپ قاپتىمەن. سىزنى كۆپ مالال قىلمايمەن. شۇنداقتىمۇ مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈشماقچى ئىدىم. بۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. سىزنى بۇ ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى ئېنىق بىلىدۇ دەپ قارايمەن. ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز.

— قۇللۇق، مەۋلانىم، — دېدى سەيپىدە ۋە سالاھىددىننىڭ نىمدىنى سورايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىشكە تىرىشىپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

سالاھىددىن ئۆيدە خۇددى يات كىشى بارمۇ - يوق دېگەندەك ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مەرھۇم ئىنىڭىز ھايات ۋاقتىدا ماڭا سىلەرگە ياخشى قارىشىمنى تاپىلىغان. بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇملۇق. مەن بۇ جەھەتتە ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم دەپ قارايمەن، — سەيپىدە شۇئان بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى. سالاھىددىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، مەن بۇ دۆلەتكە ھەر جەھەتتىن بەخت - سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە كونا سۇلالە دەۋرىدە مەرھۇم ئىنىڭىزنىڭ ئەمىر - ئۆمرالىرى پەيدا قىلغان نۇرغۇنلىغان ئادالەتسىزلىكلەرنى ئۆزگەرتتىم. مېنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىم ھەممە ئادەمنىڭ ماڭا ئىتائەت قىلىشىغا يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ دەپ ئويلايمەن، — سالاھىددىن بۇ گەپتىن كېيىن جىم بولۇپ قالدى.

— مەنمۇ شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلايمەن، چۈنكى سۇلتانىمىز پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالۋاڭ - ياساق، باج - سېلىقلارنى ئازايتتى، ئەدلى - ئادالەتنى جارى قىلدۇردى، — دېدى سەيپىدە.

— مەن بۇ دۆلەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىمدا، كونا سۇلالىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، بارلىق شاھزادە، ۋەزىر - ئەركانلارنى چىپىپ تاشلاشقا ھەقلىق ئىدىم. لېكىن كىشىلەر بىزنىڭ ئىلتىپاتىمىزنى بىلىپ قويسۇن دەپ، مەن ئۇنداق قىلمىدىم.

سەييىدە گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سېزىپ ھەيران بولدى - دە، زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ، ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. سالاھىددىن سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— لېكىن، شاھزادە، ۋەزىر - ئەركانلار بىزنىڭ ئىلتىپاتىمىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئورنىغا بىزگە سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىۋاتىدۇ.

— سۇلتانىمىزغا سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىۋېتىپتىمۇ تېخى!؟ — دېدى سەييىدە ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— شۇنداق. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىلا شۇنداق قىلىشقان بولسا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشقىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇلار دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. ئۇلار شام ساھىللىرىدا، سەقلىيەدە بىزنىڭ پەرەڭ دۈشمەنلىرىمىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۇلارنى بىزگە قارشى قۇترىتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى پەيت كەلگەندە بىزنى ئاغدۇرۇپ، كونا سۇلالىنى تىرىلدۈرمەكچى، — ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا غەزەپتىن ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى.

— پەرەڭلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆز سۇلتانىغا قارشى تۇرۇش ھەققەتەن ئاسىلىق! — دېدى سەييىدە ھەيران بولۇپ. بىرپەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن يەنە: — بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ — دېدى.

— قەتئىي ئىشىنىمەن. بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك كىشىدىن

كەلگەن. مەن ئۇ ئادەمگە ئۆزەمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن. هازىر بەزىلەر دۆلەتنى يەڭ ئىچىدە پەرەڭلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خام خىيال قىلىۋاتىدۇ. مەيلى ئىتتىپاق جەھەتتىن، مەيلى مىللەت جەھەتتىن بولسۇن، پەرەڭلەر بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز! ئەگەر دۆلىتىمىزنى پەرەڭلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن ھەمكارلاشمىساق، ماھىيەتتە بۇ پە-رەڭلەرگە كاۋاك ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا يول قويغانلىق بولىدۇ. شۇڭا چەتئەللىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شۇملۇقلارنى قىلغان ئادەملەر ئۆلۈمگە لايىق ئەمەسمۇ؟ — سالاھىددىن سەييىدەنىڭ ئالدىدا زورىغا غەزىۋىنى بېسىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلغاندا غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە ئۆلۈمگە لايىق. چۈنكى بۇ زور ئاسىيلىق - تە، لېكىن ھەيران قالىدىغان يېرى شۇكى، ئەقلى - ھۇشى بار ئادەم بۇنداق ئىشنى قىلارمۇ؟ بەلكى نادان ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇ؟ — سەييىدە سالاھىددىنغا ئوخشاشلا غەزەپلەندى. ئۇ خەلىپە ئىنىسىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىر - ئەمرالارنىڭ مۇشۇنداق شۇملۇقلارنى قىلغانلىقىدىن سەل نومۇس قىلدى.

— ئۇلار شاھزادىلەر، داڭلىق ئەربابلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى سىزگە تۇققان، خەلىپە جەمەتى دەۋالغان بىر كىشىمۇ بار. بىز ئوردىنى قورشىۋالغاندا ئۇ قېچىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ۋەقە تۇغدۇرماي جىم يۈرگەن بولسا، بىزنىڭمۇ كارىمىز يوق ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇ باشقىلارنى بىزگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتۇراتماقتا. مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىبسىز. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشقا قول سالمىغان بولسا، مەنمۇ سىزنى ئاۋارە قىلىپ، بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ يۈرمىگەن بولاتتىم. مەن سىزدىن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقۇشۇپ باقماقچى، بەلكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك

ئەھۋاللاردىن ئاز - تولا خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك. ئۇ مەرھۇم ئىنىڭىزنىڭ — خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. ئۇ ھەتتا خەلىپىلىكنىمۇ تاما قىلىپ يۈرگەن. مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىسىز.

سەييىدە سالاھىددىن ئېيتىۋاتقان كىشىنىڭ ئەبۇ ھەسەن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئاچچىقىدا تاتىرىپ كەتتى - دە، دەرھال مۇنداق دېدى:

— ھەئە، بىلىمەن. سىز كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك ھىلىقى مۇناپىقنى دەۋاتىسىز. ئۇ ئۆزىنى بىزگە تۇققان دەۋالغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ جەمەتىمىز بىلەن ھېچقانداق قېرىنداشلىقى يوق. سىزنىڭ كۆزدە تۇتقىنىڭىز ئەبۇ ھەسەننى دەيمەن؟

— شۇنداق. بۇ ئادەم مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ چوڭى، مەرھۇم ئازىد خەلىپىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، بۇ ئادەم تەختكە ۋارىس بولۇشنى تەلەپ قىلىپ بىزگە يېلىنغان ھەمدە بۇندىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا بىزگە يان باسىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان؛ بىز ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغاچقا، ئەمدى ئۇ بىزگە قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى. بىر ئوچۇم نومۇسسىز مۇناپىقلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىشىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ ئەبۇ ھەسەنگە ئوخشاش قاتتىق جازالىنىدۇ. ئەبۇ ھەسەننىڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمىكىن؟ — سالاھىددىن سەييىدەگە يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى يۇمشاق تەلەپپۇزدا سورىدى.

سەييىدە سالاھىددىننىڭ سۆزىگە جىم تۇرۇپ قۇلاق سالدى. ئۇ سالاھىددىن ئېيتقان گەپلەرنىڭ راست بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. چۈنكى ئەبۇ ھەسەن راستىنلا مۇشۇنداق ئەسكى ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىدىن جۇدا بولۇشى تەھقىق

ئىدى - دە، سەييىدە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلاتتى. ئۇ سالاھىددىننىڭ دىگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق دىدى:

— بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى ئازراق بىلىمەن. ئۇ ئەخلاق - پەزىلىتى قەبىھ، ئۈچىغا چىققان قارا نىيەت ئادەم. مەن ئامال قىلىپ ئۇنىڭ دىرىگىنى ئالاي، لېكىن سىز ئاڭلىغان خەۋەرنىڭ چوقۇم راست بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ تەپسىلىرەك ئۇققان بولسام، ئۇنىڭ دىرىگىنى ئېلىشىم ئۈچۈن زىيانلىق بولمىغان بولاتتى.

— بۇ خەۋەر ماڭا بىرنەچچە يەردىن مەلۇم قىلىندى، دەسلەپ بۇ خەۋەرنىڭ راستلىغىدىن گۇمانلانغان ئىدىم. لېكىن كېيىن ئۇنىڭ توغرىلىغىدىن گۇمانلىنىشىمغا ئورۇن قالمىدى. چۈنكى مەن بىر كىشىنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ خەتنى ئەۋەتكەن كىشى مۇتلەق ئىشەنچلىك ئادەم، خەتنى ئۇ ئۆزى يازغان. بۇ يەردىكى خائىنلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى — پەرەڭلەر ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىگى بىلەن بىللە كەلگەن بىر ئادەم بۇ خەتنى تونۇگۈن ماڭا مەخپى ھالدا تاپشۇردى. ئەلچىلەر ئۆمىگى پەرەڭلەر پادىشاسىنىڭ سوغىسىنى يەتكۈزۈش نامى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىدى بۇ يەردىكى ئاشۇ مۇناپىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلاش ئىكەن. خەت مەندە، ئۇنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشۈم ھاجەتسىز، — سالاھىددىن يانچۇغىدىن كانايچە يۆگەلگەن قەغەزنى چىقىرىپ، باھائىددىنغا ئۇقۇشقا بەردى.

باھائىددىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«مەن سۇلتانىمىزغا بۇ خەتنى بەيتۇلمۇقەددەستىكى زىنداندا يېزىۋاتىمەن. زىندانغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى تىەپ-

سىلى ئېيتىشقا ۋاقىت قىس. ئۆزەم پۈتۈنلەي توغرا دەپ قارغان بىر خەۋەرنى سۇلتانىمىزغا مەلۇم قىلماقچىمەن. مەلۇماتنى كېچىكتۈرۈپ قويسام، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ خەتنى يازدىم. خەلىپە ئازىدىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، سۇلتانىمىزنىڭ دۆلەت ئىشىنى ئۆز قولىغا ئالغانلىقىنى مىسىردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇقتۇم. زىنداندا ئاڭلىغان خەۋەرلىرىم مۇنداق: كونا سۇلالىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشى فۇستاتتا مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، كونا سۇلالىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان. ئۇلارنىڭ باشلىقى شىئەلەردىن ئەبۇ ھەسەن دىگەن كىشى ئىكەن، ئۇ دۆلىتىمىزگە قارشى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى ئۆزىگە تارتقان، ئازدۇرغان، چەتئەل بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، پەرەڭلەردىن ياردەم تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلارنى بۇ يەردە ۋە سەقلىيەدە كۆچلۈك قوشۇن توپلاپ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقان: مىسىرلىقلارمۇ بۇ ھەركەتكە ماسلىششقا كېلىشىپ قويۇپتىمىش. پەرەڭلەر ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىۋېتىپتۇ، ئۇلار ئۆز پادىشاسىنىڭ سوغىسىنى سالاھىددىنغا يەتكۈزۈش نامى بىلەن ئەلچىلەر ئۆمىگى دىگەن شەكىلدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مىسىرغا ئەۋەتىدىكەن، لېكىن بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسىي مەقسىدى مىسىردىكى خائىنلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جەڭ پىلانى تۈزۈش ئىكەن. خۇداغا شۈكرى، مەن بۇ خەۋەرنى بۇ يەردىكى بىر دوستۇمدىن ئۇقتۇم ۋە بۇ خەتنى ئۇنىڭدىن ئەۋەتتىم. بۇ كىشى ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ يول باشلىغۇچىسى. ئۇ بۇ خەتنى سىزگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈز دىنار چاي پۇلى بېرىشىڭىزنى ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىشىڭىزنى سورايمەن. ئۆزەمگە كەلسەم، مەن ھېلىمۇ زىندان دەردىنى تارتىۋاتىمەن. ئۆز ۋەزىپەمنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، زىنداندىن چىقىشقا پۇرسەت كەلگىچە تۇرۇۋې-

رىمەن. سۇلتانىمىزغا ئۆز ساداقىتىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆز
ۋەزىپەمنى ئادا قىلىش يولىدا ئۆمرۈم بويى تىرىشىمەن. ماڭىبا
ئاللا مەدەتكار. بۇ يولدا يا غەلىبە بىلەن قايتىمەن، يا باتۇرلار-
چە ئۆلىمەن. مېنىڭ هاياتىم سۇلتانىمىز ئۈچۈن، سۇلتانىمىزنىڭ
خىزمىتى ئۈچۈن پىدادۇر.»

سەييىدە خەتنى ئاڭلاۋېتىپ، بۇ خەت ئىمادىددىننىڭ خېتى
بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلىدى. ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىدىكى «ۋەزىپە-
نى ئورۇنلايمەن» دىگەن گەپنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى جىغ-
غىدە قىلىپ قالدى - دە، خەتنى ئىمادىددىننىڭ يازغانلىغىنى
شەكسىز هالدا چۈشەندى. چۈنكى ئىمادىددىننىڭ ئۇنىڭ ئىنىسى
قازا تېپىش ئالدىدىلا مىسىردىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. خەتنىڭ
كېلىشى تولىمۇ ئۇشتۇمتۇت ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىگى گۇپۇلدەپ سو-
قۇشقا باشلىدى. خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەنلا، ئۇنىڭ تاقىتى -
تاق بولۇپ:

— سۇلتان، بۇ خەتنى يازغان ئادەمنىڭ كىملىگىنى بىلىش-
كە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى مەخپى تۇتۇش كېرەك ئىدى، بىراق
سىز يات كىشى بولمىغاندىكىن ئېيتىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇ قەي-
سەر، خۇش خۇي، مەرت يىگىت ئىدى. بىز ئۇنى باشقىلار ئورۇن-
لاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان مۇهىم بىر ۋەزىپىگە ئەۋەتكەن. مې-
نىڭچە سىز ئۇنى تونۇمايسىز، — سالاهىددىن سۆزلەۋېتىپ باها-
ئىددىنغا ئۆزىچىلا قارىغان ئىدى، باهائىددىن ئۇنىڭغا گەپنى دا-
ۋاملاشتۇرماسلىق ئۈچۈن كۆز ئىشارىتى قىلدى، سالاهىددىن ئۇ-
نىڭ مەقسىدىنى چۈشەنمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يىگىتنىڭ
ئىسمىنى سەييىدەگە ئېيتىشقا لەۋزە قىلغانلىقتىن، گەپنىڭ يېرى-
منى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدىغانلىغىنى هىس قىلدى. سەييىدە-
مۇ بويىنىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى مىت قىلماي ئۇنىڭ ئاغزىغا قارى-

غىنچە گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا سالاھىددىن سۆزىنى داۋام قىلىپ: — بۇ خەتنى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى ئىمادىددىن، — دىدى.

ئىمادىددىننىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا، سەيىيدە:

— ئىمادىددىن؟! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى - دە، ھۇشىدىن كەتتى.

سالاھىددىن ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ياقۇتە دەرھال سۇ ئېلىپ كېلىپ سەيىيدەنىڭ يۈزىگە چاچتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى يۇمشاق سىلىدى. باھائىددىن سالاھىددىننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قاراڭ! مەن سىزگە ئۇنىڭ ئېتىنى ئېيتماڭ دەپ شەرەت قىلمىغانمىدىم؟ — دىدى پىچىرلاپ.

— بۇنىڭ سەيىيدە بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئەھۋالنى ئاز - تولا ئۇقامتى؟

— ئىمادىددىن مېڭىشتىن بۇرۇن بىر ئىشنى ئۇقۇپ قالغان ئىدىم. لېكىن ئىيسا ھەككارى ئىمادىددىننىڭ توي ئىشىغا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن دەپ، سۇلتانىمىزغا ئېيتقىلى قويمىغان ئىدى، — دىدى باھائىددىن ۋە خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ ئىمادىددىنغا ئاشىقمىكىنا؟!

باھائىددىن ياقۇتەنىڭ سەيىيدەگە قارىشىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، سالاھىددىننى ياندىكى ئۆيگە باشلاپ چىقتى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، باھائىددىن ھىلىقى ئاخشىمى ئىمادىددىننىڭ لەخمە ئارقىلىق قەسىرخىساغا كىرگەنلىگىنى، ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۇنىڭغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىغىنى، ئۆزىنىڭ ئىمادىددىننى نىمىشقا تۇتالمىغانلىغىنى جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

سالاھىددىن ئاشۇ قېتىمقى يىغىندا سادىر بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ، باھائىددىن ھازىر ئېيتقان بۇ مەخپىيەتلىكتىن تولىمۇ خۇشال بولدى؛ ئىمادىددىنغا ئامراق بولۇپ قالدى، سەييىدەگە تېخىمۇ ھۆرمىتى ئاشتى. ئۇ ئۆتكەندە سەييىدەگە قويغان نىكا-لىنىش تەلىۋىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى ئاللانىڭ ئىرادىسى ئە-كەن دەپ ھېس قىلدى ـ دە، دىلىدا ئاللاغا شۈكرى ئېيتتى.

— گەپلىرىڭىزدىن دىلىم ۋاللىدا يورۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ، — ئىمكان قەدەر بالدۇرراق بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بې-شىنى قوشۇپ قويايلى، ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئەبۇ ھەسەننىڭ سۇيىقەستى ئاخىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى.

— مەلىكىنىڭ بۇ ئىشىغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ، دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشتا ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، چۈنكى بۇ جەھەتتە بىزگە ياردەم قىلىش ئاشۇنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، — دېدى باھائىددىن، — ئەبۇ ھەسەننى تېپىشىمىزغا ئۇ چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرسە، بىزمۇ ئۇنىڭ مۇرات ـ مەقسىدىگە يېتىشىگە ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز.

— ناھايىتى ياخشى، باھائىددىن! سەن ھەرقانداق ئىشتا زادىلا زىيان تارتىشنى خالىمايسەن ـ دە! — سالاھىددىن ئۇنىڭ مۈددىئاسىنى چۈشىنىپ كۈلۈپ قويدى.

— مېنىڭ پىكىر ـ خىيالىم قانداق قىلىپ سۇلتانىمىز ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشتە.

سالاھىددىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ سەييىدەنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سەييىدەنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆيگە كىردى. سەييىدە خىجىل بولغان ھالدا بېشىنىساڭگىلىتىپ كۆرپىدە ئولتۇراتتى، دەرمانىدىن كەتكەن، كۆزلىرى جۈنسىز ئىدى. سالاھىددىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ئىشىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، بىزنىڭ قەدىرلىك

ئىمادىددىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز مېنى ھەقىقەتەن خوشال قىلدۇ. سىز رازى بولسىڭىزلا، مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ سىرتتىكى خىزمەت مۇددىتىنى قىسقارتىمەن. بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى دوستۇم باھائىددىنغا تاپىلىدىم. خەير-خوش!

سەييىدە ئۇيالغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ سالاھىددىن بىلەن خوشلاشتى. گەرچە ئۇ سالاھىددىنغا ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھەشقاللا-رەھمەت ئوقۇدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئىمادىددىندىن ئەنسىرەۋاتقاچقا، چىداپ تۇرالماستىن، ئاخىر، دەلدەڭشىپ تۇرۇپ:

— ئۇ زىنداننىڭ چوڭقۇر يېرىدە تۇرۇۋاتسا، نېمە ئامال قىلغىلى بولىدۇ دەيسىز، ئەمىرىم؟ — دېدى.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئۇ ساق-سالامەت قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر زىنداندا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، بىز بەيتۇلمۇقەددەسنى ھۇجۇم بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرىمىز. بەيتۇلمۇقەددەسنى ئېلىشىمىز ئىسلام ئەللىرى ئۈچۈنمۇ بىر مەدەت. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — سالاھىددىن گېپىنى تۈگەتتى-دە، مۇلايىمغىنا كۈلۈپ قويۇپ، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

سەييىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ قەيسەر، ئالىجاناپلىقىغا تېخىمۇ تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ سالاھىددىننى خەلىپە ئىنىسىنىڭ ئەمىر-ئەمرالىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ (ئۇ بۇ ئادەملەرنى ئۇچۇر-بۇچۇرىغىچە بىلەتتى، ئۇلار كۆكسى-قارنى تار، ئۇچىغا چىققان گالۋاڭ-قاپاقباش، ئەرزىمەيدىغان، ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن پۇت تېپىشىدىغان ئادەملەر ئىدى) سالاھىددىننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى، ئىنىسىنىڭ دۆلىتىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

سالاھىددىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باھائىددىن سەيىـ

دەنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىز بىرئاز ئارام ئېلىڭ، مەن هايال بولماي قايتىپ كېلىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى-دە، خىر-خىر كۈلگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

* * *

ئۆيدە سەييىدە بىلەن ياقۇتە ئىككىسىلا قالدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، — دېدى ياقۇتە شاتلىققا چۆمگەن هالدا، — مېنىڭ پەرزىنىم توغرا چىقتى، سەن مەن ئۈممت قىلغان نەرسىگە ئىگە بولدۇڭ.

— نىمىگە ئىگە بولدۇق؟ — دېدى سەييىدە قاتتىق ئۇھ تارتىپ، — ھىلىقى خەتتە ئوچۇق ئېيتىپتىغۇ، ئىمادىددىن پەرەڭلەرنىڭ زىندانىدا ئىكەن، ئۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا بەل باغلاپتۇ. ناۋادا ئىشى ئوڭدىن كەلمەي قالسا، ئۇ... — سەييىدە سۆزىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرەلمىدى.

— مەلىكەم، بىز خوشال بولۇشقا تېگىشلىكمىز، چۈنكى، بىرىنچىدىن، بىز ئىمادىددىننىڭ بۇ ئالەمدە هايات ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق؛ ئىككىنچىدىن، سالاھىددىن ئۇنى ساقا تېپىپ بېرىدىغان بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، سالاھىددىن ئەبۇ ھەسەن دىگەن بۇ مۇناپىقتىن ئۆچ ئېلىپ بىزنى پۇخادىن چىقىرىدىغان بولدى، يۈر، تاماق يىگىن!

شۇئان سەييىدەنىڭ غەم-قايغۇسى ئاللىقاياقلارغا كەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقخانىغا كىردى. ئۇلارنىڭ تاماق يىگەچ قىلىشقان گەپلىرى، ئاساسەن، ئەبۇ ھەسەن ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئادەملەرنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىرلىرى ئۈستىدە بولدى. ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا، باھائىددىن رۇخسەت-

بىزلا كىرىپ مۇنداق دىدى:

— مۇبارەك بولسۇن، سەيىيدە مەلىكەم! سۇلتانىمىز پالاھىددىن بەكمۇ خوشال. ئۇ ماڭا سىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشمنى تاپىلىدى... بىراق، بىز ئالدى بىلەن ئەبۇ ھەسەنلەرنىڭ سۇيىقەست پىلانلايدىغان، ئورنىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز كېرەك. سىز بۇ جەھەتتە بىرەرنەرسە بىلەمسىز؟

— مەن سىلەرگە ياردەم قىلىشنى تولىمۇ خالايمەن، لېكىن نە قىلاي، مەن قەسىردە مەھبۇستەك ئۆتكەن، بۇ شەھەرنىڭ بىرەر كوچىسىنىمۇ ئۇقمايمەن.

— ئەبۇ ھەسەننى ئىزلىسەڭلار، مەندىنلا سوراڭلار، — دىدى ياقۇتە جىددى ھالدا.

— ئۇ نەدە؟ — دىدى باھائىددىن.

— بىلمەيمەن، لېكىن باشقىلار ئارقىلىق ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولىدۇ. سىز ھىلىقى جەۋھەر دىگەن يىگىتنى تونۇمامسىز؟

— تونۇيمەن! ئۇ قەسىردىكى بىر مالايغۇ؟

— شۇنداق، لېكىن ئۇ خائىن پايلاقچى. ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ۋە مەخپىيەتلىكىمىزنى ئېيتماي-تېمىتماي ئەبۇ ھەسەنگە يەتكۈزۈپ تۇرغان.

— ئەگەر ئۇ سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بىزگە خائىنلىق قىلغان بولسا، ئۇنى تونۇساق بىزگە نىمە پايدىسى؟

— خائىن دىگەن ھەرقانداق ئادەمگە ساداقەتسىز، ئىككى يۈزلىمە بولىدۇ. ئۇ تونۇگۇن ئەبۇ ھەسەن ئۈچۈن بىزنىڭ كەينىمىزدىن پايلاقچىلىق قىلغان ئىكەن، بۈگۈن ئۆزگىرىپ بىزنىڭ پايلاقچىمىز بولىۋېرىدۇ. بىز ئاشۇ ئارقىلىق ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۆزىنى تېپىشىمىز مۇمكىن.

— جەۋھەر ھازىر نەدە؟

— مۇشۇ سارايدا. مالايلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھازىر ئەبۇ ھەسەندىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتىمىش. چۈنكى ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلماپتۇ. مەلىكە سەيىيدەم قەسىردىن ئايرىلىپ سۇلتانىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭغا قىزىقماپتۇ، شۇڭا ئۇ تۇيدۇرماي قېچىپ كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن بىزگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنى ھازىرلا چاقىرتىپ كېلەيمۇ؟

ياقۇتە چىقىپ، جەۋھەرنى چاقىرىپ كېلىشكە بىر مالايىنى بۇيرۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، سەيىيدەنىڭ كۆز-لىرىدە خوشاللىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى-دە، ناھايىتى روھلۇق ھالدا:

— رەھمەت ساڭا، ياقۇتە! سەن ماڭا چوڭ ياردەم قىلدىڭ، — دېدى.

— ئەبۇ ھەسەننىڭ ھىيلىسى ئۇنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلدى، — دېدى ياقۇتە.

شۇ ئەسنادا جەۋھەر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالاقزادىلىك بىلەن پالىلداپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنى قاتتىق ۋەھىمە باسقانلى-قىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— جەۋھەر، سەن ئەبۇ ھەسەننىڭ ئالدىشى بىلەن بىر مەزگىل ئېزىپسەن، بىز بۇنى ئۇقتۇق، — دېدى باھائىددىن ئۇنىڭغا قاتتىق تىكىلىپ، — لېكىن سەن ئازغان يولۇڭدىن قايتساڭ، بىز سېنى ئەپۇ قىلىمىز. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، سەن سەيىيدە مەلىكەمنىڭ ۋە سۇلتانىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سەممىي-ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا جازالىنىسەن.

جەۋھەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال باھائىددىننىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ، كەينى-كەينىدىن سۆيۈپ، قاتتىق پۇشايمان قىل-

غان قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— گويايىمغا ئاللادىن مەغپىرەت تىلەيمەن. ئۇ نېجىس ئۆزىنى مەرھۇم خەلىپىمىزنىڭ ۋەكىلى، نېمە قىلىمەن دېسەم، شۇنى قىلىۋېرىمەن دەپ مېنى ئالداپ كەتتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىدىنى ئۇققاندىن كېيىن، قەتئىي ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى تارتتىم.

— بارىكاللا، — دېدى باھائىددىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگەن بولۇپ، — سېنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىڭغا كۆزۈم يەتكەن ئىدى. مەن مائاشىڭنى ئۆستۈرىمەن، ئۆتكەنكى ئىشلىرىڭغا سالاۋات، لېكىن سەندىن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. بۇ ئىش ساڭا ناھايىتى ئاسان. بۇ ئىش جەريانىدا ئۇ خائىندىن ئۆچۈڭنىمۇ ئېلىۋالىسەن تېخى، قىلىشنى خالامسەن؟

ئۆتكەنكى جىنايەتلىرىنىڭ سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا يەنىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغان جەۋھەر شۇئانلا:

— پەرمان بەردارمەن، غوجام، — دېدى.

— ئېيتقىنا، ئەبۇ ھەسەن ھەم ئۇنىڭ شېرىكلىرى يىغىلىدىغان جاي قەيەردە؟ بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، غوجام، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھېلىقى ئادەملەرنىمۇ تونۇيمەن. بۇ ئىشنى ھەر بىرلىرى سورىمىغان بولۇشىسىمۇ، ئۆزەم ھەر بىرلىرىگە ئېيتماقچى ئىدىم. ھەي، خىجىل بولۇپ، ھازىرغىچە ئېيتىشقا پېتىنالماي كەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى. ئۇ جاي بۇ يەردىن يىراقمۇ؟ — دېدى باھائىددىن جەۋھەرنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن.

— يىراق ئەمەس، فۇستاتتىلا، غوجام.

— راستىلا خېلى سەممىدەك قىلىسەن. چۈنكى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلەتتىم. ساڭا ئىشەندىم. بىلىپ قويغىنىڭنى، مېنىڭ ئىشەنگەنلىكىم سۇلتانىمىزنىڭمۇ ئىشەنگەنلىكى بولىدۇ. شۇڭا بىزنى نائۇمىت قىلماي، بىلىدىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قويماي دېگىن. سەييىدە مەلىكەممۇ ساڭا كۆپرەك ئەمەگدارلىق قىلىشىمنى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىدى. ئۇ يەنە سېنىڭ بۇرۇن قەسىردە يامان ئەمەس ئىشلىگەنلىكىڭنى، ناھايىتى سادىق ئىكەنلىكىڭنى، ئاشۇ خائىننىڭ سېنى ئالداپ پاتقاققا تىققانلىقىنى ئېيتتى. ھەي! بولدى، ئۆتكەنگە سالاۋات. مەن بىلەن يۈر!

باھائىددىن بۇ تىكىشى توختىمايدىغان يىگىتنىڭ يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشنى دەرھال باشلىۋېتىش، ئىش پۈتمىگىچە ئۇنى قويۇۋەتمەسلىك قارارىغا كەلدى. جەۋھەر ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. باھائىددىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن سەييىدەگە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇش لازىملىقىنى ئويلاپ قالدى ـ دە، كەينىگە يېنىپ سەييىدەنىڭ قېشىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

— سەييىدەم، خاتىرجەم بولۇڭ. سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويمايمەن. ئۆتكەندە ئىمادىددىننىڭ قەسىرگە كىرىپ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. بۇ ئىش چوقۇم ئېسىڭىزدە بولۇشى كېرەك. ئاللا ئۇنى ئامان قىلسۇن.

— بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن سۇلتانىمىزنىڭ رازى ئىكەنلىكىنى بايا ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىدىڭىزغۇ! شۇڭا ئۇنىڭ (ئىمادىددىننىڭ) ئەھۋالىنى ماڭا يەنە تەپسىلىرەك ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى سەييىدە باھائىددىن ئەدەپ بىلەن تەسەللى بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

— راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بايا ئۆزىڭىزگە ئوقۇپ بەرگەن خەتتىكىدىن زىيادە بىرنەرسە بىلمەيمەن.

— ئۇ يەردە ئۇنىڭغا خەۋپ ـ خەتەر يېتىپ قالارمۇ دېمەك-

ىمەن. سىزنىڭچە، ئۇ قاچان قايتىپ كېلەر؟

— قاچان قايتىپ كېلىشىنى زادى ئۇقمايمەن. بىراق، خەۋپ - خەتەرگە كەلسەك، مەن بۇ ھەقتە ئىمادىددىندىن ئەنسىرىمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭدا جاسارەتمۇ، پاراسەتمۇ بار. خۇدا، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

* * *

باھائىددىن جەۋھەرنى ئېلىپ بەرجىۋان قەسىرىدىن چىقىپ كەتتى. جەۋھەر ئەسلىدە ھەبەشىستانلىق① قۇل بولۇپ، ئۆزى قۇۋ، مەنپەئەت دىسە جان بېرىدىغان پۇچەك ئادەم ئىدى. باھائىددىن كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ:

— جەۋھەر، ئەمدى نىمە ئىش قىلىمىز؟ — دىدى.

— ئەمرىلىرىگە تەييارمەن.

— ساڭا ئىشىنىمەن. ئاشۇ ئادەملەرنىڭ يىغىلىدىغان يېرىگە بارساق ھەم ئۇلارنىڭ نىمىلەرنى دېيىشىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ باقساق دەيمەن. سېنىڭچە، بۈگۈن كەچتە بارساق قانداق؟

— بولىدۇ، غوجام. ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە، گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن بارايلى.

— نەگە بارىمىز؟

— فۇستاتقىچۇ! ئۇلار ئاشۇ يەردىكى بىر ئۆيگە مەخپى يىغىلىدۇ، مەن ئۇ ئۆيىنى بىلىمەن. مەندىن باشقا ئادەم تاپالمايدۇ. ئۇ ئۆي بىر كونا ھويلىدا. بۇ ھويلىغا قاپ - قاراڭغۇ تار كوچا بىلەن كىرگىلى بولىدۇ. لېكىن باشقىچە ياسىنىۋالماي كىرگىلى بولمايدۇ.

---

① ھەبەشىستان — ھازىرقى ئېفىئوپىيە.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىياپەتتە ياسانساق بولار؟

— غوجام، ئۆزلىرى خىرىستىيان تىۋىپلىرىدەك ياسانسىلا. مەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇپ، دورا ساندۇقلىرىنى كۆتىرىپ، كەينىلىرىدە خېچىرلىرىنى ھەيدەپ ماڭاي.

— بۇ ئوبدان گەپ بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار باھائىددىننىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، باھائىددىن ئۆيدىكىلەرنى ئىشىككە ئوبدان قاراپ، ھېچقانداق ئادەمنى، ھەتتا سۇلتان سالاھىددىن كەلسىمۇ كىرگۈزمەسلىكنى تاپىلىدى. ئاندىن جەۋھەرگە ياسىنىشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭدىن ئەبۇ ھەسەنلەر يىغىلىدىغان جاينىڭ ئېنىق ئورنى فۇستاتنىڭ زادى قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى يەنە سۈرۈشتۈردى. «ئەمرۇ جامەسىنىڭ يېنىدا» دېدى جەۋھەر. ئورۇن ئېنىقلانغاندىن كېيىن، باھائىددىن دەرھال تەييارلىققا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئاۋال بىر تۈركۈم ئەسكەرنى ئەمرۇ جامەسىنىڭ يېنىدىكى بىر سارايغا مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنى كېچىدە بەلگىنى كۆرگەن ھامان ھويلىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى.

كۈن قايرىلغىچە ھەممە تەييارلىق پۈتتى. كۈن پاتقان ھامان باھائىددىن خىرىستىيان دوختۇرىچە كىيىندى: بېشىنى ياغلىق بىلەن چەگدى، بېلىگە كەمەر باغلىدى①. ئۇلار ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن، باھائىددىن خېچىرىغا مىنىپ، جەۋھەر پىيادە مېڭىپ، قاھىرەدىن فۇستاتقا قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ھېچكىم بىرسىنىڭ تىۋىپ، بىرسىنىڭ ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايتتى. ئۇلار فۇستاتقا تېزلا يېتىپ كەلدى. باھائىددىن دۆڭدىن فۇستاتقا نەزەر تاشلىدى: فۇستاتتا ئوت ئا-

① قەدىمدە ئىسلام ئەللىرىدىكى خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنى باشقا دىندىكىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بېلىگە كەمەر باغلىشاتتى.

پىتىدىن قالغان ئىزلار ھېلىمۇ ئەينەن تۇراتتى. كۆيۈپ چۇچۇلغا ئوخشاش قاپ - قارا بولۇپ كەتكەن خىش - كېسەكلەر شۇ پېتىچە ئىدى. نۇرغۇنلىغان ئۆي - ئىمارەتلەر پۇچۇق تاملىقتا ئايلانغان. بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى (ھىجرىيىنىڭ 564 - يىلى) ئەھلى سەلىپنىڭ بېسىپ كېلىشى ۋە بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ۋەزىر شاۋەر ئاھالىلەرنى قاھىرىگە كۆچۈرۈپ، ئاندىن بۇ شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەن ئىدى. يېغىلىق دەستىدىن جېنىدىن جاق تويغان، سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كەتكەن خەلق پالاكەتچىلىك ئىچىدە مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ نامراتلىشىپ كەتكەن ئىدى. لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوت 54 كۈن داۋام قىلىپ، چوڭ - كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قالغاچقا، يولنى پەرق ئېتىش تەس ئىدى. مانا ھازىر، ھېلىمۇ ياخشى بۇ كوچىلارنى بەش قولدەك بىلىدىغان جەۋھەر يول باشلاپ ماڭدى، بولمىسا باھائىددىننىڭ بارىدىغان جايىنى تېپىشى ئۇخلاپ چۈشى ئىدى. ھە بەش يىگىت ئۆيىگە ماڭغاندەك، خېچىرنى يېتىلەپ، ئۆرۈلگەن كېسەك - چالمىلارنى دەسسەپ خۇددى تۈز يولدا ماڭغاندەك ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ ئېنىق يول بەلگىسى ئەمرۇ مەسچىدىنىڭ مۇنارىسى ئىدى. بۇ مۇنارە كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن خارابىلىقتا بىردىن - بىر بىنا بولۇپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئەمرۇ مەسچىدىگە يېتىپ كەلگەندە، تۈن پەردىسى تارتىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەن، كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. فۇستات شەھىرىنى ئايرىلىپ چىققان كىشى بۇ شەھەرنىڭ قاھىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى سەزگەن بولاتتى. قاھىرىدە قەۋەتلىك بىنالار رەت - رەت ئىدى، ئادەملەر مىغىلدايتتى، مېھمانخانىلار ئازادە، ئاسارە - ئەتىقىلەر كۆپ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى قاھىرە شاھ - شاھزادىلەر، ئاكابىر - ئەشرەپلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى جايلاشقان جاي ئىدى؛ فۇستاتنىڭ كۆپ قىسمى بولسا ھۆپىگەرلەر بىلەن كاسىپلارنىڭ ماكانى بولغاچقا، بۇ يەرگە ساپلا دۇكان ۋە كاسىپخانىلار جايلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شەھەر نىل دەرياسى بويىدا بولغاچقا، كېمىچىلەرمۇ بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ جاي ئەسلىدە ئانچە باياشات بولمىغاننىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن، ھازىر تېخىمۇ چۆلدەرەپ قالغان ئىدى.

باھائىددىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئۆزى يالغۇز جەۋھەر بىلەن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى: جەۋھەر ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلىشى مۇمكىن؛ جەۋھەر خائىن، خائىنلار ھامان ئىشەنچسىز كېلىدۇ، باھائىددىن شۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭدىن:

— جەۋھەر، نەگە كەلدۇق؟ بۇ جاي سەن دىگەن جاي ئەمەستەك قىلىدۇ. بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇق؟
— دەپ سورىدى.

— مەن ئۆزلىرىنى دەل بارىدىغان جايغا باشلاپ بارىمەن، غوجام، ماڭا ئىشەنسىلە. ئارى راست، بىز دىگەن جايدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئۆزلىرىنى باشقا بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقماقچى، بۇ ئۆينىڭ دەرۋازىسى باشقا بىر كوچىغا قارايدۇ. ئۆزلىرى ئۇلار يىغىلغان چاغدىكى ئەھۋالنى كۆرمەكچى ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىماقچى ئەمەسمىدىلە؟

— شۇنداق، لېكىن ئالدىرىماي تۇرغىن! — دىدى باھائىددىن ۋە ئەتراپقا كۆز سېلىپ چىقىپ، ئەسكەرلەرنى مۆكتۈرمە قىلىپ قويغان ھېلىقى كىچىك سارايىنىڭ يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ئاندىن: — جەۋھەر! ئۇلار قايسى ئۆيگە

يىغلىدۇ؟ قولۇڭ بىلەن كۆرسىتىپ باقە! — دىدى.
— ئاۋۇ بادىرىنىڭ ئۇچىغا ئېسىلغان چىراقنى كۆردىڭ-
مۇ؟ — ئۇ قولى بىلەن بادىرىنى كۆرسىتىپ سورىدى.
— كۆردۈم.
— چىراقنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر كونا ئۆي تۇرامدۇ؟
ئۇلار ئاشۇ يەردە.
باھائىددىن خېچىرىنى مىنىپ، ساراي تەرەپكە كەتتى. مۆك-
تۈرمە ئەسكەرلەرنىڭ باشلىغى ئىشىك ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋالدى.
باھائىددىن بۇ باشلىققا ھىلىقى ئۆينى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆي-
نىڭ ئەتراپىنى تۆيۇق چۈشۈرمەي قورشاشقا بۇيرۇدى. ئاندىن:
— ئوت يورۇغى بەلگە. سىلەر ئۆگزە ئۈستىدە ئوت يو-
رۇغىنىڭ چەمبىرەك شەكلىدە ئايلانغانلىغىنى كۆرگەن ھامان بې-
سىپ كىرىپ ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇڭلار، —
دەپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى ۋە جەۋھەرنىڭ ئارقىسىدىن
مېڭىپ بىر كوچىغا كىردى. ئۇلار ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا
توختىدى. جەۋھەر دەرۋازىنى قاقتى. ھويلىدىن «كىم؟» دىگەن
ئاۋاز ئاڭلىنىپ، دەرۋازىنىڭ كىچىك روجىگى غىچچىدە ئېچىل-
دى - دە، روجەكتىن ئاپپاق ساقاللىق بىر باش چىقتى.
— سەمئان تېۋىپ كەلدى. ئىشىكنى ئېچىڭ! — دىدى
جەۋھەر ۋە يېقىن بېرىپ سالام قىلدى.
— ئۆيىمىزدە ئاغرىق ئادەم بولمىسا، تېۋىپ نىمىشقا كەپتۇ؟
— كېسەل كۆرگىلى ئەمەس، قونغىلى كەلدى. بۇ كىشى
قاھىرلىك. بۇ يەرگە نىل دەرياسىنى سەيلە قىلغىلى كەلگەن.
بىراق ئۇ چۈشۈپ كېتىدىغان كېمە كېتىپ قاپتۇ. فۇستاتتا بىر
كېچە قونۇپ، ئەتە ئەتىگەندە پىرىستانىغا بېرىپ باشقا بىر كې-
مىگە چۈشۈپ كەتمەكچى، ئىشىكنى ئېچىڭ تاغا!
— نىمىشقا سارايغا چۈشمىدىڭلار؟ ساراي يېقىنغۇ؟

— بۇ كىشى سارايىلاردا قونۇشنى ئادەت قىلمايتىكەن.
مەن بۇ كىشىنى سىزنىڭ پايدىڭىزنى كۆزلەپ باشلاپ كەلدىم، — دىدى. ئاندىن: — تاغا، مېنى تونۇيالمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دىدى.
— ھە، جەۋھەرمۇسەن، رەنجىمە، قېرىغاندا كۆزۈم تولىمۇ شىددىغان بولۇپ قالدى، تونۇماي قاپتىمەن، — دىدى چال ئۇنىڭغا سىنچىلاپ سەپسىلىپ چىققاندىن كېيىن.
— ھىچگەپ يوق، مەن بۇ تىۋىپنى سىزنىڭكىدە قونسۇن دەپ باشلاپ كەلدىم. بۇ كىشىنىڭ پۇلى جىق، مەرت، قانچە پۇل ئالىمەن دىسىڭىزمۇ بېرىۋېرىدۇ. ياخشىسى سىز ھەممە ئۆيىڭىزنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىڭ. بىر ئېغىز ئۆيگە بىر دىنار ئالىسىز، ئۇ بىر ئېغىز ئۆي بولسا بولىدۇ دىسە، سىز ئۇنىڭغا بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە بەرمەيمەن، ئالسىڭىز ھەممە ئۆيۈمنى ئېلىڭ دەڭ.
بۇ چال يەھۇدى ئىدى. جەۋھەر كۆرسەتكەن ئەقىل ئۇنىڭغا تازا ياقتى. چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ئۆي - جابدۇقلىرى ئىككى دىنارغىمۇ يارىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنلۇك قىلىپ:
— بىز يات ئادەم بىلەن بىللە تۇرالمايمىز، ئەگەر تىۋىپ خالىسا، ھەممە ئۆيىمىزنى ئىجارىگە ئالسۇن، — دىدى.
— ئىجارىسى قانچە پۇل؟ — دىدى جەۋھەر خۇپسەنلىك بىلەن.
— بۇ ھويلىدا بەش ئېغىز ئۆي بار، ھەر بىر ئېغىز ئۆيگە بىر دىنار بەرسۇن.
— بەش دىنار بەك قىممەت بولۇپ كەتتى، تاغا، تۆت دىنار بەرسە بولامدۇ؟ — جەۋھەر باھائىددىن ئۇچۇن باھا تالاشقان بولۇپ، چالغا ئۇنىماسلىققا ئىما قىلىپ قويىدى.
— كەم بولار، ئەگەر بۇ ئۆي سىلەرگە ياقمىسا، ئىختىيارىڭلار، سارايمۇ ئانچە يىراق ئەمەس.

— ياق، ياق، تاغا، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن. بۇ تىۋىپ تەقسىر ناھايىتى مەرت كىشى، ئۇنداق بولسا سىلەر نەدە ياتىسىلەر؟ — دىدى جەۋھەر ئۇنىڭغا يان بەرگەن بولۇپ.

— ئۆيۈمدە كەمپىرىمدىن باشقا ئادەم يوق. كۈيوغلىمىزنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ياتساق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەرگە يېقىن.

جەۋھەر باھائىددىننىڭ يېنىغا كېلىپ پۇلنى ئالدى ـ دە، چالغا پۇلنى تەڭلەپ:

— مەڭ، بىر دىنارنى ئېلىپ قالدىم. ئەتە ئەتىگەندە بېرىمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دىدى پىچىرلاپ.

— بولىدۇ، — دىدى چال. ئۇنىڭچە ھازىر بىر تىيىنمۇ قالدۇرماي ئالسا، ئەتە ئۆي جاھازلىرى بۇزۇلۇپتۇ دىگەندەك بىرەر بانانى تېپىپ، ئۇلاردىن يەنە بىر دىنارنى ئارتۇق ئېلىۋالسا ياخشى بولاتتى.

چال ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، چىراقنى كۆتىرىپ چىقتى. ئارقىسىدا بىر موماي چىقىپ:

— بۇ مېھماننى ئەجەپمۇ جەددى ـ جەمەتىڭدەك كۆرۈپ كەتتىڭ، ئۇنى دەپ مېنىمۇ ئۆيدىن قوغلاۋاتىسەن، — دەپ غۇدۇڭشىدى.

— شۇنداق بولمايچۇ؟ — دىدى چال ۋە باھائىددىننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. باھائىددىن خېچىردىن چۈشتى. جەۋھەر خېچىرنى ئۆينىڭ يېنىدىكى ئېغىلغا ئەكىرىپ، چۇلۋۇرنى قوزۇققا باغلىدى. جەۋھەر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، چال چىراقنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى.

* * *

باھائىددىن جەۋھەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىردى. دەھ-

لىز ئادەمنىڭ دىمىغىنى ئۆرتىگىدەك سېسىق ئىدى. ئۇلار ئىشىكنى تاقىغاندىن كېيىن، جەۋھەر چىراقنى كۆتىرىپ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلار تۇيۇق چۇشۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. ئانچە ئۆتمەيلا گۇدۇڭ - گودۇڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ھازىر ئۇلار بىلەن بىزنى بىرلا تام ئايرىپ تۇرىدۇ، توختىسىلا! — دىدى جەۋھەر.

باھائىددىن بۇ سەپەرگە چىققاندىن تارتىپ ئۆزىنى قوغداشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى يول بويى قولىدىن خەنجىرىنى چۇشۇرمەي، جەۋھەر ئاسىلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. بىراق، جەۋھەردە ھىچقانداق باشقىچە ئىپادە كۆرۈنمىگەن ئىدى. مانا ھازىر باھائىددىن جەۋھەرنىڭ «توختاڭ!» دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا يامان نىيەت تۇغۇلدى دەپ گۇمانلاندى - دە، ئۇنىڭغا كۆزىنى ئۇزمەي تىكىلىپ تۇردى. جەۋھەر ئۇنى بىر تارچۇق ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقىدىغان پەلەمپەي تەرەپكە ئىشارەت قىلدى. ئۇلار پەلەمپەيگە چىققاندىن كېيىن، تۈڭلۈكتىن ئۆگزىگە يامىشىپ چىقتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ھاۋاسى بىلەن سىرتنىڭ ھاۋاسى باشقا - باشقا ئىدى، ئەلۋەتتە. باھائىددىن ئەتراپقا سەپسالدى، ئەتراپ پۈتۈنلەي قارىيىپ تۇرغان ئۆگزىلەر ئىدى.

— چىراقنى مۇشۇ يەردە قويۇپ قويۇپ، ئاۋايلاپ ماڭايلى، تۇيۇق چۇشۇپ قالمىسۇن، — دىدى جەۋھەر پىچىرلاپ.

باھائىددىن ماقۇل دەپ، جەۋھەرنىڭ ئارقىسىدىن مەجلىسخانا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ يەرگە يېقىنلاشقانسىرى ۋاراڭ - چۇرۇڭ تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر تامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، جەۋھەر قەدىمىنى توختىتىپ:

— يېنىمىزدىكى جاي مەجلىسخانا، — دېدى.

تام بېشىغا يېقىن يەردىكى ھاۋا ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىغان كىچىك پەنجىرىدىن چىراق يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاشۇ يەردىن قارىسىلا! — دېدى جەۋھەر ئاشۇ پەنجىرىنى كۆرسىتىپ.

باھائىددىن پەنجىرىدىن ئىچكىرىگە قارىدى. مەجلىسخانىدىكى گىلەمدە لىق ئادەم ئولتۇراتتى. بىرەيلەن چاقىرىلمىغان مېھمان كېلىپ قېلىشتىن ساقلانماقچى بولغاندەك، ئىشىككە يۆلىنىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۆي ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن توشقان ئىدى.

— كۆرەلىدىلىمۇ؟ — دېدى جەۋھەر باھائىددىننىڭ قۇلقىغا پىچىرلاپ.

— كۆرۈشنى كۆردۈم، بىراق ئەبۇ ھەسەندىن باشقا ھېچكىمنى تونۇمىدىم. ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرغانلار كىم؟

— ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى شائىر ئەمارەبىننى ئەبۇ ھەسەن يەمەنى، سول تەرىپىدىكى قازى ئۇۋەيرىس، ئارقىسىدىكى دائى دۇئات①، ئاۋۇ چەتتىكىلەر يازغۇچى ئابدۇسەمەت قاتارلىقلار. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى شىئەلەر. ۋۇي، مەجلىسخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قارىسىلا! ئاۋۇ نېمە؟

— خەنجەر بىلەن غىلاپ، پەمىچە، ئۇلار بايىلا قەسەم قىلىشقان ئوخشايدۇ.

— تاپتىلا.

باھائىددىن زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى تونۇيالماي قالماسلىقى ئۈچۈن، مەجلىسخانىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ سەپسالدى. بۇ چاغدا ئەبۇ ھەسەننىڭ گەپ قىلماقچى بولۇپ قولىنى پۇلاڭشىتقانلىغىنى كۆردى. مەجلىسخانا شۇئان

① شىئەلەر تەرغىباتچىسىنىڭ 2 - مەرتىۋىلىكى. — تەرجىمان.

جىمجىتلىققا چۆمدى.
— شاھزادىلەر، — دېدى ئۇ، — سىلەرگە بىر خۇش خە-
ۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن: بىزنىڭ ئىشىمىز زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئې-
رىشكۈسى! پەرەڭلەرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىگى بۈگۈن ئەتىگەن ھىلى-
قى كۆردقا سوغات ئېلىپ كەلدى. ئۇ خوشاللىقتىن قىن - قى-
نىغا پاتماي قالدى، چۆچۈرىنى خام ساناۋاتىمدۇ! بىزنىڭ شام
ساھىلىدىكى مەۋلانىمىزدىن كەلگەن خەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەر-
دە ھەممە تەييارلىق پۈتۈپتۇ. بىز پەيت كەلدى دېسەكلا، ئۇلار
دەرھال قوشۇن ئەۋەتمەكچى. مۇرات - مەقسىدىمىزنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشىنى تەبرىكلەيلى!
ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمارە يەمەننى پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق
سالماقتا ئىدى. ئۇ مەشھۇر شائىر ئىدى. ئەبۇ ھەسەننىڭ سۆزى
تۈگەش بىلەنلا، ئۇ قازى ئۇۋەيرىس بىلەن دائىي دۇئاتقا —
ئىككى نەپەر ئەركانى دۆلەتكە قاراپ مۇنداق دېدى:
— بىزنىڭ ھۆرمەتلىك مەۋلانىمىز ئەبۇ ھەسەن بىزگە خە-
لىپە بولۇشقا مۇناسىپ، چۈنكى بۇ زات ئېسىل نەسەبلىك، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە مەرھۇم خەلىپىمىز خەلىپىلىكنى بۇ كىشىگە ئۆز
ئاغزى بىلەن ۋەدە قىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئىشنى جەلىس
شەرىپتىن ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار كېرەك. ھەممىمىز بۇ زاتقا سا-
داقەتلىك بىلەن ئەگىشىپ، ئۇنى دۆلەت تۈۋرۈكى قىلىپ تىك-
لىشىمىز لازىم. ھەي! مەرھۇم خەلىپىمىز قول ئاستىدىكى بىر
توپ ئادەملەرنىڭ غەيۋەتلىرىگە ئىشىنىپ شام سۇلتانى نۇرىد-
دىندىن ياردەم تەلەپ قىلغاچقا، يات خەق دۆلىتىمىزنىڭ ئىشى-
غا قول سالدى، دۆلىتىمىز مۇشۇنداق چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلەشتى.
دۆلەت ھوقۇقىنىڭ سالاھىدىننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى
سەۋەپ مانا مۇشۇ. مەقسىدىمىز ئىشقا ئېشىپ قالسا، كەلگۈسىدە
يەنە مۇنداق كونا كاتاڭغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لا-



www.uyghurkitap.com

زىم. فاتىمىيە سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا سەممىي-ساداقەتلىك، پىداكارلىق بىلەن كۈچ چىقارغان ئەرەپلەردىن باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئەمەل-مەنسەپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك. بىز ئەرەپ، قۇرئان ئەرەپچە، بىز باشقىلارغا ئوخشاش ئىش قىلماي، ئەرەپ بولمىغانلارنى ئۆز ئىشىمىزغا ئارىلاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك.

— بارىكاللا، قېرىندىشىم يەمەنى، — دېدى يازغۇچى ئابدۇسەمەت، — ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئاجىزلىق قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتتى. بىز بۇ قەيسەر ۋە دانا خەلىپىگە (قولى بىلەن ئەبۇ ھەسەننى كۆرسەتتى) ئىگە بولدۇق. بۇ ۋەزىرىمىز (قولى بىلەن قازى ئۇۋەيرىسنى كۆرسەتتى) مىسلىسىز توغرا پەتىۋالارنى چىقىرىدۇ...

ۋەزىرلىك ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ئەبۇ ھەسەن كۆزلىرىنى مىت قىلماي، لام-جىم دېمەي ئولتۇردى.

— ۋەزىرلىك مەنسىۋى ئۈستىدە تېخى بىر پىكىرگە كەلمىدۇق، — دېدى بىرەيلەن يازغۇچى ئابدۇسەمەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن قازى جانابلىرىنى ھۆرمەت قىلسامۇ، لېكىن بۇ كىشىنىڭ ۋەزىر بولۇش سالاھىيىتى يوق دەپ قارايمەن. ۋەزىرلىكنى ۋەزىر نەسەبىدىن بولغان ئەل رەزىك ئەۋلادى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. چۈنكى بۇرۇنقى ۋەزىرلەرنىڭ تولىسى ئاشۇلاردىن ئىدى.

بۇ چاغدا، يەنە بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا ئەبۇ ھەسەننىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئېگىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئۇ:

— تەقسىرلەر، بىز مەنسەپ ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلمايلى، — دېدى.

— سىز شاۋەرنى يەنە ۋەزىر بولسۇن دەۋاتامسىز؟ — دېدى ۋەزىر ئەل رەزىلك ئەۋلادىدىن بىرەيلەن غەرەپ بىلەن، ئۇ بىر شۇم ئادەم! خاتا تەدبىر قوللىنىپ، بۇ شەھەرنى ئېغىر بېشىمچىلىق بىلەن كۆيدۈرۈپ خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتمىدىمۇ؟ ۋەزىرلىكنى ئەل رەزىلك جەمەتى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ۋەزىرلىككە ئاۋال بىزدىن نامزات بولۇشى لازىم.

— جاناپلار، ئاچچىغىڭلارغا هاي بېرىڭلار! — ئەبۇ ھەسەن تالاش - تارتىشنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن خۇش چىراي ۋە مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدى، — ھازىر ھوقۇق - مەنسەپ تالىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ھىلىقى دۈشمەننى دۆلىتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش. ئۇنى قاچان قوغلاپ چىقارساق، ئەمەل - مەنسەپ مەسىلىسىنى شۇ چاغدا مۇزاكىرە قىلساقمۇ بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ۋەزىر جەمەتى ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە تەلەپپۇزىدا، — ئەبۇ ھەسەن بىزگە ئوخشاش ئەمەل - مەنسەپ تالاشمايدۇ. چۈنكى بۇ كىشى شاھ جەمەتى بولغاچقا، خەلىپىلىك تەختىگە ئېرىشتى. راست شۇنداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇغى توغرىسىدا ھېچكىم بۇ كىشى بىلەن دە - تالاش قىلمايدۇ. چۈنكى جەلىس شەرىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن. لېكىن ئاڭلىشىمىزچە، جەلىس شەرىپ بۇ گەپنى مەرھۇم خەلىپىمىزدىن ئاڭلاپتىكەن.

* * *

باھا ئىددىن مەجلىسخانىدىكىلەرنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلىدى ۋە ھەممە ھەركىتىنى كۆردى، تاقىتى تاق بولۇپ، جەۋھەرگە چىراقنى ئېلىپ كېلىشكە كۆز ئىشارىتى قىلدى.

جەۋھەر چالىنىڭ ئۆگزىسىگە بىرىپ چىراقنى ئېلىپ كەلدى. باھائىددىن چىراقنى ئېلىپ، ئىگىزرەك جايغا چىقىپ ئەڭ ئىگىز يەردە تۇرۇپ، بۇرۇن كېلىشىۋالغان بەلگە بويىچە، چىراقنى ھاۋادا بىرنەچچە ئايلاندۇردى - دە، ئاندىن چىراقنى دالدا يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، يەنە ھېلىقى پەنجىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. مەجلىس ئىچىۋاتقانلار ھېلىغىچە تالاش - تارتىش قىلىشماقتا، تاكاللاشماقتا ئىدى. باھائىددىننىڭ نەۋكەرلىرى ئۇشتۇمتۇت ئىشىكتىن بېسىپ كىردى. مەجلىسخانا شۇئان پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، مەجلىس ئىچىۋاتقانلار ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى، ئۇلاردا زوۋانىدىن باشقا قوغدىنىش قورالى بولمىغاچقا، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قولغا چۈشتى.

باھائىددىن پەنجىرىدىن ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە ئەبۇھەسەننىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، ئۇنى نەۋكەر سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ تورغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاھىرگە قايتماقچى بولدى - دە، جەۋھەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۆگزىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. جەۋھەر چىراقنى ئېلىپ ئالدىدا يول باشلىدى، باھائىددىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار چالىنىڭ ئۆگزىسىدىكى تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈپ، پەلەمپەيگە قەدەم قويۇشىغا، ئۆيدە ئالدىراش ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى. باھائىددىن ئەجەبلىنىپ، گۇڭغا چىراق يورۇقىدىن پايدىلىنىپ سىنچىلاپ قارىدى، بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا رىدا يېپىنغان بىر «ئەرۋاھ» نىڭ لەپپىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ كۆلەڭگۈنىڭ كىملىكىنى تونۇيالمىدى. جەۋھەر:

— ئۇ ئەبۇھەسەن. يۈرسىلە! — دىدى - دە، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال چىراقنى ئۆچۈرۈپ ۋە پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، ئەبۇھەسەننى تۇتۇشقا

ماڭدى. ئۇ ئەبۇھەسەننى ھەر كۈنى ئاخشىمى مۇشۇ چاغدا بۇ پەردە قونۇپ، ئەتىگىنى غىپپىدە چىقىپ كېتىشكە ئۆي ئىگىسى بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى.

ئىككىيلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، توختاپ قۇلاق سالدى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. باھائىددىن ھىلىقى «ئەرۋاھ» نى ئانچە يىراققا كېتەلمىدى دەپ قىياس قىلدى - دە، جەۋھەرگە چىراقنى ياندۇرۇپ قاراپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بايا كۆرۈنگەن كىشىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. چىراق يېقىشقا چېقىلىغان چاقماق ۋاللىدا قىلىش بىلەن تەڭلا دەرۋازا غىچچىدە قىلدى. ئۇلار ئاۋازنى ئاڭلاپلا دەرۋازىغا يۈگۈردى. دەرۋازا داغدام ئوچۇق، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇلار چىراقنى ياندۇرۇپ، ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، لېكىن ئەبۇھەسەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

— سەن ھىلىقى «ئەرۋاھ»نىڭ ئەبۇھەسەن ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى باھائىددىن جەۋھەردىن.

— ئۇنى ئەبۇ ھەسەنمىكىن دەيمەن، غوجام. بەلكى باشقا ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن، يۈرسىلە! ئەتراپنى يەنە ئاختۇرۇپ باقايلى، تېپىلمىسا، قولغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن؛ قولغا ئېلىنمىغان بولسا، بۇ ئەبلەخ يەنە قېچىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىككىيلەن ئۆيدىن چىقىپ ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقتى؛ قولغا ئېلىنغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپمۇ چىقتى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى. ئەمدى ئۇلار قاھىرىگە قايتىشقا توغرا كەلدى. باھائىددىن ئەبۇھەسەننى يەنە قاچۇرۇپ قويغانلىقىدىن تىت - تىت بولۇپ، قايغىنى ئىچىلمىدى.

قولغا ئېلىنغان سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن چاپراس تۆۋرۈكلەرگە مىخلاپ

ئۆلتۈرۈلدى. ئەمارە يەمەنى ھىجرىيىنىڭ 569 - يىلى رامزان ئېيىدا ھەممەدىن بۇرۇن دوزاققا ماڭدى. توپىلاڭچىلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سالاھىددىن ئۈستىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلىشىپ قالدى، لېكىن ئەبۇھەسەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىگى ۋە ئۇنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە - مىكرىسى زادىلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى.

سۇيىقەستچىلەر قولغا ئېلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مەلىكە سەيىيدە ياقۇتەنى نىمە ئىش بولغانلىغىنى تىڭ - تىڭلاپ بېقىشقا چىقارتتى. ياقۇتە قايتىپ كىرىپ، سىرتتا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سەيىيدەگە مەلۇم قىلدى. سەيىيدە ئاڭلاپ ئىنتايىن خوشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇھەسەننى يەنە قاچۇرۇپ قويغانلىغىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. چۈنكى ئەبۇھەسەن ئۇنىڭغا كېلىدىغان بەختسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى ئىدى؛ ئۇ ئەبۇھەسەننىڭ ئۆكتەم، شەخسىيەتچى، ئاچكۆز ئادەم ئىكەنلىگىنى، ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىغىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ياقۇتەگە:

— سالاھىددىن ئاخىر مۇرادىغا يېتىپتۇ، — دىدى.

— ھىلىقى خائىننىڭ قېچىپ كەتكىنىگە ئىچىم بەكمۇ تىت - تىت بولۇۋاتىدۇ، بىراق نىمە ئامال بار؟ — دىدى ياقۇتە، — يامانلىق قىلسا ئۆزىگە يانىدۇ، ئاللا ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ. بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قويايلى، ئۇ بىزنى نىمە قىلالايتتى؟ بىزنىڭ سالاھىددىندەك ھىماتىمىز بار. ئەمدى مەن ساڭا بىر ئىشنى ئېيتماقچى.

— نىمە ئىش؟ — سەيىيدە چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئىمادىددىندىن قاتتىق ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، بىر كىشى بىرەر ئىش ئۈستىدە ئېغىز ئاچقان ھامان، ئۇ تەبىئى ھالدا چۆچۈپ كېتەتتى.

— مەن ئىمادىددىن ئۈچۈن سېنى ئەيىپلەيمەن، — دىدى

www.uyghurkitap.com

ياقۇتە رەنجىگەن ھالدا، — ئىمادىددىننىڭ قېشىدىن بىر ئادەم خەت ئېلىپ كەلگەن، خەت ئەكەلگەن كىشى يولغا چىقىش ئالدىدا ئىمادىددىن بىلەن كۆرۈشكەن ھەم سۆزلەشكەن. بىزمۇ ئىمادىددىننىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىدىن ئۇنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىڭ بار. بىراق نېمىشقا ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىمادىددىننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى ئۇقۇپ باقمايسەن ياكى بۇ ئادەمدىن ئىمادىددىنغا خەت ئەۋەتمەيسەن؟

— ھەي، مەن سېنى ناھايىتى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتىم، ياقۇتە، — دېدى سەييىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — مەندە بۇنداق ئوي بولمىدى دەمسەن؟ ئىمادىددىن ئەۋەتكەن ئادەمنى كۆرسەم ناھايىتى خوشال بولاتتىم، ئۇنى چاقىرتماقچى ئىدىم، ئۇ نەدە؟

— ئۇ ئادەمنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى باھائىددىن ماڭا بايىلا ئېيتتى، ئىمادىددىن ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى تاپىلاپتىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، سەييىدەنىڭ ئىككى مەڭزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ خوشاللىقىنى باسالماي: —

— ئىمادىددىن ئۇنىڭغا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تاپىلاپتىمۇ؟! خۇداغا شۈكرى، ئۇ مېنى ئەسلەپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، ئۇ ھېلىمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى. بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، كۆڭلىدىكىنى شۇ قەدەر ئاشكارىلاشنىڭ ئەدەپسىز ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ، «شارت»تىدا ئارقىسىغا بىرقانچە قەدەم چېكىندى - دە، ئىزا تارتقىنىدىن تامغا ئالدىنى قىلىۋېلىپ، تامغا تارتىلغان چىرايلىق كەشتىلىك تام پەردىسىگە قارىۋالدى.

— ئاھ، قانداق مۇھەببەتتۇ بۇ! — دېدى ياقۇتە مۇلايىم ئاھاڭدا شىۋىرلاپ، — ئاللا نېمىشقىمۇ سەييىدەنى خەلىپىنىڭ

قىزى، شاھنىڭ پۇشتى قىلىپ قويغان بولغىيدى؟! ئۇ يىگىتنىڭ ئېتى چىقىسىلا، ئۆزىنى شۇ قەدەر يوقىتىپ قويىدۇ...

— ئىمادىددىن ھەققىدە باشقىچە گەپ قىلمىغىن! — دېدى سەيىدە دەرھال ياقۇتەنىڭ گېپىنى پۇتلاپ، — مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۇ خەلىپە، پادىشادىنمۇ ئارتۇق. مەن ئىشىنىمەنكى، مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھىلىقى خەت ئېلىپ كەلگەن ئادەم نەدە؟ ئۇنى باشلاپ كىرگىن!

ياقۇتە چىقىپلا بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى. يىگىت بەيتۇلمۇقەددەسلىكلەرنىڭ سەپەر كىيىمى بىلەن ئىدى: بېشىغا نىقاپقا ئوخشايدىغان ياغلىق سېلىۋالغان، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلىغان، كەمەرگە ئۆتكۈر خەنجەر ئېسىۋالغان، كالتە ئىشتان كىيگەن، پاقالچاقلىرىغا ئەپچىل گوجەي باغلىغان.

يىگىت بوسۇغىدىن كىرىپلا تەمكىن ھەم ئەدەپلىك ھالدا تىك تۇردى. سەيىدە چۆمپەردىسىنى ئېچىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يىگىت، ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسمىم جىرجىس، — دېدى يىگىت.

— ئۇنداق بولسا، خىرىستىيان ئىكەنسەن - دە.

— شۇنداق.

— نەدىن كەلدىڭ؟

— بەيتۇلمۇقەددەستىن سالاھىددىن سۇلتانغا خەت ئېلىپ كەلگەن، خەتنى تۈنۈگۈن تاپشۇردۇم. خەت ئەۋەتكەن كىشى يەنە سەيىدە مەلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى مەخپىي بىجىرگەچ كېلىشىمنى تاپىلىغان ئىدى.

— نېمە ئىش؟ سەيىدە مانا ئالدىڭدا تۇرىدۇ.

— سەيىدە مەلىكە قايسىلىرى بولىلا؟ — دېدى يىگىت ئالدىراق كېلىپ سالام قىلىپ.

— بۇ كىشى سەيىدە مەلىكە بولىدۇ، — دېدى ياقۇتە

سەيىيدەنى كۆرسىتىپ، — گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن، لېكىن راست گەپ قىلغىن.

— راست گەپ قىلمىسام، بۇ يەردە تۇرمىغان بولاتتىم. يەنە كېلىپ خەت ئەۋەتكۈچى كىشى ماڭا تاپشۇرغان بۇ ئىشنى مەندىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— بارىكاللا يىگىت! گېپىڭ جايىدا! — دېدى ياقۇتە ۋە ئىمادىددىننى ئوچۇقلا سۈرۈشتۈرۈۋېرىش نىيىتىگە كېلىپ، — سەن ئىمادىددىندىن قانداق ئايرىلغان؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر ئۇنىڭ ئىسمى ئىمادىددىن ئەمەس، ئابدۇجاپپار، — دېدى يىگىت.

— ھە، چۈشەندىم، سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشقان؟ ئۇ سېنى بىز بىلەن كۆرۈش دېگەنمۇ؟ —

— بىز ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا تونۇشتۇق. ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان بىر تۈر، ئوچۇق، ياخشى يىگىت ئىكەن. مەن ناھايىتى تېز لا ئۇنىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتىدىن تەسىرلەندىم ھەم ئۇنىڭ ئۆچۈن ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشكە بەل باغلىدىم.

يىگىت ئىمادىددىننى ماختاۋاتقاندا، سەييىدەنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، يۈزى ۋىلىلدە قىزىرىپ كېتەتتى، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتى تاق بولدى. ياقۇتە ساددىلىق بىلەن:

— قىزىق ئىش - تە، سەن خۇددى ئۇنىڭ ئاشىقىدەك گەپ قىلدىڭغۇ! ئېيتقىنا، ئۇ نېمىشقا تۈرمىگە كىرىپ قالدى، سەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىمادىددىن بۇيرۇقتا بىنائەن ھەلەپ تەرەپكە بىر ۋەزىپە بىلەن ماڭغان ئىكەن، بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلگەندە، پەرەڭلەر ئالداپ تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە تاشلاپتۇ. ئۇ چاغدا مەنمۇ مەھبۇس ئىدىم. بىز تۈرمىدە تونۇشتۇق، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن پادىشالارغا خاس ئەخلاقنى كۆردۈم. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز



www.uyghurkitap.com

چىقىشىپ قالدۇق. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلىشمىغان سۆز قالمىدى. بىراق، سەييىدە مەلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ماڭا پەقەت ئېيتمىغان ئىكەن، كېيىن تۈرمىدىن چىقتىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، دوستۇمنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىشنى نىيەت قىلىپ، شەھەر باشلىقى پەرەڭگە خوشامەت قىلىپ يۈردۈم. لېكىن ھازىرغىچە مەقسىدىمگە يېتەلمىدىم. مەن ئۇنى پات - پات يوقلاپ، تەسەللى بېرىپ تۇردۇم. خەلىپىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھەممىدە خەلىپە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ بۇ قەسىرگە يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى بىز تۈرمىدە ئاڭلىدۇق. مەن ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىن، سىرتتا ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ تۇردۇم. ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ئىچىدە سىز ئۇققان ھېلىقى سۇيىقەستمۇ بار، كېيىن شەھەر باشلىقى مېنى بۇ يەرگە كېلىدىغان ئەلچىلەر ئۆمىكىگە يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلىدى. يولغا چىقىش ئالدىدا دوستۇم بىلەن خوشلاشقىلى باردىم. ئۇ مېنىڭ تەسلىكتە كېلىدىغان بۇنداق پەيتتىن پايدىلىنىپ، مەندىن سالاھىددىن سۇلتانغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. يەنە ماڭا سەييىدە مەلىكە بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىشىمنى تاپىلىدى. قارالىڭ! مانا مەن كەلدىمغۇ؟

— ئۇ ئۆزىنىڭ سەييىدە بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بارلىغىنى ساڭا ئېيتقانمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇتە.

— ياق، ۋاقىت يار بەرمىگەچكە ئېيتمىغان. بىراق، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن پەم قىلىشىمچە، ئۇ سەييىدە مەلىكىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇ سىلەرنى ماڭا ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدۇ دەپ، بەلگە ئۈچۈن ماڭا بىر تال ياقۇت بەردى، — يىگىت سۆزلەۋېتىپ يانچۇقىدىن بىر تال ياقۇتنى چىقىرىپ ياقۇتەگە سۇندى. ياقۇتە كۆرۈپ بېقىپ، سەييىدەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

سەيپىدە ياقۇتنى كۆرۈپ:

— بۇ ياقۇت ھىلىقى كۈنى كېچىدە ئۇنىڭغا بەرگەن زۇننارىدىكى ياقۇت، — دېدى پىچىرلاپ، ئاندىن يىگىتكە قاراپ مۇنداق دېدى، — بىز بۇ ياقۇتتىن سىنىڭ ئۇنىڭ قېشىدىن كەلگەنلىكىڭگە ئىشەندۇق. ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ تۈرمىدىن قاچان چىقار؟ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلەرمۇ؟

— ئىنشائاللا، تۈرمىدىن بالدۇرراق چىقىپ قالار، ئۇ تېچ - ئامان تۇردى. تۈرمىدىن چىقسا، دەرھال بۇ يەرگە كەلمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ماڭا ۋەزىپىنى تېخى ئورۇنلىيالمىغانلىقىنى، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان ھامان مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان ئىدى.

سەيپىدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئۈمىتسىزلىنىپ، بىر ھازاغىچە جىم بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ:

— ئۇنىڭ تېچ - ئامانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى ۋە يىگىتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن: — مەن ساڭا بەلگە ئۈچۈن بىر نەرسە بەرسەم، ئۇنىڭغا ئالغاچ كېتەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئالغاچ كېتەمدىغان، سەيپىدەم. ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن.

سەيپىدە ياقۇتەگە ئىمادىدىنغا ئەۋەتىش ئۈچۈن بىر ئاز ئۈنچە - مەرۋايىت ئېلىپ چىقىشنى ھەم ئۆزىنىڭ ئىمادىددىننى ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بىر پارچە خەت يېزىشنى تاپىلىدى.

ياقۇتە سەيپىدەنىڭ تاپشۇرغانلىرىنى ئورۇنلاپ، بىر خالتا ئېلىپ، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن خەتنى ئۇنىڭ ئىچىگە سې

لىپ يىگىتكە بەردى. ئاندىن ئەللىك دىنار سېلىنغان ھەميانىنى ئۇنىڭغا دەڭلەپ:

— بۇ پۇلنى يول خىراجىتى قىلغىن، — دېدى.

يىگىت پۇلنى ئېلىپ، ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتىپ قايتتى. يىگىت كەتكەندىن كېيىن، سەييىدە ئىمادىددىن ھەققىدە ياقۇتە بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى. ياقۇتە ئۇنىڭغا ئىمادىددىننى سەۋىر-لىك بىلەن كۈتۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# سۇلتان نۇرىددىن

قاقۋاش ئەبۇ ھەسەن ھىلىقى كۈنى كەچتىكى تۇتقۇندىن قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ ھەرقانداق بىر تاسادىپى ئىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قوياتتى. مەجلىس جەريانىدا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، شېرىكلىرىنى تاشلاپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مەجلىسخانىدىن ھىلىقى يەھۇدىنىڭ ئۆيىگە ئۆتىشىدىغان بىر لەخمە تەييارلاپ قويغان ئىدى.

ئەبۇ ھەسەن بىرنەچچە كۈن ئۇ يەر - بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ئۇ بىللە سۈيىقەست پىلانلايدىغان شېرىكلىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، چاپراس تۈۋرۈككە مىخلانغانلىقىنى ئۇققاندا، ئۆزىنىڭ ئاسى - جاپىلىرىدىن ئايرىلىپ يېتىم ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئۈمىتسىزلەندى. لېكىن ئۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، يېڭىۋاشتىن تىرىلىپ، قايتا باش كۆتىرىپ چىقىشنى خام خىيال قىلاتتى. ئۇ خۇددى بىر ئادەم ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە گەرچە جاھاننىڭ چېتىدە بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك ئۈمىت بۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا يېقىن يەردىكىدەك ھىس قىلدۇرغانغا ئوخشايتتى. ئەبۇ ھەسەن يەنە سەييىدەدىن ئۆچ ئېلىش كويىدا باش قاتۇراتتى. چۈنكى ئۇ سەييىدەنىڭ ئۇنىڭ چاكىرى جەۋھەردىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ گۇرۇھىنى پاش قىلغانلىقىنى ئۇققان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا بولغان ئۆچلۈكى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. ئۇ جىق باش قاتۇرۇپ، سالاھىددىنغا قارشى تۇ-

رۇش ئۈچۈن شام سۇلتانى نۇرىددىندىن ياردەم تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ سالاھىددىننىڭ مىسىردا مۇستەقىل بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ۋە نۇرىددىنغا قارشى قىلغان سۆزلىرىنى نۇرىددىنغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى سالاھىددىنغا قارشى تۇرۇشقا ھەمدە زورلۇق كۈچى بىلەن ئۇنى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىشقا قۇتراتقۇچى بولدى. ئۇ بۇ پىلانىم ئىشقا ئاشسا، سەييىدە مىنىڭ ئاغزىمغا قارايدۇ دەپ ئاخمىقانە ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ بۇلارنى ناھايىتى ئاسان چاغلايتتى.

ئەبۇ ھەسەن بىر پىكىرگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ مىسىردىن دەمەشققە قاچتى. ئۇ ئۇزۇن يول بېسىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە كەلدى. ئۇ مىسىرلىق سودىگەرلەرچە سالاپەت بىلەن دەمەشق قەلئەسى يېنىدىكى بىر سارايغا چۈشتى.

دەمەشق ئۇلۇغ نۇرىددىن سۇلتاننىڭ ئىجتىھاتى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئىدى؛ سۇلتان نۇرىددىن شامنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پەرەڭلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان قايتۇرما ھۇجۇملاردا تۇشمۇ - تۇشتىن غەلىبە قىلغاچقا، دەمەشق ئاھالىسى شات - خۇراملىققا چۆمگەن ئىدى. جاھاندا كۈتۈلمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەبۇ ھەسەن سارايغا چۈشكەندە، نۇرىددىن سۇلتاننىڭ بىرقانچە كۈندىن بېرى بوغما كېسەل بىلەن بىتاپ بولۇپ قالغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدى.

ئەبۇ ھەسەن نۇرىددىن سۇلتاننىڭ خاس تېۋىپىنى ئۇقۇشۇپ كۆردى. ئۇنىڭ ئېتى رەھبى بولۇپ، داڭلىق تېۋىپ ئىدى. ئەبۇ ھەسەن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ باردى، تېۋىپ ئۆيىدە ئىدى، ئەبۇ ھەسەننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. چۈنكى تېۋىپ ئەبۇ ھەسەننى مىسىردا كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ خەلىپە ئازىد ھۇزۇرىدىكى مەرتىۋىسىنى بىلەتتى. ئەبۇ ھەسەن ئۇنىڭدىن سۇلتاننىڭ كېسىلىنى

سۈرۈشتۈردى.

— سۇلتان بوغما بولۇپ قالدى، ئۇ قان ئېلىشقا ئۇنىمى غاچقا، كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، — دېدى تەۋىپ.

— مەن سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەكچى، رۇخسەت قىلامسىز؟ بەلكى ئۇنى قان ئېلىشقا ئۇنىتىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس. يەنە ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىممۇ بار ئىدى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ، — دېدى ئەبۇ ھەسەن سۇلتاننىڭ ئاغرىپ قالغىنىغا ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە.

سۇلتان نۇرىددىننىڭ ھەققەتەن مىسىر مەسىلىسىدە خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى ئاللىبۇرۇن سەزگەن تەۋىپ ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشىنىڭ پايدىسى تېگەر دەپ قاراپ، سۇلتان ئۇنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن ئۇ يەردىكى يېڭى ئەھۋاللارنى ئۇقسىمۇ ئەجەپ ئەمەس دەپ پەرەز قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۇلتاننى زىيارەت قىلىشىغا ماقۇل بولدى. بىراق كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئەتە ئەتىگەنگە سۈردى.

تەۋىپ رەھبىي ئەبۇ ھەسەننىڭ ھوجرىسىغا ئەتىگەندىلا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ھازىر سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئېيتسام، قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدى، — دېدى.

ئەبۇ ھەسەن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، تەۋىپ بىلەن بىللە قەلئەگە قاراپ ماڭدى. سۇلتان قەلئەدە تۇراتتى. ئۇ دەسلەپ كېسەل بولغاندا مۇشۇ يەردە تۇرغىنىچە تۇرۇپ قالغان ئىدى. تەۋىپ سۇلتان ھوجرىسىغا كىرىپ ئىلتىماس قىلدى، سۇلتان رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەن كىرىپ سۇلتانغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى. ئۇ سۇلتان بىلەن ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشاتتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ چاغدا ئەبۇ ھەسەندە بۇ سۇلتاننىڭ بەستلىك، كۆچتۈنگۈر، روھلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئېگىز بويلۇق، ئېڭىكىدە بىر تۇتام ساقىلى بار، كەڭ پېشانىسىدىن مەرت - مەردانىلىك چىقىپ تۇرغان، قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزلىرى يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان قىياپىتى قالغان ئىدى؛ مانا ھازىر باشقىچە بىر كىشىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىتاپلىقتىن سۇلتاننىڭ كۆزلىرى نۇرسىز، چىرايى سولغۇن ئىدى. سۇلتان ئەبۇ ھەسەننى كۆرۈپ، ئادىتى بويىچە كۈلۈمسىرەپ سالام ئىزھار قىلدى. ئەبۇ ھەسەن سۇلتاننىڭ قولىنى سۆيۈش ئۈچۈن پۈكۈلۈپ ئېڭىشىدى، سۇلتان قولى بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. بۇ يەر قوبۇلخانا بولمىغاچقا، ھېچقانداق جاھاز يوق ئىدى، نۇرىدىن سۇلتان دەسلەپ مۇشۇ يەردە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا، ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە تۇرغان ئىدى.

ئەبۇ ھەسەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئاندىن:

— جاناپ ئالىيلىرى، بۈگۈن سالامەتلىكلىرى قانداقراق؟ خۇدا شىپالىق بەرسۇن! ھۇزۇرلىرىغا كەلگىنىم ئۆزلىرىگە مالاللىق يەتكۈزمىگەي ئىنشائاللا، — دېدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ئەھۋالىم خېلى ياخشى، — دېدى سۇلتان. كېكىردىكى ئاغرىق بولغاچقا، ئاۋازى بوش ۋە خىرقىراپ چىقاتتى، — سىزنىڭ كەلگىنىڭىزدىن خۇشالمەن؛ مىسىردىن كەپسىز، بىزنىڭ ۋەزىرىمىز، ھىلىقى غالىپ سەركەردىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئەبۇ ھەسەن سۇلتاننىڭ سالاھىددىننىڭ ئەھۋالىنى سورىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇپ، سۇلتانغا:

— ئادالەتلىك سۇلتانىمىز ئالىيلىرىنىڭ دۆلىتىدە، سالاھىددىننىڭ ھەممە ئىشى جايىدا، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— مىسىردىن نېمىشقا كەلدىڭىز؟

— مىسىرلىقلار دىدارلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا، شۇڭا كەلدىم. ئۆزلىرىنى ئاللا ئەزىز قىلسۇن. ناۋادا جاناپ ئالىيلىرى مىسىرغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مەملىكەتلىرىنى زىيارەت قىلغان بولسىلىرى، بىز ئۈچۈن تولىمۇ شەرەپلىك بولاتتى.

مىسىرنىڭ سابىق سۇلالىسى شاھزادىسىنىڭ بۇ گېپى نۇرىددىنغا يېقىپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— بىراق، ئۇ يەردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ مېنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىمغا ئىتائەت قىلمايۋاتقانلىقى ھەققىدە بىزگە مەلۇمات كەلدى. راست شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇرىددىن.

— شۇنداق، سۇلتانىم. بەزىلەر ئىسيان كۆتەردى، ئەمما ئۇلار ھەرگىز ئۆزلىرىگە — سۇلتانىمىز نۇرىددىن ئالىيلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

— ئەمىسە ئۇلار كىمگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ؟ — سۇلتاننىڭ كۆزلىرى تەئەججۇپ بىلەن چاقنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ئىدى. ئۇ ئەبۇ ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىرەر سىرنى بىلمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ساقىلىنى سىلىغان پېتى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— مىسىرلىقلار تولىمۇ ئىتائەتمەن خەق، لېكىن... — ئەبۇ ھەسەن گەپنى ئۇچۇق ئېيتىشقا ئوڭايسىزلانغاندەك، تۈكۈرۈگىنى يۇتۇۋېتىپ، گېلىنى قىرىپ قويدى.

— «لېكىن» دىن كېيىن نېمە بولدى؟ — سورىدى نۇرىددىن سۈرۈشتۈرۈپ.

— كۆڭۈللىرىنى غەش قىلىدىغان ئىشنى دەپ ئۆزلىرىنى

مالال قىلىشنى خالىمايمەن، سۇلتانىم.

— دەۋىرىلىك! ئۇلار كىمگە قارشى ئىسيان كۆتىرىشنى قەستلەۋاتىدۇ؟ — نۇرىددىن غەزەپ بىلەن قادىلىپ سورىدى.

— ئۇلار سالاھىددىننىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ.

— سالاھىددىننىغا ئىتائەت قىلىش ماڭا ئىتائەت قىلىش ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، لېكىن ئىش ئۇنداق ئاددى ئەمەس. ئەگەر ئۇ بىزدىن ئۆزلىرىگە — سۇلتانىمىز نۇرىددىن ئالىلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ تۇغۇلمايتتى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ كىمگە ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۇ يەردىكى ھەقىقى ئەھۋالدىن ئۆزلىرىنىڭ ئانچە خەۋەرلىرى يوق ئوخشايدۇ، ئىجارەت قىلسىلا، ئوچۇق ئېيتىۋېرەي.

— ئېيتىۋېرىڭ!

ئەبۇ ھەسەن سۇلتاننىڭ ئاچچىغى كەلسە، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يېتەمدۇ دىگەندەك قىلىپ تىمۇچقا قارىدى. تىۋىپ سۇلتاننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سۇلتانىم، ئاچچىقلىرى كەلگەندەك تۇرىدىلا، ئۆزلىرى كېسەل، كېيىن سۆزلەشسىلە بولارمىكىن! — دىدى.

— ياق، بولمايدۇ، مەن ناھايىتى ياخشى! قانداق گەپ بولسا دەۋەرسۇن.

ئەبۇ ھەسەن سەل قوزغىلىپ ئۆزىنى روسلىۋېلىپ، مۇنداق دىدى:

— ۋەزىرلىرى سالاھىددىن سىلىنىڭ ناملىرىدا مىسرنى

باشقۇرماستىن، بەلكى كىشىلەردىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇ ئۆزىنى دۆلەتنىڭ خوجىسى، نۇرىددىن سۇلتاننىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەققى يوق دەپ داۋراڭ سالدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭدىن نارازى بولدۇق. چۈنكى بىز جانابى ئالىيلىرىنىڭ ئالى نوپۇزىغىلا ئىتائەت قىلىمىز. بايىقى گەپلەرنى سالاھىددىن بىر قېتىمقى ئاشكارا يىغىندا جاكالىدى، ھەتتا ئۇنىڭ دادىسى نەجمىددىن ئۇنى ئەيىپلىدى، مەجلىستىكىلەرگە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ئېيتتى! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ جىم بولدى.

نۇرىددىن بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق ئۆتكەن، نى - نى ئىشلارنى كۆرگەن پاراسەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلدى. بۇ ۋەزىر ئەبۇ ھەسەن ئۆزىنىڭ سالاھىددىنغا قارشى تۇرغۇچىلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ غەيۋەتلىرىگە ئانچە ئەجەپلىنىپ كەتمىدى. ئۇ، ئەبۇ ھەسەن راستىنلا ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان كىشى بولسا، سالاھىددىننىڭ ئىشلىرىنى ماڭا بۇرۇنلا مەلۇم قىلغان بولاتتى، دەپ ئويلاپ، ئۇ يەنىلا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، سىزچە قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى نۇرىددىن ئەبۇ ھەسەننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرمەكچى بولۇپ.

— جاناپ ئالىيلىرىنى ۋەزىرلىرى سالاھىددىننىڭ قارا نىيىتىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىققا ئاگاھلاندۇرىمەن. ئۇ خەلىپە ئازىد ھايات ۋاقتىدا، مىسىرنى مۇستەقىل قىلىش ھەققىدە ھەدەپ داۋراڭ سالغان. شۇڭا مەن جاناپ ئالىيلىرىنىڭ ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى تۈساشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

بۇ ئىشتا سۇلتانىمىز ئالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن.

نۇرىددىن سۇلتاننىڭ قاپ - قارا كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى. قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئوت ئۇچقۇنى چاچراپ چىققاندەك چاقناپ كەتتى - دە، زەردە بىلەن مۇنداق دېدى:

— سىزدە سەمىمىلىك بولغان بولسا، ئەھۋالنى ماڭا بالدۇر مەلۇم قىلغان بولاتتىڭىز، ھالبۇكى، مانا ئەمدىلا دەۋاتىسىز. سىز ۋە شېرىكلىرىڭىز سۈيىقەست ئۈچۈنلا بۇنى باھانە قىلىپ كۆتىرىپ چىققانلىقىڭلار مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. دېمەك سىلەرنىڭ ھەقىقى قارشى تۇرۇۋاتقىنىڭلار مەن نۇرىددىن. چۈنكى سىلەر شىئەلەر ھاكىمىيىتىنى تىرىلدۈرۈشنى خام خىيال قىلىپ، سۈننىلەرگە قارشى تۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر!

سۇلتان كارۋاتتا ئوڭدا يېتىپ سۆزلىگەچكە، ئاچچىقىدا غال - غال تىترىدىيتتى؛ ئۇ ئۆرە بولۇپ ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، تىۋىپ دەرھال كېلىپ يۆلىدى.

— جاناپ سۇلتان ئالىلىرى، سىلى مېنىڭ مەقسىدىمنى تازا چۈشەنمىگەن ئوخشايدىلا، لېكىن مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى ئەبۇھەسەن ئۆزىنى ئاقلاپ. — بىز ھەقىقەتەن ئۆزلىرى نۇرىددىن سۇلتان ئالىلىرىغا ئىتائەت قىلىمىز...

— سىلەر راست سادىق بولساڭلار، مېنىڭ ۋەزىرىم، تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىم سالاھىددىنغا ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى. لېكىن سىلەر ئاغزىڭلاردا ھەدەپ قويۇپ، كەينىدە خىلاپلىق قىلىپ، سالاھىددىننىڭ سىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىنى يەرگە ئۇردۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ ئىلتىماسىڭلار ئۈچۈنلا ئەسەدىددىن بىلەن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى سالاھىددىننى مىسىرغا

سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتتىم. كېيىن سالاھىددىن يەنە ئىسيانىنى بېسىقتۇردى؛ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلدى؛ ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقنى بىكار قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ھەشقالла - رەھمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك ئىدى! — دېدى، ئاندىن ئۆتمۈشنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: — ئۇ چاغدا، سىلەر خەلىپە جەمەتىدىكى بىر قىزنىڭ چېچىنى ئەۋەتىپ، بىزدىن جىددى ياردەم سورىدىڭلار. ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: بىزگە بۇ چاچ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، مەجلىس چاقىرىپ، خەلىپە ئازىدىنىڭ ئىلتىماسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. شۇ چاغدا نەۋكەرلەردىن بىر يىگىت — سالاھىددىننىڭ خاس نەۋكىرى — ھېلىقى چاچنى كۆرۈپ، ئالدىمغا كېلىپ، بۇ چاچنى مەن ساقلىسام دېدى. مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، چاچنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ قولىدىكى چاچقا قاراپ: «بۇ چاچنىڭ ئىگىسىنى سەل چاغلىماسلىقىمىز كېرەك، ئۇ يا خەلىپىنىڭ قىزى، يا ھەمشىرىسى بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ چاچنى ئامال قىلىپ ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن» دېدى. كېيىن مەن ئۇلارنى سىلەرگە ياردەمگە ئەۋەتتىم. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە سىز سالاھىددىن بىلەن مېنىڭ ئۇتتۇرامغا تەپرىقىچىلىك سېلىۋاتىسىز، — سۇلتان نۇرىددىن سۆزلەپ چارچاپ قالدى. ئەبۇ ھەسەندىن نەپرەتلەنگەن ھالدا يۈزىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىۋالدى ۋە چارچىغىنىدىن ھۆمىدەپ كەتتى.

ئەبۇ ھەسەن تۇمشۇقىغا يەپ ئىنتايىن رەسۋا بولدى، پۈتۈن بەدىنىگە قان ئۇيۇپ قالاي دېگەندەك سېزىلدى. بولۇپمۇ ھېلىقى بىر تۇتام ساغۇچ چاچنىڭ ھېكايىسى خۇددى چاقماقتەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلدى. چۈنكى ئۇ بۇ چاچنىڭ سەيپىدەنىڭ چېچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇ تاپتا تىنىۋېلىپ ئۇنى دەرھال چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى سۇلتاننىڭ ئاچچىقى كەلگەن



www.uyghurkitap.com

لىكتىن كېسەلى قوزغىلىپ قالغان ئىدى. سۇلتاننىڭ قولغا ئېلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان ئەبۇ ھەسەن دەرھال چىقىپ كەتتى. ئۆزىنى يوشۇرۇپ، كېيىنچە نىمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كۈزىتىپ پۇرسەت كۈتمەكچى بولدى.

ئەتىسى سەھەردە ئوردىدىن: نۇرىددىن سۇلتان ھىجرىيىنىڭ 569 - يىلى ئوشۇر ئېيىنىڭ 11 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى دىگەن مۇسىبەت خەۋىرى چىقتى. كىشىلەر ئارىسىدا سۇلتاننىڭ سالامەتلىكى خېلى ياخشى بولۇپ قالغان ئىدى، خاپىلىقتىن كېسەلى ئېغىرلىشىپ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىپتۇ دىگەن گەپ - سۆزلەر بولۇندى. ئەبۇ ھەسەن مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، دەرھال قېچىش كېرەك، دىگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ - ئۈمىتلىرى يوققا چىقتى، ئالەم قاراڭغۇلاشتى.

ئەبۇ ھەسەن دەمەشقتىن لالما ئىتتەك قاچتى. ئۇنىڭ چاكىرى خوجايىنىنىڭ ئەلپازى بۇزۇق، چاچقۇنلۇغىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن غىڭ - پىڭ قىلماي جىم ماڭاتتى. ئۇلار باغ ئارىلاپ مېڭىپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كەلدى. بۇلاقنىڭ ئەتراپى سۇۋارى كەتكەن ئالما، بىھى، ئۆرۈك قاتارلىق ياپ - يېشىل مېۋىزارلىق بولۇپ، قاپ - قاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ چاغ دەل باھار پەسلى بولغاچقا، تۈرلۈك گۈل - چىچەكلەر خۇش پۇراق چېچىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. تەبىئەت تولىمۇ چىرايلىق، كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن مىڭىسى قېيىپ كەتكەن ئەبۇ ھەسەننىڭ كۆزىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ خېچىرى سۇ بويىدا تۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئېسىگە كەلدى. ئۇسساپ تەشنا بولۇپ كەتكەن خېچىر بويىنىنى سوزۇپ ئېرىقتىكى سۈپ -

سۈزۈك سۇدىن گۈپۈلدىتىپ ئۇچىشكە باشلىدى. ئەبۇ ھەسەن كۈننىڭ خېلى كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىردەم ھاردۇق ئالماقچى بولدى ـ دە، خېچىردىن چۈشۈپ، خېچىرنى چاكىرىغا قاراشقا بېرىپ، ئۆزى يالغۇز ئاستا مېڭىپ دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. باغۋەنلەر بۇنداق چاغدىمۇ بىرەر كىشىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە، ئەبۇ ھەسەنگە دىققەت قىلمىدى.

ئەبۇ ھەسەن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى بىر تۈپ ئۈرۈكنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى. ئېگىلىپ تۇرغان ئۈرۈك شاخلىرىدا ئاسماق ـ ئاسماق ئۈرۈكلەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. شامنىڭ شەرقىدىكى ئاھالىلەر بۇ يەرنىڭ ئۈرۈكى بىلەن پەخىرلىنەتتى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئۈرۈكى داڭلىق ئىدى. ھەر يىلى باھاردا ئۈرۈك راسا مەي باغلىغاندا سەيلىچىلەر بۇ يەرگە توپ ـ توپ كېلىشىپ، مەنزىرە تاماشاسى قىلغاچ ئۈرۈككە تويۇپ كېتىشەتتى.

ھالبۇكى، ئەبۇ ھەسەن بۇلارغا قىلچە قىزىقمايتتى. پارلاق تەبىئەت ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى. شۇ چاغدىكى شانۇ ـ شەۋكەتلىك كۈنلىرىگە ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، تېخىمۇ ھەسرەت چېكىپ ۋە روھى چۈشۈپ، چەكسىز قايغۇغا چۆمدى. ئۇ قۇشلارنىڭ سايرىشىپ، ئۇياق ـ بۇياققا پەرۋاز قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قانات قېقىشىپ ئوينىشىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى؛ ئۇنىڭ ئويىچە، ھەر قانداق قۇشتا مەغلۇبىيەتنىڭ ئازاۋى بولمايدۇ، ئۇ تەبىئەتتىن ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىنى تەلەپ قىلىشتىن ئارتۇقچە نەرسە تاما قىلمايدۇ، بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك، لېكىن ئادەم ئۇنداق ئەمەس، ئادەمدە ئارزۇ ـ تەلەپ بولىدۇ، پەقەت مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىلا، ئۆز ئارزۇ ـ تەلەپلىرىگە ئاندىن يېتەلەيدۇ. ئادەم

ئۆز نېسۋىسىدىن ئارتۇقچە نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق زور تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن يانمايدۇ.

ئەبۇ ھەسەن بىر پەس جىم بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوتلۇققا چۈشكەن بىر ھاشارەت ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈزەل تەبىئەتنى ئۇ ئەمدىلا كۆردى. لېكىن ئۇ چوڭقۇر پېتىپ قالغان قاراڭغۇ ئازگال بۇ گۈزەل تەبىئەت ئىچىدە تېخىمۇ روشەن نامايەن بولۇپ تۇراتتى. ئۆتكەنكى ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىپ، گويا تۈمەنلىگەن ئوق كۆكرىگىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى-دە، تېخىمۇ غېرىپلىق، يېتىملىك باستى. بۇنداق نەس كۈنگە قېلىشنى پۈتۈنلەي سەييىدەنىڭ ئۇنىڭ نىكالىنىش تەلىۋىنى رەت قىلغانلىقىدىن كۆردى-دە، ئۇنىڭغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيتتى.

«ھۇ لەنىتى ئالۋاستى! — دەپ تىللىدى چاكىرى يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، — ئەگەر باشتىلا ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولسام، تەخت مېنىڭ بولغان بولاتتى، — دىدى ئۇ ئەپسۇسلىنىپ، — سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈۋېتىش قولۇمدىن كېلەتتى، بىراق ئۇنداق قىلمىدىم، چۈنكى ئۆزەم تەختكە ئىگە بولالماي، باشقىلارنى تەييارغا ئىگە قىلىدىغان ئۇنداق پايدىسى يوق ئىشنى قىلمايمەن-دە! ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلىدىغىنى سەييىدەنىڭ نەسلى-نەسەبىمدىن گۇمانلىنىپ، مېنىڭ خەلىپە جەمەتىدىن ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىگەنلىكى بولدى. دىمىسىمۇ مەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەس. ۋاھالەنكى، نەسەپ دىگەن قۇرۇق شان-شەۋكەتتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس، ئوغۇل بالا دىگەن جىق ئىش قىلىش كېرەك. بىراق كىشىلەر نەسەپنى چوڭ بىلگەچكە، مەن بىر ئېسىلزادىنىڭ پۇشتى بولۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى بۇ سەييىدەنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە تەختكە چىقىشنىڭ ئەپلىك يولى ئىدى. ئىشىم پاساتقا ئايلانغاندا، سەييىدە ھاكاۋۇرلىشىپ ئۆزىگە

تەمەننا قويۇپ، غەرەزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقاردى.»

ئۇ تازا خىيال سۈرۈۋاتقاندا، قۇرۇق ئۆتەڭنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بىر تال ئۈرۈك شالدۇر - شۇلدۇر ئاۋاز چىقاردى - دە، ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. بۇ چاغدا، بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستلىرىنى ئەسلىدى: «ھە، تاپتىم، راشىدىدىن، ئەمدى ساڭا ھاجىتىم چۈشىدىغان ۋاقىت كەلدى، سەيپىدە دېگەن پەسىنىڭ ئەدۋىنى بېرىشىمگە ياردەم قىلىشىڭ كېرەك، ئۇمۇ ئازاپىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن» دېدى پىچىرلاپ. شۇنىڭ بىلەن خۇددى مەقسىتىگە يەتكەندەك غەم - قايغۇسى كۆتۈرۈلۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى قوسىقى ئاچقاندەك بولۇپ ئەتراپقا قارىدى، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. چاۋاك چېلىپ چاكىرىنى چاقىرىپ، يەيدىغان نەرسە تەييارلاشقا بۇيرۇدى، قوسىقىنى تويغۇزۇپ يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى.

* * *

ئەمدى يەنە ئىمادىدىن ھەققىدىكى ھېكايىمىزگە كېلەيلى. بىز ئالدىنقى باپتا ئۇققىنىمىزدەك، ئىمادىدىن سەپەر ئۈستىدە پەرەڭلەر تەرىپىدىن جاسۇس دەپ تۇتۇۋېلىنىپ، بەيتۇلمۇقەددەستە تۈرمىگە تاشلاندى. تۈرمىدىكى جەريانىدا يۇقۇرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەن جىرجىس بىلەن تونۇشۇپ قالدى. جىرجىس ھەرگىز ئۆزى ئېيتقاندەك خىرىستىيان بولماستىن، ئىسمائىلىيە پىرقىسىدىن بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئابدۇرەھىم ئىدى. ئۇ راشىدىدىن سىنان تاپشۇرغان ۋەزىپىنى يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە يوشۇرۇن كىرىپ، بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى — پەرەڭلەر تەۋەلىگىدىكى ئەمىرنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتكەن ئىدى. جىرجىس تۈرمىگە چۈشۈپ، شۇ پۇر-

سەتتىن پايدىلىنىپ بەزى مەھبۇسلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، قەستەن پەرەڭلەرنى ئازدۇرۇپ ئۆزىنى تۈرمىگە سولاتقان ئىدى.

ئابدۇرەھىم (جىرجىس) تۈرمىدە ئىمادىددىن بىلەن تونۇشتى، ئىمادىددىن ئۇنىڭغا يېقىن قالغاچقا، ئۇ ئىمادىددىننى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى؛ تۈرمىگە چۈشۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسىنى ھەمدە راشىددىن سىناننىڭ يولىيورۇقى بىلەن بەيتۇلمۇقەددەسكە ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى.

ئىمادىددىن دوستىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىسمائىلىيىلەرنىڭ بار يېرىنى ئۇقۇشماقچى بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىسمائىلىيە پىرقىسىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ گۇرۇھقا سۇقۇنۇپ كىرىپ، راشىددىن سىنانىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئىدى. ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز ئىسمىنى ئابدۇجاپپار دەپ ئۆزگەرتتى.

تۈرمىدىكى بىر كۈن بىر يىلدەك بىلىنەتتى. كۈنبويى قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ئىدى. مەھبۇسلار بىكارچىلىقتا زېرىكىپ پاراڭ سېلىشىپ ياكى ئۆز كۆڭلىنى ئۆزلىرى خۇش قىلىشىپ كۈننى ئۆتكۈزۈشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇرەھىم كۆپچىلىككە راشىددىن سىناننىڭ قانداق سېھىرگەرلىك قىلىدىغانلىقىنى، كېچىچە كۆز يۇمماي ئەتىكاپتا ئولتۇرىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىگە بېشارەت بېرەلەيدىغانلىقىنى، قۇرام تاشلار بىلەن قانداق گەپلىشىدىغانلىقىنى، قانداق كارامەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى قىزىق ھېكايە

قىلىپ بىرەتتى. ئابدۇرەھىم راشىددىن سىنانى ئىلغا ئالغاندا، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى.

ئابدۇرەھىم بىلەن ئىمادىددىن تۇرمىدە كېچە - كۈندۈز بىللە بولۇپ، بىر بىرى بىلەن دوست بولۇشتى. كېيىن ئابدۇرەھىم تۇرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۇرمىدىن چىقتى. ئۇ ئۆزىنى خىرىستىيان دېگەچكە ۋە بۇ جاينىڭ تىلىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئوبدان بىلگەچكە، بىرمۇنچە تىرىشچانلىق ئارقىسىدا قاھىرەگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇبەيدى گۇرۇھىنىڭ ئاخبارات ئورگىنى بىلەن مەلۇمات ئالماشتۇرىدىغان پەرەڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ يول باشلىغۇچىسىلىقىغا تاللاندى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا تۇرمىگە كېلىپ ئىمادىددىن بىلەن خوشلاشتى ۋە ئىمادىددىننىڭ ئىسمائىلىيە پىرقىسىغا كىرىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئۇ ئىمادىددىننىڭ بۇ پىرقىغا كىرىشىنى بەكمۇ ئۈمىت قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار ئىمادىددىنغا ئوخشاش بۇنداق باتۇر ئادەملەرگە موھتاج ئىدى.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ۋەزىپىسىنى تۆگىتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇياق - بۇياققا قاتىرىشى ئارقىسىدا ئىمادىددىنمۇ تۇرمىدىن چىقتى. ئابدۇرەھىم ئىمادىددىنغا ئۆزىنىڭ قاھىرەگە قىلغان سەپىرىنى تونۇشتۇردى ھەمدە سالاھىددىننىڭ بارلىق سۈيىقەستچىلەرنى تۇتقانلىقىنى، پەقەت ئەبۇ ھەسەننىڭلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، تۇتۇلغان سۈيىقەستچىلەرنىڭ چاپراس تۆۋرۈكلەرگە مىخلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ سالاھىددىننىڭ يازغان خېتىنى ئىمادىددىنغا تاپشۇرۇپ بەردى. سالاھىددىن خېتىدە ئىمادىددىننىڭ ساداقەتلىكى ۋە باتۇرلۇقىنى ماختىغان ئىدى.

ئابدۇرەھىم ئاندىن ئىمادىددىنغا ياقۇتەنىڭ خېتىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن ئۇنچە - مەرۋايىتىنى بەردى، سەيىدەنىڭ

ئەھۋالىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بەردى. ئىمادىددىن ئۇ نەرسە-لەرنى مىننەتدارلىق بىلەن ئالدى ۋە ئۇنچە - مەرۋايىتنىڭ بىر قىسمىنى ئابدۇرەھىمگە ھەدىيە قىلدى.

ئىمادىددىن ياقۇتەننىڭ خېتىنى دەرھال ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىمادىددىن: دوستۇڭدىن خەۋىرىڭنى ئۇقتۇق. تۇرمىدە بولساڭمۇ، سادىق دوستۇڭنىڭ غەمخورلۇق قىلىپ تۇرغىنىنى ئۇقۇپ كۆڭلىمىز كۆپ ئەمىن تاپتى. ئەمدى ساڭا ئېيتسام، مەلىكە سەيپىدەم بەرجەۋان قەسرىگە كۆچۈپ كىردى، ئۇ سالاھىددىن سۇلتاننىڭ ھۆرمىتىگە ۋە چەكسىز غەم-خورلۇغىغا ئېرىشتى. مەن خوشاللىق بىلەن ساڭا خەۋەر قىلىمەن-كى، سۇلتان سەيپىدەنى ھەمشىرەم دېدى، ئۇلار بىر بىرىنى ئاچا - ئۇكا دېيىشىدۇ. سۇلتانىمىز سېنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ مەلىكەم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بەخت - سائادەتلىك، كۆڭۈللۈك بولۇشۇڭلارنى تىلەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، سەيپىدە مەلىكەم ھىلىمۇ سەندىن ئەنسىرىمەك-تە. دوستۇڭدىن سېنىڭ پات - ئارىدا تۇرمىدىن چىقىدىغانلىقىڭنى ئۇقتۇق. بىز ئاشۇ كۈننىڭ بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتە-مىز. ئەھۋالىڭدىن بىزنى داۋاملىق خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرساڭ، سەندىن كۆپ مىننەتدار بولاتتۇق، خۇدا ئامان قىلسۇن!»

ئىمادىددىن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكى يېقىندىن سۇ ئىچكەندەك بولدى، ئۇ يۈرۈن مۇنداق ھىسسىياتتا بولۇپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى مۇشۇ سائەتكىچە، ئۇنىڭ پىكرى - خىيالى سەيپىدەدە بولۇپ، تۈرلۈك غەم - ئەندىشىلەرگە پېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ سالاھىددىننىڭ سەيپىدەگە نىكالىنىش تەلە-ۋىنى قويغانلىقىنى بىلگەچكە، قانداق قىلىشىنى بىلمەي بېشى قېتىپ تەقدىرگە بويۇن قىسىپ تۇرغان ئىدى. ئۇ ياقۇتەننىڭ

خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سالاھىددىننىڭ سەييىدە بىلەن توي قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەتتىن سەييىدەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى چىقىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ سەييىدەنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، گويا ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مۇھەببەت ئوتى بۈگۈن بىراقلا ئېتىلىپ چىققاندەك، قەلبىدە لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ قەيەرگە بارسا، سەييىدەنىڭ شەكلى - سىماسى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۆتكەنكى ئىشلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇرغان ئاشۇ كۈنى ئاخشامدىكى مەنزىرىنى ئەسلەيتتى: سەييىدە ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇ سەييىدەنىڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي-ۋاتقان ھېسسىياتىنى چۈشەنمىگەن؛ ئۇ يەنە ئاشۇ بىر تۇتام سېرىق چاچنى ئەسلىدى، بۇ چاچنى سۇلتان نۇرىددىندىن سوراپ ئېلىشقا قانداق جۈرئەت قىلغانلىقىنى، نۇرىددىننىڭ قانداق ماقۇل بولغانلىقىنى، بۇ چاچنىڭ ئىگىسى بىلەن قانداق ئۇچراش-قانلىقىنى ۋە جىددى پەيتتە ئۇنى قانداق قۇتقۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى، ئىشنىڭ مۇشۇنداق قاملىشىپ كېلىشىنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇ-رۇپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇ، ئەگەر ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، زەپەر بىلەن قايتسا، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، بەختلىك بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

بەخت ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار: بەزىلەر پۇل بول-سا، بەخت دېگەن شۇ دەيدۇ؛ بەزىلەر نام - ئاتاقنىڭ ئۆزى بەخت دەيدۇ؛ بەزىلەر سالامەتلىكنىڭ ئۆزى بەخت دەيدۇ. دېمەك، بەختكە ھەر كىم ھەر خىل قارايدۇ. ۋاھالەنكى، بىر بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشنىلار بەختنىڭ ئاشىق - مەشۇق ئوتتۇرى-سىدىكى مۇھەببەتتە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىدۇ: ئاشىق - مەشۇق-

نىڭ بىر بىرىنى كۈتۈۋاتقان ۋە بىر بىرىگە تۆت كۆز بىلەن تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدىكى مۇھەببەت خىياللىرى پۈتۈنلەي بەختكە تولىدۇ؛ ئەنسىرىگەندىكى غەم - قايغۇمۇ بەخت بېغىشلايدۇ؛ كۆرۈشكەندە قىلىشقان يۇمشاق، لەتاپەتلىك گەپلىرىدىمۇ بەخت يېغىپ تۇرىدۇ؛ ئايرىلىشقان چاغدىكى ۋەدە - قەسەملەرمۇ بەخت بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا، مەيلى بىر يەردە بولسۇن ۋە باشقا - باشقا جايدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ قەلبى مەڭگۈ بىر بىرىگە باغلانغان بولىدۇ، مەيلى غېنى، مەيلى پېقىر بولسۇن، قەلبى ئۆزگەرمەيدۇ؛ ھەرقانداق شارائىتتا مۇھەببەتنىڭ بەختىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئىمادىددىن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا زادى بولۇپ باقمىغان بىر ھىسسىيات پەيدا بولدى - دە، دەرھال قاھىرەگە قاراپ چاپقۇسى كېلىپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئىمادىددىننىڭ قېشىدا تۇرغان ئابدۇرەھىم دوستىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى دىققەت بىلەن كۈزەتمەكتە ئىدى. ئۇ ھېلىقى خەتتە ئىمادىددىننىڭ ئۆز پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەپ بولىدىغان بىرەر ئەندىشىلىك گەپ - سۆز بولمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇ ئىمادىددىننى ئىسمائىلىيە پىرقىسىغا ئەكىرىشنى بەكمۇ ئۈمىت قىلاتتى. بۇ چاغدا ئىمادىددىن دوستىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى - دە، ئۇنىڭغا:

— ئاھ! دوستۇم، خۇدا خەيرى قىلسۇن، ياردىمىڭگە كۆپ رەھمەت، — دىدى.

— بۇ مېنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك پەرزىم، رەھمەت ئېيتقۇچىلىكى يوق. بىراق، بۇندىن كېيىن مېنىڭمۇ ساڭا ھاجىتىم چۈشسە، رەت قىلماسسەن دەپ ئويلايمەن!

— خىزمىتىڭگە بېشىم بىلەن تەييارمەن، — دەۋەتتى ئىمادىددىن مەرتلىكى تۇتۇپ كېتىپ، لېكىن بۇ گەپنى ئاغزىدىن

بۇ دۇنيا

www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ بولۇپ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا سەل ئەندىشە پەيدا بولدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ھازىردىن باشلاپ ئۆزگىچە تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى ھىس قىلغان ئىدى. ئۇ كەلگۈسىدە ئۆز سۆيگىنى بىلەن جەم بولۇپ، خۇدا نېسىپ قىلغان مۇھەببەت لەززىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھايات تۇ-رۇشنى تولىمۇ خالايتتى.

بىراق ئابدۇرەھىم ئۇنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە مۇنداق دېدى:

— سەن ئۆزەڭنى پىدا قىلىشقا تېخىمۇ ئەرزىيدىغان بىر كىشىنى كۆرسەن، ئۇ كىشى بىزنىڭ ئىمامىمىز ھەم مەۋلانىمىز شەيخ راشىددىن سىنان بولىدۇ. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى پىدا قىلىشقا رازىمىز. سەن بىزنىڭ بىر ئەزايىمىز بولغاندا، سەنمۇ مۇشۇنداق ئويغا كېلىسەن.

— ئەمما مەن سىلەرنىڭ پىرقىڭلارغا قانداق قىلسام كىرەلەيمەن؟ — دېدى ئىمادىددىن كۈلۈپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن سەن كۆپرەك ياردەم قىلىپ يول كۆرسەتسەڭ بولىدۇ.

— بۇ ئاسان، — دېدى ئابدۇرەھىم خوشال بولغان ھالدا، — مەن سېنى شەيخ دۇبۇسقا تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي. ئۇ بىزنىڭ نائىپ شەيخىمىز، ئۇ بىزنىڭ چوڭ شەيخىمىز بىلەن بىللە مىسياف قەلئەسىدە تۇرىدۇ. بۇ قەلئە ھەلەپنىڭ سىماق تېغىدا. خالىساڭ، بۈگۈنلا يولغا چىقساڭ بولىدۇ. يولنى بىلەمسەن؟

— ئوبدان بىلىمەن، مەن شۇ يەردە ئوقۇغان.

ئابدۇرەھىم قەغەز ئېلىپ، شەيخ دۇبۇسقا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئىمادىددىنغا بەردى. ئىمادىددىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى - دە، ئېتىغا مىنىپ سىماق تېغىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ تاغ ھەلەپ رايونىدىكى چوڭ تاغ بولۇپ، بۇ

تاغنىڭ نەچچە چاقىرىملىق دائىرىسىدىكى بىرمۇنچە شەھەر - بازار، يېزا ۋە قەلئەلەر ئىسمائىلىيىلەرگە قارايتتى. بۇ يەردە مۇۋىلىك دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۆرۈگى بەكمۇ داڭلىق ئىدى. بۇ يەردىن يەنە پاختا، كۆنجۈت كۆپ چىقاتتى.

سىماق تېغى ئىسمائىلىيىلەرنىڭ بىرمۇنچە قەلئەلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ قەلئەلەر قاتارىدا مىسياف، كەھىف، ئۇللەيقە ۋە مەرقەپ قەلئەلىرى ھەممىسىدىن داڭلىق ئىدى. ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ باش مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمامى راشىددىن سىنان مىسياف قەلئەسىدە تۇراتتى.

* * *

مىسياف قەلئەسى مىسياف تېغىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، بۇ كۆككە تاقىشىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ ئىدى. بۇ تاغنىڭ شەرق ۋە غەرپ تەرىپى كەڭ كەتكەن سازلىق، شىمالىي ئايىغى چوخچىيىپ تۇرغان چوققىلار ئىدى؛ ئوتتۇرىدىكى ئاساسىي چوققىدا مۇستەھكەم بىر قەلئە بولۇپ، ئىسمائىلىيە پىرقىسى كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۆي - سارايلىرى مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ قەلئە قۇرام تاشلار ئۈستىگە سېلىنغان، ئەتراپى تىك ھاڭ بولۇپ، ئۈستىگە چىققىلى، قەلئەنى ئالغىلى بولمايتتى. قەلئەدىن قارىغاندا، ئۇ چەت - بۇ چەت سازلىق ئالقاندىكىدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سازلىقنى بىر جىلغا كېسىپ ئۆتەتتى، جىلغىدا بىر پارچە بۇغدايلىق بار ئىدى. بۇ ئېگىز تاغدىن سەل نېرىدا بىر كىچىك بازار بولۇپ، بۇ يەردە بىرمۇنچە ئاھالىنىڭ ئۆي - ماكانلىرى بار ئىدى.

قەلئە قېلىن سېپىل بىلەن ئورالغان، سېپىلنىڭ بىرلا ئەگمە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇ بىردىن - بىر چىقىش ئېغىزى

www.uyghurkitap.com

ئىدى. قەلئەگە كىرىش توغرا كەلسە، مۇشۇ ئەگمە دەرۋازىدىن كىرىپ قەلئەنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولاتتى. قەلئەنىڭ ئارقىسىدا ۋە يۇقۇرى تەرىپىدە بىر قىسىم ئۆي جايلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرام تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ئىدى. سېپىل ئۈستىدە ناھايىتى جىق قاراۋۇلخانىلار بولۇپ، قاراۋۇللار قەلئەنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئەگەر دۈشمەن كېلىپ قالسا، قاراۋۇللار ئوقيا، تاش ئېتىپ دۈشمەننى يېڭەتتى. بۇ قەلئە شۇنداق مۇستەھكەم ئىدىكى، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ھەرقانداق كۈچلۈك قوشۇنمۇ قەلئەنى ئالالماي ھەسرەت چېكەتتى.

ئىسمادىددىن ئېتىغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەستىن چىقتى. ئۇ سىماق تېغىغا بارىدىغان بىرنەچچە يولنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن دەمەشىق ئارقىلىق مېڭىپ، مۇشۇ پۇرسەتتە دەمەشىق شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغۇ ‐ بوستانلارنى تاماشا قىلىپ ئۆتمەكچى بولدى. ئىسمادىددىن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دەمەشىققە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەبۇ ھەسەندىن ئىككى كۈن بۇرۇن كەلگەن ئىدى. ئىسمادىددىن بىلىدىغانلار تونۇپ قالمىسۇن دەپ، باشقىچە ياساندى. شەھەرنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، مەشىق مەيدانىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان سۇلتان نۇرىددىننى كۆرۈپ قالدى. سۇلتان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ روھلۇق، ساغلام، تەمبەللىكىنى كۆرۈپ، ئىسمادىددىن خوشال بولدى. ئۇ نۇرىددىن بىلەن سالاھىددىننىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارلىغىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىگى يەنىلا ئۆز خوجىسى سالاھىددىنغا تەلپۈنەتتى ۋە ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى.

ئىسمادىددىن دەمەشىقتە تاماشا قىلغاندىن كېيىن، غۇتە بوستانلىغىغا① كەلدى — ئىككى كۈندىن كېيىن ئەبۇ ھەسەن

① غۇتە — دەمەشىق شەھىرىگە يېقىن بوستانلىق. «رامىزانىنىڭ ئون يەتتىسى» دە، قەتام دېگەن قىزنى بىلال بوغۇزلىۋەتكەن جاي، — تەرجىمان.

مۇشۇ يەردىن ئۆتتۈشى مۇمكىن — ئىمادىددىن شۇ كۈنى كەچتە دەمەشق شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر يېزىدا قوندى. ئەتىسى يەنىلا سىماق تېغىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەنە شۇنداق سەھەردە يولغا چىقىپ، كەچتە قونۇپ مېڭىپ ئىككى كۈندىن كېيىن مىسسىياف تېغىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تاققا چىقىشىمۇ بولاتتى، لېكىن ئەتىسى سەھەردە چىقىشنى لايىق كۆردى.

ئەتىسى سەھەردە ئىمادىددىن ئاتلىق ئالاھەزەل ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىن مىسياف تېغى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاغ ئۈستىدىكى قەلئە بۇلۇتقا تاقاشقان ھالدا ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىمادىددىن: بۇ قەلئەگە چىقىش ئاسماندىكى سانى تۇتۇشتىنمۇ تەستەك قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى يېتىلەپ پىيادە ماڭدى. شۇ چاغدا ئۇدۇلدىن بىر بوۋاي چىقىپ قالدى. ئۇ ئىمادىددىندىن مەن قىلىشىپ بەرگۈدەك بىرەر ئىش - پىشىڭىز بارمۇ دەپ سورىدى. ئىمادىددىن بۇ بوۋاينى ئىسمائىلىيلەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. چۈنكى بۇ پىرقىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئىنتايىن يامان، ۋەھشى ئىكەنلىكى ھەممىسىگە مەلۇم ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ مىسىر، شاملارغا ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇش - چېپىشقا سالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. راشىددىن سىنان تۇغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تېخىمۇ سىرلىق ئىدى. كىشىلەر ئۇنى شەيخۇل جەبەلە يەنى تاغ ئاقساقىلى دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ بوۋىسى ھەسەن ئىبنى سەبباھ بىلەن تەڭ تۇراتتى. كىشىلەر راشىددىن سىناننى كارامەت كۆرسىتىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. غەيرى، قورقۇنچلۇق ئىشلار بولسا، ھەتتا يامغۇر يېغىش، ھاۋا گۈلدۈرلەش، چاقماق چېقىشتەك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىمۇ ئۇنىڭ كارامىتى دېيىشەتتى. ئۇ گويا ئۆز دۈشمەنلىرىنى تىترىتىدىغان،

مۈرتلىرىنى ئىتائەتمەن قىلىدىغان بۇتقا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

بايىقى بوۋاي كەلگەندە، ئىمادىددىن ئۇنىڭدىن ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ ئىمامىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى سورىدى.

بوۋاي چۆچۈگەن هالدا ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا سەپ سېلىپ چىقىپ:

— تەقسىر، ياقا يۇرتلۇق ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— هەئە، مەن باشقا يەرلىك، — دېدى ئىمادىددىن.

— سىزنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ئىمامنى ئىزلەپ نېمە قىلىسىز؟

— نائىپ ئىمام دۇبۇسقا خەت ئېلىپ كەلگەن ئىدىم.

— هە، دۇبۇسنى دەمسىز؟! مەن تېخى راشىددىن شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشمەكچى دەپتىمەن، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش ئاسان ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، دۇبۇس شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز، خەتنى ماڭا بېرىڭ، مەن خەتنى ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرەي. سىز مۇشۇ يەردە جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرۇڭ.

ئىمادىددىن خەتنى ئۇنىڭغا بەردى. بوۋاي خەتنى ئېلىپ تاغ تەرەپكە كەتتى.

ئىمادىددىن تۇرغان يېرىدە تۇرۇۋەردى. ئۇ ئاتىنىڭ ئىزگىنىنى تۇتۇپ ئەتراپقا كۆز سالدى: ئەتراپ كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئېگىز بىر تاغ، تاغ ئۈستىدە مىسىياف قەلئەسى تۇراتتى. ئىمادىددىن قەلئەنىڭ سېپىللىگە ۋە قاراۋۇلخانىلارغا زەڭ سېلىپ قارىدى، لېكىن قانچە قاراپمۇ تاققا چىققىلى بولىدىغان يولنى پەرق ئېتەلمەي، قەلئەدىكىلەر ئۇ يەرگە ئۇچۇپ چىققان

مىكىنە؟ دەپ ئويلىدى - دە، ئىختىيارسىز ئەندىشە قىلدى ۋە راشىدىدىننى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشنى ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ھېس قىلدى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ قىزىقىشىنى كۈچەيتىپ، بۇ ئادەمنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ چىقىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ، يا بۇ ئادەمنى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىش، ياكى ئۇنى سالاھىددىن بىلەن ئەپلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

* * *

بىر پەستىن كېيىن ھىلىقى بوۋاي قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چاكارچە كىيىنگەن، تاقىر باش، يالىڭاياق، مەيدىسى ئوچۇق بىر يىگىت كەلدى. يىگىتنىڭ تۇرقى بەئەينى ئالۋاستىغا ئوخشايتتى.

يىگىت ئىمادىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى، ئاندىن نىمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— مەن دۇبۇس شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشەتتىم، — دېدى ئىمادىددىن.

— بۇ سەن ئېلىپ كەلگەن خەتمۇ؟ — يىگىت قولىدىكى خەتنى كۆرسىتىپ سورىدى، — ئىسمىڭ نىمە؟

— ئابدۇجاپپار.

— مەن بىلەن ماڭ! — دېدى يىگىت بۇيرۇق قىلىپ.

ئىمادىددىن ئېتىنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. يىگىت ئالدىدا يول باشلاپ ماڭاتتى، ئۇ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش ئەلپازى يامان ھالدا پات - پات ئىمادىددىننىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ قوياتتى. ئىمادىددىن ئۇنىڭ قارىشىدىن تېڭىرقاپ قالدى. ھەممىدىن ياخشى ئىمادىددىن يۈرەكلىك يىگىت بولغىنى، ناۋادا توخۇ يۈرەكلەردىن بولىدىغان بولسا،

بەلكى قورقۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى.)

ئۇلار بىر دەمدىلا تاغ باغرىغا كەلدى. يىگىت ئىمادىددىنغا ئېتىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئېيتتى. ئىمادىددىن سەل ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئېتىڭنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ قوي، بولمىسا، نەدىن كەلگەن بولساڭ، شۇ يەرگە كەت! — دېدى ئۇ قىستىغان هالدا.

ئىمادىددىن كۆندى. ئۇلار يىلان باغرى تاغ يولىنى بويلاپ يۇقۇرىلاپ ماڭدى. يولنىڭ بەزى يەرلىرىدە غەلىتە تاشلار چوخچىيىپ تۇراتتى؛ بەزى يەرلىرىنىڭ تاشلىرىدىن پەلەمپەي چىقىرىلغان، يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ مېڭىش ناهايىتى قىيىن ئىدى. لېكىن يول باشلاپ مېڭىۋاتقان يىگىت تاغ يول-ۋىسىدەك تاشتىن - تاشقا ناهايىتى ئەپلىك سەكرەپ يېنىك ۋە تېز ماڭاتتى. ئىمادىددىننۇ بوش كەلمەي، تاشتىن - تاشقا يامىشىپ ئۇنىڭغا سوگىدىشىپ ماڭدى.

ئىككىيلەن ئەگىر - توقاي تاغ يولىدا بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن قورغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يول باشلىغان يىگىت توختاپ، ئىمادىددىنغا توختاشنى ئىشارەت قىلدى ۋە دەرۋازىغا بېرىپ شەرتلىك بەلگە بويىچە دەرۋازىنى قاقتى. پۇختا ياسالغان دەرۋازا قاتتىق غىچىرلاپ ئېچىلدى. يىگىت ئىمادىددىننى سىرتتا قالدۇرۇپ كىرىپ كەتتى. ئىمادىددىن خۇددى چۆچۈرەدە قويغاندەك سېلىنغان بۇ قەلئەنىڭ ئۇياق - بۇياقلىرىغا كۆز سالدى. لېكىن ئۇ قېلىن سېپىل ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىدىن باشقا هېچنېمىنى كۆرمىدى. قاراۋۇلخانىنىڭ كىچىك كۆزنەكلىرىدىن قاراۋۇلنىڭ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىر هازادىن كېيىن، قەلئە دەرۋازىسىدىن بىر كىشى چىقىپ، سەل مۇلايىم مۇئامىلە بىلەن ئىمادىددىننى قەلئەگە

تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئەگمە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئۈستى يېپىق ئەگرى - بۈگرى كوچىغا كىردى. تورۇسى ئەگمە ياسالغان، يولىغا تاش ياتقۇزۇلغان بۇ كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا نەيزە، قىلىچ تۇتقان ياساۋۇللار قاتۇرۇپ قويغانىدەك مىدىر - سىدىر قىلماي تىك تۇرۇشاتتى. بۇ يەردىكى ھەيۋىدىن ئادەمنى سۈر باساتتى. قەيسەر تەبىئەتلىك باتۇر يىگىت ئىمادىددىن پىسەنت قىلماي مەردانە قەدەم تاشلاپ مېڭىۋەردى.

ئۇلار كوچىدا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئايۋانغا چىقتى. ئايۋاننىڭ تۆت تەرىپىدە بىرنەچچە ئىشىك بولۇپ، ھەممىسى مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. باشلاپ كىرگەن يىگىت ئىمادىددىننى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئىشىكنى بىرنەچچىنى چېكىۋىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئىمادىددىنغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ئىچكىرىگە كىرىشكە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالدى. ئىمادىددىن ئىشىكتىن كىرىپ، ئۇدۇلدا بىر ئۆينى كۆردى. بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى يېنىدا تۇرغان ياساۋۇللار قوللىرىدىكى نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن ئىمادىددىننى ئىچكىرىگە كىرىشكە ئىما قىلدى. ئىمادىددىن ئۆيگە كىرىپ توختىدى ۋە ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى: ئۆي كەڭ - كۇشادە، يەرگە گىلەم سېلىنغان؛ تۆت تامغا ھەرخىل قورال - ياراقلار ئېسىلغان؛ تام تۈۋىگە كويزا، كىشەن قاتارلىق جازا قوراللىرى قويۇلغان؛ تامنى بويلاپ تاشتىن يونۇپ ياسالغان ئورۇندۇقلار قاتار تىزىپ قويۇلغان، ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە ئېيىق، شىر تېرىلىرى سېلىنغان ئىدى. ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تاش ئورۇندۇقنىڭ بىر ئۇچىدا شەيخ دۇبۇس يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كەڭ يەڭلىك پەرىجىسى پۈتۈن بەدىنىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا يوغان يېشىل سەللە يۆگىگەن ئىدى. ئىمادىددىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام قىلدى ۋە:

— جاناپلىرى دۇبۇس شەيخ ئاخۇنۇم بولسىلىرى كېرەك، — دېدى.

شەيخ «ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى ۋە يېقىنراق كېلىپ تونۇشتۇرۇش خېتىنى كۆرسىتىشنى ئېيتتى. ئىمادىددىن خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى. شەيخ خەتنى ئالدى ۋە ئېچىپ ئوقۇدى. خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن:

— ئوغلىمىز ئابدۇرەھىم سىزنى ناھايىتى ئوبدان تونۇشتۇرۇپتۇ، ئابدۇجاپپار، ئولتۇر، — دەپ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى.

ئىمادىددىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تاش ئورۇندۇقنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا ئولتۇرۇپ جىم تۇردى.

— ئابدۇرەھىم خېتىدە سىزنىڭ پىرقىمىزغا كىرىشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپتۇ، — دېدى دۇبۇس.

— شۇنداق، خەلىپەم، مېنىڭ كىرىشىمگە بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ شەرتى بار، — دېدى شەيخ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن.

— خەلىپەم، قانداق شەرت ئۇ؟

— ئابدۇجاپپار، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەممىدىن ئاۋال نىيىتىڭ پاك، مۇددىئايىڭ توغرا بولۇشى، ئەمرى - پەرمانغا بوي سۇنىدىغان بولۇشۇڭ كېرەك. مۇشۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟

— چىقىمەن.

— ساڭا ئەسكەرتىپ قويايكى، سەن ئۆزەڭنى ئالدىماسلىقىڭ كېرەك. مەن نىيىتىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن خوجىمىز ئىمام شەيخ ھەزرەتلىرىنى ھەرگىز ئالدىيالمايسەن. ئۇ زات كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى سىرىنى بىلمۇپلىشقا شۇنداق كامىلكى، كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە بىر قاراپلا كۆڭلۈڭدە نىمە ئالىلىق بارلىغىنى، نىيىتىڭنىڭ ياخشى - يامانلىغىنى بىلىۋالىدۇ. ناۋادا يۇ-

رىڭنىڭ پوكۇلدايدىغان يېرىڭ بولسا، كېيىن ئۆز بېشىڭغا بالا تېپىۋېلىپ، بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنچە، پىرقىمىزغا كىرىشتىن يالتايساڭمۇ كېچىكمەيسەن، — دېدى شەيخ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — سېنى تونۇشتۇرغان يىگىتىمىز بۇ خېتىدە سېنىڭ باتۇرلۇغۇڭنى ۋە دوستانىلىغىڭنى ناھايىتى ماختىغانلىغى ئۈچۈن ساڭا گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ قويدۇم. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئەگەر سەن ئىلتىپاتتا مۇشەررەپ بولۇپ، بىزنىڭ پىرقىمىزغا قاتناشساڭ ھەمدە ئىشەنچكە ئىگە بولساڭ، بۇ دۇنيالىغىڭ ھەم ئۇ دۇنيالىغىڭ ئۈچۈن شاپائەتكە ئېرىشكەن بولىسەن. مەن ساڭا بىر كۈن مۆھلەت بېرەي، يۈرىگىڭگە قولۇڭنى سېلىپ بېقىپ، ئاخىرقى قارارىڭنى ماڭا ئېيتقىن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىمادىددىن ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ راشىددىن سىناننىڭ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى راست بىلىۋالىدىغان كارامىتى بار دەپ ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن قەتئىلىك بىلەن:

— مەن بىر قارارغا كېلىپ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن بىر كۈن تۇرۇپ جاۋاپ بېرەي، — دېدى.

شەيخ ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۈستىڭدىكى قورال ـ ياراقلىرىڭنى يەش، ئېلىپ كەلگەن پۇل ۋە باشقا نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇر. بۇ بىزنىڭ قائىدىمىز. بىزنىڭ پىرقىمىزغا كىرمەكچى بولغان ھەر قانداق كىشى شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئەنسىرىمە، بۇ نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ نامىڭدا مۇشۇ يەردە ساقلاپ قويىمەن.

بۇ تەلەپ ئىمادىددىنغا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن ئايرىلغاننىڭ ئۈستىگە قورال ـ

ياراقلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قۇرۇق قول قېلىش ھەقىقەتەن ئېغىر ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئارىسالدى بولۇپ بىر ھازاغىچە لام-جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئوغلۇم، — دېدى دۇبۇس، — بىلىپ قويغىنىكى، خۇجىمىز ئىمام شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەكچى بولغان ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ بارلىق ئەمرى-پەرمانلىرىغا قىلچە ئىككىلەنمەستىن بوي سۇنۇشى كېرەك. ئابدۇرەھىم تونۇشتۇرغاچقا، سېنى پىرقىمىزغا قوبۇل قىلىشنى ماقۇل كۆردۈم. ئەگەر پۇشايمان قىلساڭ، نەرسىلىرىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

ئىمادىددىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە تاكاللىشىشتىن پايدا چىقمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ تەلىۋىگە بوي سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى-دە، بېلىدىكى خەنجىرىنى يېشىپ دۇبۇسقا سۇندى. ئاندىن ئۇنچە-مەرۋايىت، پۇل-پىچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. دامغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ تېخىچە دەككە-دۈككىدە تۇرغان ئىمادىددىن دۇبۇسنىڭ خۇش تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەل خاتىرجەم بولدى. دۇبۇس ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ياغلىققا يۆگەپ، ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئاندىن ئىمادىددىنغا باشقا بىر ئۆيگە چىقىپ دەم ئېلىشنى ئېيتتى.

ئىمادىددىن بىر ياساۋۇلنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئېغىز بوش ئۆيگە چىقتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويغا پېتىپ، ئاڭلىغان گەپ-سۆزلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىككى خىل ئوي-خىيال دولقۇنلاپ، ئۆزى بىر قارارغا كېلەلمەيتتى: زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىدىن ۋاز كەچسۇنمۇ؟ ياق. ئۇ ئاللىقاچان سالاھىددىنغا قەسەم بەرگەن. ئەمدى يالتايسا، سالاھىددىن ئالدىدا ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتىدۇ؛ مەھبۇبىنىڭ نەزىرىدە قەدرى-قىممە-

تى تۆۋەنلەيدۇ؛ ھىچ بولمىغاندىمۇ ئۆزى ۋىجدان ئازاۋىغا قالىدۇ،
ئۇنىڭ ۋىجدانى ئۇنىڭ توخۇ يۈرەكلىك قىلىشىغا يول قويمايدۇ.
ئۇنداق بولسا، بۇ پىرقىغە كىرىش كېرەكمۇ؟ بۇ بەك خەتەرلىك.
ئابدۇرەھىمنىڭ ئېيتىشىچە، راشىددىن سىنان ھىكمەتلىك ئادەم،
ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن كىشىنى سۇر باسىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كارا-
مەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. دىمەك، يا ئۇنىڭ قولىدا
بوغۇزلىنىدۇ ياكى ئاخىر بېرىپ سالاھىددىنغا ئاسىيلىق قىلىپ
راشىددىنغا بەيئەت قىلىدۇ.

ئىماددىن بىئاراملىق ئىچىدە ئۆيدە ئۇياندىن - بۇيانغا
ماڭاتتى. ئۇ ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. تۆت تام قۇپ - قۇرۇق
بولۇپ، ئۆيدە بىر پارچە بورا ۋە بىر پارچە كونا گىلەمدىن
باشقا ھىچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ پەنجىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
سىرتقا قارىدى. يىراقتىن مىسياف تېغى ئېتىگىدىكى كۆلچەك،
زەيكەشلەر ۋە ئاندىن مۇنبەت تۈزلەڭلىك، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئۇ-
زۇنغا سوزۇلغان بىر جىلغا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇ قەدەر
ئوي - خىيالغا پاتقان ئىدىكى، ھەتتا ئۆزىنى ئۇنۇتقان ئىدى.
شۇ ئەسنادا ئارقىسىدىن ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان ئاياق شەپىسى ئۇ-
نىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، يىمەكلىك ئې-
لىپ كىرگەن بىر مۇلازىمنى كۆردى. مۇلازىم ئۇنى غىزالىنىشقا
تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئىماددىن ئۇنىڭغا
رەھمەت ئېيتتى. لېكىن پۈتۈن دىققىتىنى بەنت قىلغان ئوي -
خىيال ۋە ھەددىدىن تاشقىرى تەشۋىش ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى بوق-
قان ئىدى. غەم - ئەندىشە شۇ قەدەر ئېغىرلىشىپ ۋە شۇ قەدەر
كېڭىيىپ بارماقتا ئىدىكى، گويا ھازىرلا قارنى يېرىلىپ كېتىدى-
غاندەك قىلاتتى. تا كەچ كىرگىچە ئۇنىڭ كۆڭلى بىر يۇتۇم سۇ-
مۇ تارتمىدى. ئۇنىڭ تازا قوسىغى ئاچقان ئىدى، بايا ئېلىپ
كىرىلگەن يىمەكلىكلەرگە قاراپ قويىدى، بۇ نەرسىلەر مىۋە -

چىۋە، نان ۋە گۆش ئىدى. ئۇ ناندىن بىرنى ئېلىشقا قولىنى ئۇزارتتىيۇ، لېكىن شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا: «بۇ يېمەكلىكلەرگە زەھەر سېلىپ قويغاندىمۇ؟» دېگەن بىر شۇم گۇمان كەلدى – دە، ئۇزاتقان قولىنى تارتىۋالدى. بىراق ئۇ يەنە دوستى ئابدۇرەھىمنى ۋە ئۇنىڭ دۇبۇسقا تونۇشتۇرۇپ يازغان خېتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلاردا ياخشى نىيەت بارلىغىنى ھېس قىلدى – دە، ئازراق مىۋە – چىۋە يەپ قورسىغىنى سەل توقلىماقچى بولدى.

ئىمادىددىن مىۋە – چىۋە يەۋاتقاندا، ئايۋاندىن ۋاراڭ – چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكتىن قارىدى. ئايۋاندا بىرمۇنچە ياساۋۇل ۋە باشقا ئەسكەرلەر ئىككى – ئۈچتىن غۇژمەك بولۇشۇپ، ناھايىتى خوشال ھالدا بىر نىمىلەرنى دەپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. ئىمادىددىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: بۇ ئىش مىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ياكى قانداقتۇ بېشىمغا بىر پالاكەت كېلىشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ زەڭ سالدى. ئۇلار ھەر خىل مىللەت تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئىسمائىلىيە پىرقىسىدا ھەر خىل مىللەتلەر: ئەرەپلەر، تۈركلەر، پارسلار، كۇردلار، شىركىسلار (ھازىرقى گرۇزىنلار) بار ئىدى. ئەرەپ تىلى ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى.

ئىمادىددىن قۇلاق سالغاچ ئويلىناتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۇلتان نۇرىددىن توغرىسىدا بىر نىمە دېيىشىۋاتقانلىغىنى ئاڭلىدى؛ ئۇنى ئۆلۈپتۇ دېيىشىۋاتقانلىغىنى بىلىنەر – بىلىنمەس ئاڭلاپ قالدى. ئۇ خاتا ئاڭلاپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن دەپ قارىدى. سۇلتان نۇرىددىندىن ئايرىلغىنىمغا تېخى ئىككى كۈن بولدى، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى بېجىرىم، روھى جۇشقۇن ئىدى، ئازغىماققا مىنىپ خۇددى شىردەك جاسارەت بىلەن مەشق مەيدانىدىن قايتقان تۇرسا، دەپ ئويلىدى – دە، سۇلتان نۇرىددىننى ئۆلدى دېگەن گەپنى ئىغۋا دەپ، ئىشەنمىدى. بىر دەمدىن كېيىن، دۇبۇس ئەۋەتكەن

بىر كىشى ئىمادىددىنغا ئۇنى دۇبۇسنىڭ چاقىرتقانلىغىنى ۋە تېز چىقىپ كۆرۈشۈشنى ئېيتتى. ئىمادىددىن شەيخنىڭ مەجلىسخانىسىغا كىردى. شەيخ ئوتتۇرىدا پەرىجىسىنىڭ پەشلىرىنى يىغىشتۇرغان هالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ - كىچىك باشلىقلار قاتار ئولتۇرۇشاتتى، هەممىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، باشلىرىدىكى سەللىلىرى دۇبۇسنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئىمادىددىن بۇلارنىڭ هەممىسى دۇبۇسنىڭ چاپارمەنلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئىمادىددىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، دۇبۇس ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن بەيتۇلمۇقەددەستىن كەلدىڭمۇ؟

— هەئە.

— بۇ يەرگە دەمەشق ئارقىلىق كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق.

— سۇلتان ئاتابېك نۇرىددىننى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن. ئۇنىڭ ئەهۋالى قانداقراق؟

— كۆردۈم. ئاشۇ كۈنى چۈشتە مەشق مەيدانىدىن ئاتلىق كېلىۋاتقان ئىكەن.

— قايسى كۈنى؟

— ئىككى كۈن بۇرۇن، — دىدى ئىمادىددىن ئويلىنىۋېلىپ ۋاقىتنى توغرا هىساپلىغاندىن كېيىن.

— بىراق ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن قازا تاپتى. ئاللا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن.

ئىمادىددىن چۆچۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دىدى:

— قازا تاپتى دەمدىلا؟ سىلەر بۇ گەپكە ئىشىنەمسىلەر؟ بۇ خەۋەرنىڭ راستلىغىغا ئىشەنمەيمەن، ئەگەر ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ۋاپات بولغان بولسا، دەمەشقتىن ئىككى كۈنلۈك يىراق بۇ يەر-

گە خەۋەر قانداقسىگە شۇنچە تېز يېتىپ كېلىدۇ؟

دۇبۇس كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن تايىنى يوقلا بىر خىل كەيپىيات ئەكس ئېتىپ تۇراتتى؛ سورۇندىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشتى. ئۇلار بىر بىرىگە قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشاتتى.

— ئوغلۇم، سېنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، — دېدى دۇبۇس، — سەن بۇ خەۋەرنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئۇنى بىر خەۋەرچى يەتكۈزگەن ئەمەس، ئاللا ئۆز مەرھەمىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن خوجىمىز ئىمام شەيخ ھەزرەتلىرىگە بىشارەت بەرگەن. يالغۇز بۇ ئىشلا ئەمەس، بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار كۆپ بولغان. مىسىر خەلىپىسى ئازىدلىدىنىللا ئالەمدىن ئۆتكەن كۈنىمۇ شەيخ ھەزرەتلىرىگە بىشارەت بولغان. ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى بىز شۇ كۈنىلا بىلگەن. مىسىر دېگەن دەمەشقتىنمۇ يىراقتۇ تېخى. يەنە بىز ئاشۇ قېتىمقى سۈيىقەستلىك توپىلاڭدا شائىر ئەمارىگە ۋە ئۇنىڭ يارانلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنىمۇ شۇ كۈنى ئۇققان، — دۇبۇس سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆز سۆزىگە گۇۋالىققا تارتماقچى بولغاندەك، ئولتۇرغانلارغا قارىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىدا ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاش ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

ئىمادىددىن قايىل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئۇ يەنىلا نۇرىددىننى ئۆلمىدى دەپ قارايتتى. «بۇنىڭدا بەلكى بىر ئويۇن بولسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — دەمەشقتىن رەسمىي مۇسىبەت خەۋىرى كېلىپ، نۇرىددىننىڭ راست ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلانغاندىلا، ئاندىن شەيخ راشىددىننىڭ ھەقىقەتەن كارامىتى بارلىقىغا ئىشىنىمەن.»

دۇبۇس ئىمادىددىندىكى گۇمان ۋە ئەجەپلىنىشنى سېزىپ مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، بۇ گەپلەردىن ھەيران قالما. سەن ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولۇپ بىزنىڭ پىرقىمىزغا ئوڭۇشلۇق كىرسەڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرىسەن تېخى. بىزنىڭ خوجىمىز شەيخ ھەزرەتلىرى تاشقا گەپ ئاڭلىتىدۇ، ھەتتا ئۆلۈكنى سۆزلىتىپ، ئۇنىڭدىن ھەر قانداق سوئالغا جاۋاپ ئالالايدۇ، — شەيخ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بەزى ئەھۋاللارنى يەنىمۇ چۈشەندۈرۈپ قوياي، خوجىمىز شەيخ ھەزرەتلىرى، ئاللا ئۇنى ئامان قىلسۇن، بۇ سۇلتانىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بەردى. ئۇ بوغما كېسىلى بىلەن ئۆلگەن. ئەتە رەسمى مۇسىبەت خەۋىرى كەلگەندە. بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىسەن، — دېدى ئىمادىددىنغا قاراپ.

ئىمادىددىن شۇنداق ھەيرانە - ھەس قالدىكى، راشىددىننىڭ ھەقىقەتەن كارامىتى بارلىقىغا ئىشەنمەي بولمايدىغان يەرگە يېتىپ قالدى. دۇبۇس مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، ھوجراڭغا قايتقىن! بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن گېپىڭنى ئېيتارسەن. سەن دەمەشقتىن كەلگەچكە، سېنى نۇرىددىننىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى بەزى ئەھۋاللىرىنى بىلسە كېرەك دەپ بۇ يەرگە چاقىرتقان ئىدىم. ئۆزەڭگە ئايان، دوستۇڭ ئابدۇرەھىم سېنىڭ ئەڭ سادىق تونۇشتۇرغۇچۇڭ. ئىككىڭلارغا ئاللا مەرھەمەت قىلسۇن. ئۇ بۇ قېتىم ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ مەرتىۋىسى ئۆسىدىغان نامزاتلاردىن بىرى، ئېرىشقان ئادەم تېگىشلىك نېسىۋىسىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ. بۇ گەپلىرىمنى ھازىر چۈشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن. كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن، قېنى مەرھەمەت! — دۇبۇس ئىمادىددىننى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

ئىمادىددىن ئۆز ھوجرىسىغا كەلدى: ئېزىتقۇلار ئارىسىدا قالغاندەك ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ گاڭگىراپ، بۇ ئاجايىپ -

غارايىپ ئىشلارنىڭ سىرىنى زادى چۈشىنەلمىدى. ئۇ دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ ھازىر ئۆز يېنىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ بولغان بولسا، ئۆزى يېشەلمىگەن چىگىشنى يېشىپ، ئۇنى مۈشكۈللۈكتىن خالاس قىلغان بولاتتى.

* * *

شۇ كۈنى كەچتە خۇددى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەندەك، روھىي ـ كەيپىياتى چېچىلاڭغۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىمادىدىن بىر كېچىنى تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى سەھەردە ئۇنىڭ ئىشىكىنى بىرسى قاقتى، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. دوستى ئابدۇرەھىم ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئىمادىدىن ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولدى ـ دە، شۇئان كۆڭلى ئەمىن تېپىپ خۇددى قېرىندىشىنى كۆرگەندەك ھاياجاندا چەكسىز خوشاللىقتا چۆمدى. ئىمادىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئابدۇرەھىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ئەپتىڭدىن قارىغاندا، تازا زېرىكىپسەن ـ دە؟ — دېدى ئابدۇرەھىم كۈلۈپ.

— زېرىكىشنىڭغۇ زېرىكمىدىم، بەزى ئىشلارغا ئەقلىم يەتمەي، سېنىڭ ياردىمىڭگە مۇھتاج بولۇپ تۇراتتىم، — دېدى ئىمادىدىن ۋە ئابدۇرەھىمنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئاندىن: — نەدىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— دۇبۇس شەيخنىڭ يېنىدىن. ئۇ سېنىڭ ئەقلىڭ ۋە جاسارىتىڭگە ھەيران قاپتۇ، ئۇ ساڭا تازا ئىلتىپات قىلىپ، ئۆيلىنىشىڭغا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بېرىپتۇ، — دېدى ئابدۇرەھىم ئولتۇرغاچ.

— بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بېشىم قېتىپ بەك گاڭ-گىراپ قالدىم، شۇڭا سەندىن سورىماقچىمدىم.
— نىمە ئىش ئىدى؟
— دۇبۇسنىڭ تۇنۇگۇن ماڭا دېيىشىچە، سۇلتان نۇرىددىن، دەمەشقنىڭ ئەمىرى تۇنۇگۇن قازا تېپىپتىمىش. بىراق، مەن تېخى ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۆز ياساۋۇللىرى بىلەن بىللە بىر كۈن ئات مەشقى قىلىپ شەھەرگە قايتقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى بېجىرىم ئىدىغۇ.
— بۇ گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست. شۇنداق بولغان. مەشق مەيدانىدىن شەھەرگە قايتىۋاتقاندا، ساپ - ساقلا ئىدى. لېكىن شەھەر قەلئەسىگە كەلمەي تۇرۇپلا مىجەزى يوق بولۇپ قالغان. تىۋىپ تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ بوغما كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغانلىقىنى ئېنىقلىغان، — دىدى ئابدۇرەھىم چۈشەندۈرۈپ.
ئىمادىددىننىڭ كۆزلىرىدە تەئەججۈپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. «نۇرىددىن كوچىدا ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنىمدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بوغما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپتۇ، كېسەل قاتتىق تېگىپتىكەن - دە!» دەپ ئويلىدى ۋە يەنە ئابدۇرەھىمدىن سورىدى:
— راست شۇنداق بولغان بولسا، نۇرىددىننىڭ ئەتىگەندە ۋاپات بولغان خەۋىرى قانداقىسىگە بۇ يەرگە شۇنچە تېز يېتىپ كەلدى؟
ئابدۇرەھىم كۈلۈپ كېتىپ:
— ئابدۇجاپپار، بۇ ئاللا مەرھەمەت قىلغان خوجىمىز شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ كارامىتى - دە، — دىدى ئۇ شەيخقە ئىخلاسمەنلىك بىلەن، — ئۇنىڭ كارامەتلىرى توغرىسىدىكى گەپلەرنى بەيتۇلمۇقەددەستىكى چېغىمىزدا ساڭا دىمىگەنمىدىم! ھەر قانداق ۋەقە يۈز بېرىشى بىلەنلا، شۇئان بىزگە ئۇقتۇراتتى. ۋەقە يۈز

بەرگەن جاي مەيلى بىزدىن قانچە كۆڭلۈك يىراق بولسۇن، ئۇنى
شۇ كۆڭلىلا ئۇقىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ كارامەتلىرى بار دىگىنە.
سەن ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچىنىڭ ئاساسى يوقمىكىن دەپ قا-
رايسەنغۇ دەيمەن؟ مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئادەملەر جۇملىدىن
پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئەگەر بۇ شەيخ
ھەزرەتنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئەقىل - پاراسىتى بارلى-
غىغا كۆزى يەتمىسە، ئۇلار ئۇنىڭغا قانداقمۇ بوي سۇنىدۇ دەي-
سەن؟ بىلەمسەن؟ ھازىر ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئاتمىش مىڭدىن ئا-
شىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى داڭلىق ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
نۇرغۇنلىغان قەھرىمان - ئەزىمەتلەر ۋە بىلىملىك زاتلار بار.
ھەممىسى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە رازىمەنلىك بىلەن چىن كۆڭلىدىن
بوي سۇنىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىنمۇ يانمايدۇ.
سەن، بۇ ئۇلارنىڭ قارغۇلارچە ئىتائەت قىلغانلىغى، ئۇنچىۋالا
قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارامسەن؟

— بۇ گەپچە، سەن مىنى قەتئى نىيەتكە كېلىشىمگە دە-
ۋەت قىلىۋېتىپسەن - دە، — دىدى ئىمادىددىن.

— بۇ مىنىڭ ساڭا قىلغان سەممى نەسىھىتىم.

— ئۇلار مىنىڭ پۇل - پىچەكلىرىمنى، قورالىمنى ئېلىۋال-
دى، — دىدى ئىمادىددىن قايغۇ بىلەن رەنجىپ.

— ئۇ نەرسىلىرىڭدىن غەم قىلما، ئەگەر ئىلتىماسىڭدىن
يانساڭ، ئۇ نەرسىلىرىڭنى ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەن كې-
پىل. بىراق، مىنىڭچە، سەن ئىلتىماسىڭدىن يانمايسەن، بولۇپمۇ
شەيخ ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ شىرىن سۆخەنلىرىنى
ئاڭلىساڭ، كارامەتلىرىنى دەلىللىگەندە، ئاندىن قول قويىسەن.
لېكىن ... — ئابدۇرەھىم تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇ-
تۇۋېتىپ، شۈك بولۇپ قالدى. گويا بىر نىمە دىمەكچى بولۇپ،
پۇشايمان قىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.



www.uyghurkitap.com

— ماڭا گەپنى ئوچۇق ئېيتىشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك تۇرسەن، — دېدى ئىمادىددىن.

— ۋاي قېرىنداشىم! ئەزبەرايى خۇدا، ئۆزۈڭگىمۇ ئېنىق، ئىككىمىز سەممىمى تونۇشۇپ، ھېچقانداق سىرىمىزنى يوشۇرماي بىر بىرىمىزگە ئىچ - قارنىمىزنى تۆكۈشتۇق، — دېدى ئابدۇرەھىم، — بىزنىڭ بۇ پىرقىمىزغا ئەڭ باتۇر، ئەڭ جەسۇر ئادەملەر يىغىلغان. مېنىڭچە، سەندەك باتۇر كىشى بۇ پىرقىغا كىرسەڭ دېسە قارشى ئېلىنىدۇ. ساڭا قىلىنغان ئىلتىپات ئۈچۈن مېنىڭ سەممىمى نەسھەتىمگە رەھمەت ئېيتىسەن تېخى. بىراق بىر ئىش بار ئىدى، ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنى ساڭا دېمەكچى ئىدىم، لېكىن بۇ باشقىلارغا ئېيتىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان ئىش ئىدى.

— دەپ بەرسەڭ، ئەقىل ئۆگەتتىڭ دەپ، ساڭا تېخىمۇ رەھمەت ئېيتاتتىم. ئىللا - بىللا، زادى باشقىلارغا دېمەيمەن، — دېدى ئىمادىددىن.

— مۇبادا سەن بىزنىڭ پىرقىمىزغا كىرىش قارارىغا كەلسەڭ، — دېدى ئابدۇرەھىم پىچىرلاپ، — ئۇلار سېنى سىنايدۇ. بۇنداق سىناقتا ھەم يۈرەكلىك، ھەم ناھايىتى چىدامىلىق كىشىلەرلا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ساڭىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىراق، مەن ساڭا شۇنى ئېيتايكى، بۇ سىناقلار كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، تايىنى يوق بىر سېھىر - جادۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەقسىدى كىشىنىڭ جاسارىتىنى سىناپ بېقىش. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇلار سېنى قانداق قىل دېسە، قورقماي قىلىۋەر. مەن مۇشۇنچىلىكلا دەپ قوياي. بۇنىڭدىنمۇ ئوچۇق ئېيتالمايمەن.

— سەن مېنى چۈشىنىسەن، ئۇلار مېنىڭ جاسارىتىمنى سىنىماقچى بولسا، بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن. بىراق مەن

بۇ پىرقىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى بىلمەكچى ئىدىم، دەپ بېرەلەمسەن؟

— نېمىنى بىلمەكچى بولساڭ سوراۋەرگىن!

— بۇ پىرقىنىڭ ئەھۋالىنى تازا ئۇقۇپ كېتەلمىدىم. پەقەت ئۇنىڭ باشلىقى راشىددىننىڭ دانىشمەن ھەم كارامەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، مۇرىتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا سادىق، ھەتتا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنىلا ئۇقتۇم. لېكىن مەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان شۇنچە ساداقەتلىكى ۋە ئېتائەتمەنلىكى ئۇچۇن قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بەكمۇ ئۇققۇم كېلىدۇ، مۇشۇنى دەپ بەرسەڭ قانداق؟ — ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمدىن جاۋاپ كۈتمەيلا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاندىن بۇ پىرقىنىڭ ئىچكى تەشكىلىي ئەھۋالىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويساڭ. مەن بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىر قانچە دەرىجىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى سەزدىم: بەزىلىرى چاكار، ئەسكەرلەرگە ئوخشايدىكەن؛ بەزىلىرى خۇددى پادىشا، ۋەزىرلەردەك ھۆرمەتلىنىدىكەن؛ ھېلىقى دۇبۇس دىگەن كىشى خۇددى پادىشاغا ئوخشايدىكەن.

— شۇنداق، بۇ يەردە دەرىجە پەرقى ناھايىتى قاتتىق، — دىدى ئابدۇرەھىم، — مەن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي: بۇ پىرقە پىدائىلار، مۇستەنىرا دەپ ئاتىلىدىغان مەشقاۋۇللار، ئىچكى مەخپىيەتلىكنى ئىگەللىگەن باشلىقلار تەبىقىسىدىن تەركىپ تاپقان. ئىسمائىلىيە پىرقىسىغا قاتناشقان ھەر قانداق ئادەم دەسلەۋدە پىدائىي بولۇشى كېرەك. سالاھىيىتى توشقاندا مۇستەنىرالىققا كۆتىرىلىدۇ. مەن تاھازىرغىچە پىدائىي...

— ئەگەر ئەتە مەن بۇ پىرقىغا كىرسەم، ساڭا ئوخشاشلا بولامدىمەن؟ — دىدى ئىمادىددىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ھەئە، سەنمۇ پىدائىي بولىسەن، — دىدى ئابدۇرەھىم ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — بىراق، پات - ئارىدا مۇستەنىرالىققا

كۆتىرىلىشىم مۇمكىن. چۈنكى مەن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلدىم. ئۇ دەرىجە ئۈستۈرۈشتىكى بىر قاتار سىناقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى. ئەمدى بۇ يەرگە يېڭى بىر مەخپى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم.

— دەرىجەڭ ئۆسىدىغان بۇ سالاھىيەتكە قانداق نەتىجەڭ بىلەن ئېرىشتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئىمادىددىن يەنىمۇ كولاپ.

— بۇ پىرقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەپ ئېرىشتىم. ئەمرى - پەرمانىنى بېجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەتتا قۇربان بولۇشقىمۇ جېنىمنى تىكىپ قويىدۇم. ھەر بىر پەدائى مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مۇستەنسىرالىققا كۆتىرىلىشتىن ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ. سېنىڭمۇ كۆتىرىلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. چۈنكى سەندە يۈكسەك ئىرادە ۋە ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەت بار.

ئىمادىددىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويغا پاتتى. ئۇ ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى، بولۇپمۇ سەييىدەنىڭ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن قورۇنۇۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتى.

— سەن يەنىلا دىلىغول بولۇۋاتقاندەك قىلىسەن، تەگلىك بولما. دەمەشقتىن نۇرىددىن سۇلتانىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى مۇسىبەت خەۋىرى كېلىپ، ئىمامىمىزنىڭ كارامىتى ئىسپاتلانغاندا، پىرقىمىزغا كىرىشكە ئۆزلۈگىدىن بەل باغلايسەن. ئەلۋەتتە خوجىمىز شەيخ ھەزرەتلىرى سېنى كىرىشكە زورلىمايدۇ. پىرقىمىزغا كىرىشكە تەشنا بولۇپ تۇرغانلار نۇرغۇن. لېكىن خوجىمىز ئۇلارنى ياراتمايۋاتىدۇ تېخى! ئىشەنمىسەڭ يۈر، ساڭا كۆرسىتىپ قوياي! — ئابدۇرەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

ئىمادىددىن ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە بىرمۇنچە ئادەم بولۇپ، ھەر خىل تىلدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ سېلىشىۋاتاتتى: بەزىلىرى ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى؛ بەزىلىرى بىر بىرى

بىلەن تاكالىشاتتى. ئابدۇرەھىم ئىمادىددىنغا مۇنداق دېدى:
— قارا! بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيخىمىزنىڭ نامىغا ھەۋەس
قىلىپ پىرقىمىزگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەر. بىراق
بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدىۋى، قاتىل، بۇلاڭچى، نامراتلىقتا چۈش-
كۈنلەشكەن بىر نىمىلەر. بۇلار بىزنىڭ بۇ پىرقىمىزنى ئالىقانات-
سايىقلار گۇرۇھى دەپ قارىسا كېرەك. بۇ بۇلارنىڭ ناھايىتى زور
سەۋەنلىكى - دە، بۇلار پىرقىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىدىنىڭ ئۆز-
لىرى چۈشەنگەندىن كۆپ دەرىجىدە ئۇلۇغۋار ئىكەنلىكىنى بىل-
مەيدۇ. بۇ ئاساسىي مەقسەتنىڭ سىرىنى سىڭىنگمۇ تېخىچە چۈشەن-
مىگىنىڭگە ئەپسۇسلىنىمەن. كۆردۈڭمۇ، مۆلچەرىمچە، بۇ ئادەملەر
يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈن
بولدى. لېكىن دۇبۇس شەيخ ئاخۇنۇم بۇلارنى تېخىچە قوبۇل
قىلمىدى.

ئىككىيلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئادەملەر ئارىسىدىكى بىر كى-
شىگە كۆزلىرى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ لىق ئاق ھاراق
توشقۇزۇلغان باش سۆڭىكىنى كۆتىرىۋالغان بىر كۇرد بولۇپ،
تايتاڭلاپ ئۇيان - بۇيانغا دەلدەڭشىيتتى، ھاراقتىن بىر - ئىككى
ئوتلاپ قويۇپ، داخۇڭگەيلىك قىلىپ ئۆزىنى ماختاپ لاپ ئاتاتتى.
ئوغىسى قايناپ كەتكەن بىر تۈرك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى
مازاق قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىكى سۆڭەك جامىنى بىر ئۇ-
رۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ھاراق يەرگە تۆكۈلدى. كۇردنىڭ شېرىكلىرى
خوش بولۇشۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ھىلىقى تۈركنىڭ ئاغىنىلىرى
ئۇنىڭ ھەركىتىگە بارىكاللا ئېيتىشتى. لېكىن بۇ ھاقارەتكە چىداپ
تۇرالمىغان بايىقى كۇرد يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ئېتىلىپ
بېرىپلا تۈركنىڭ كۆكرىگىگە تىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەتراپتى-
كىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى - دە، ئىككى تەرەپ بولۇپ جېدەل
قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا، ئابدۇرەھىم قاتتىق ۋاقىراپ، جى-

دەلنى بىسقتۇردى؛ ئاندىن ياساۋۇللارغا بۇيرۇپ قاتىلنى تۇتتۇردى. ئىمادىددىن بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدى - دە، مەيداندىن چىقىپ ئۆز ھوجرىسىغا يېنىپ كەلدى.

ئەتىسى ئابدۇرەھىم رەسمى تەزىيە خېتىنى ئېلىپ ئىمادىددىننىڭ ھوجرىسىغا كەلدى. تەزىيە خېتىدە: شام سۇلتانى نۇرىددىن بوغما كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى، دېيىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى راشىددىننىڭ ئاللانىڭ ۋەھيىسى بىلەن بۇ ئىشتىن خەۋەر قىلغان ۋاقتىغا دەل توغرا كەلدى. ئىمادىددىن قاتتىق چۆچۈدى. لېكىن ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، يولۋاس ئۇۋىسىغا — بۇ پىرقىغە كىرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش يولىدا قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا چامدىماي بولمايتتى. چۈنكى ئۇ سالاھىددىننى كەلگۈسىدىكى ئاپەتتىن ساقلاش ئۈچۈن، بۇ پىرقىنىڭ باشلىقى راشىددىننى ئۆلتۈرۈشكە سالاھىددىن ئالدىدا قەسەم قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشتىن سەيىدە خەۋەر تاپقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارماستىن قۇرۇق قول قايتالمايتتى.

* * *

ئىمادىددىن ئەتىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ باشلىقى راشىددىننىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان ھىلىقى راشىددىن شەيخ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، يۈرىگى سىيلىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ دوستى ئابدۇرەھىم كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، جىددىيلىشىپ كەتمەسلىكنى ئېيتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئاۋال شەيخ ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشەمدۇق ياكى شەيخ دۇبۇس بىلەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىمادىددىن.

— ئەلۋەتتە ئاۋال شەيخ دۇبۇسنىڭ قېشىغا بېرىپ، شۇ كىشى ئارقىلىق ئاندىن شەيخ ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشەلەيمىز، — دېدى ئابدۇرەھىم، — تەييارلىغىنىڭ پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى، — ئىمادىددىن ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن، يۈرىگى دەككە - دۈككىدە ئىدى.

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى! — دېدى ئابدۇرەھىم ئالدىرىتىپ.

ئىككىيلەن دۇبۇسنىڭ ھوجرىسىغا كېلىشتى. ئابدۇرەھىم دۇبۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەقسەتىنى ئېيتتى. ئاندىن دۇبۇس ئىمادىددىندىن:

— ئابدۇجاپپار، پىرقىمىزگە كىرىش قارارىغا كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق غوجام، — دېدى ئىمادىددىن قەتئىلىك بىلەن.

دۇبۇس ئىمادىددىننى ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى سېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى ۋە ئاندىن بىر ئاق پەرىجىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئىمادىددىن پەرىجىنى كىيدى. ئۇنىڭ پەشلىرى يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى؛ دۇبۇس يەنە ئۇنىڭغا سەللىسىنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ سەللىسىنى ئېلىۋەتتى. ئۇزۇن چۇۋۇق چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشتى. بۇ چاغدا ئابدۇرەھىم ئىمادىددىنغا دۇبۇس شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشكە ئىشارەت قىلدى. ئىمادىددىن ئۇنىڭ قولىنى سۆيگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى يۈر دەپ باشلاپ ماڭدى.

ئابدۇرەھىم ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار دەھلىزمۇ-دەھلىز ئارىلاپ، بىرنەچچە تار يولدىن ئۆتتۈشتى. ئۇلار ئۆتكەن

هەر بىر يەردە زىچ قوراللىق قاراۋۇللار قاتتىق مۇھاپىزەت قى-
لىشىپ تۇرۇشاتتى. ئانچە ئۆتمەي، ئابدۇرەھىم بىلەن ئىمادىددىن
ئاخىر بىر دەھلىزنىڭ ئىشىگىگە كېلىشتى ۋە بۇ يەردىن چىقىپ
ئۇدۇل ماڭدى. ئۇدۇلدا يوغان بىر ئىشىك كۆرۈندى، ئىشىككە
پەردە تارتىلغان؛ ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا قەددى - قامەتلىك،
بەتهەيۋەت ئىككى پاسىبان تىك تۇراتتى. ئابدۇرەھىم پاسىبانلار-
نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىچكىرىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى قو-
لى بىلەن ئىشارەت قىلدى (چۈنكى ھەر ئىككى پاسىبان گاچا
ئىدى). ئۇلار ئابدۇرەھىمنى تونۇغاچقا ئۇنىڭغا دەرھال رۇخسەت
قىلدى، ئىمادىددىننى توسىۋالدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇر-
دى. ئۇنىڭ يۈرىگى پوكۇلدايتتى، ئەندىشە قىلاتتى، ھەتتا بۇ يەر-
گە كەلگىنىگىمۇ پۇشايمان قىلاتتى. بىراق ئۇ يەنە، كەلگەن
ئىكەنمەن، بولدى، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي، دەپ ئويلىدى.
ئۇ تازا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، ئابدۇرەھىم قايتىپ چىقتى - دە،
ئۇنىڭغا:

— شەيخ ھەزرىتىم بىر كۇرد قاتىلنى سوراق قىلىۋاتقان
ئىكەن، بىزنىڭ كىرىپ ئاڭلىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى، — دىدى.

ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمنىڭ كەينىدىن چوڭ بىر سارايغا
كىردى. سارايىنىڭ ئىچى گۇڭگا بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان
ئىگىز، چوڭ ئورۇندۇق غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شەيخ ھەزرەت
بۇ ئورۇندا يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار
تۇرغان ياساۋۇللىرىنىڭ يۈزلىرى رومال بىلەن نىقاپلانغان ئىدى.
بىر پەستىن كېيىن ئىمادىددىننىڭ كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنگەن-
دىن كېيىنلا، ئىككى قولى باغلانغان كۇردنى كۆردى؛ سارايىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلەنگەن بىر جەسەت ياتاتتى.
بۇ چاغدا، ئابدۇرەھىم ئىمادىددىننى ئۆزى بىلەن يانىمۇ - يان
تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئىمادىددىن يېقىن كېلىپ تۇرغاندىن

كېيىن، راشىددىن شەيخ ھەزرەتلىرىگە سىنچىلاپ سەپسالدى: ئۇ قاپ ـ قارا رىدا (يەكسىز پەرىجە)غا تاكى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغىچە چىڭ يۆگىنىپ ئولتۇراتتى، ئۆمۈچۈك تورىدەك زىچ قورۇق باسقان يۈزى ۋە ئىڭىكىدىكى ئاپپاق ساقىلىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئوتتەك چاقناپ تۇرغان ئىككى كۆزىدىن ئادەمنى سۈر باسىدىغان ھەيۋە چىقىپ تۇراتتى.

راشىددىن شەيخ ھىلىقى كۇردنى سوراق قىلىۋاتقان ئىدى.

— سەن يۈرىگىڭنى قاپتەك قىلىپ، مۇشۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ؟! — دەپ ۋاقىرىدى شەيخ.

— يوقسۇ غوجام، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم. ئۇلار ماڭا قارا چاپلاۋاتىدۇ، — دىدى كۇرد.

— سەن تېخى تانماقچىمۇ؟! — دىدى راشىددىن شەيخ ۋاقىراپ، — تانسام ئالداپ كېتىمەن دەۋاتامسەن؟ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە نىمە بارلىغىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ سىرىنى ئىچىپ تاشلايدىغانلىغىمنى بىلمەمسىنا!؟

— غوجام، ئۇلار ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. ماڭا ناھەق بولدى. ئەگەر ئۆزلىرى ماقۇل كۆرسىلە، گۇۋالىققا ئادەم ئەكىلەي. قەسەم ئىچىشكە تەييارمەنكى، مەن گۇناسىز.

— بىزگە گۇۋاچىنىڭ كېرىگى يوق؛ ھەر قانداق قەسەمگىمۇ ئىشەنمەيمىز. مۇشۇ ئۆلۈكنىڭ ئۆزىدىنلا سورىسام، ئەينىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئىمادىددىننىڭ بەدەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. بۇ چاغدا راشىددىن شەيخ ئۆلۈككە يېقىن كېلىپ، بارمىغىنى ئۆلۈككە شىلتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھەيۋە بىلەن سورىدى:

— سېنى مۇشۇ كۇرد ئۆلتۈردىمۇ؟ تېز جاۋاپ بەر!

سارايىنىڭ ئىچى شۇئان جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەممەي-

لىقنى جىددىلىشىپ جەسەتكە قاراشتى. ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈكتىن:

— مېنى ئاشۇ ئۆلتۈردى، — دىگەن پەس ئاۋاز ئاڭلاندى.

— سېنى نىمە بىلەن ئۆلتۈردى؟ — دەپ سورىدى يەنە راشىددىن شەيخ.

— خەنجەر بىلەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىمادىددىن جەسەتنىڭ زۇۋانغا كىرىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقىدىن هاڭ - تاڭ بولۇپ تىترەپ كەتتى. سوراق تۈگىگەندىن كېيىن، راشىددىن شەيخ ئۆز ئورنىغا بېرىپ، ئالدىدا تۇرغان ياساۋۇللارغا بۇ جىنايەتچىنى ئېلىپ چىقىپ زىندانغا تاشلاشنى، ئۆلۈكنى ئەچىقىپ كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. ياساۋۇللار بۇيرۇقنى ئورۇنلىدى. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغان سورۇندىكىلەر داڭ قېتىپ قېلىشتى.

بىر ئازدىن كېيىن، راشىددىن بىرنەچچە ياساۋۇللىرىنى ۋە ئابدۇرەھىم بىلەن ئىمادىددىننى قالدۇرۇپ، قالغانلارنى چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئابدۇرەھىمگە جاپپارنى (ئىمادىددىننى) يېقىن ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئابدۇرەھىم ئىمادىددىننى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— سېنىڭ بىزگە بايىقى كۇردقا ئوخشاش سەممىيەتسىز بولماي، سەممىي بولۇشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن، — دىدى شەيخ ئىمادىددىنغا.

— سەنمۇ كۇرد ئىكەنسەن، لېكىن سېنىڭ چىرايىڭدىن سەممىيەتلىكنى كۆرۈۋاتىمەن. سەن بىزنىڭ پىرقىمىزگە كىرىشنى تەلەپ قىلغانمۇ؟

— شۇنداق غوجام.

— پىرقىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— خەۋىرىم بار.

— سەن ئۆزەڭنى ئالدىما. ئەگەر قورقۇپ، ئىككىلىنىۋاتقان بولساڭ، ھازىر تەلۋىنىڭدىن يانساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن. توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقلارنىڭ بىزگە كېرىگى يوق.

— شۇنداق.

— سەن بۇ يەرگە نىمىشقا كەلدىڭ؟ — راشىددىن قاتتىق بىر - ئىككى يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن سورىدى.

— جانابى شەيخ ھەزرىتىمنىڭ مۇقەددەس خىزمىتى ئۈچۈن كەلدىم.

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى راشىددىن ئارقىدىنلا.

— بەيتۇلمۇقەددەستىن، — ئىمادىددىن جاۋاپ بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ يەنىمۇ كولاپ سۈرۈشتۈرۈشىدىن قورقۇپ دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى. ناۋادا سىرى ئاشكارىلىنىپ قالسا، كاللىسى كېتەتتى.

— بەيتۇلمۇقەددەستىن كەلگەنلىگىڭدىن خەۋىرىم بار. خوش، بەيتۇلمۇقەددەسكە قەيەردىن بارغان؟ — دەپ سورىدى راشىددىن قىستاپ.

ئىمادىددىن دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، لام - جىم دىمەي تۇردى ۋە: راشىددىن ماڭا ئىشىنىۋاتامدۇ ياكى مەندىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ؟ دەپ ئويلىدى. راشىددىننىڭ سېھرى - جادۇ كۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ لام - جىم دىيەلمەي قالدى.

— قورقۇۋاتقاندەك تۇرىسەن، يىگىت، قورقما! — سەن ئەقىللىق يىگىت، مەن سېنى گەپ قىل دەپ زورلىمايمەن. بىر تال چېچىڭنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن سورىسام، ھەممىنى بىلىۋالىمەن، — دىدى راشىددىن. ئاندىن ئابدۇرەھىمنى



www.uyghurkitap.com

ئىمادىددىننىڭ بېشىدىن بىر تال چاچ ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئابدۇرەھىم چاچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ چاچنى باش بارمىغى بىلەن بىگىز بارمىغىدا تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي، ئابدۇ جاپپارنىڭ چېچى، ئېيتە، سېنىڭ ئىگەڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قەيەردىن بارغان؟

— شۇ ئان چاچتىن تىترىگەن تارنىڭ ئاۋازىدەك، «قاھىرىدىن بارغان» دىگەن بوش ئاۋاز ئىمادىددىنغا ئاڭلاندى.

— سۆزلە، سېنىڭ ئىگەڭ قاھىرىدە نىمە ئىش قىلاتتى؟ — دەپ سورىدى راشىددىن چاچقا قاراپ تۇرۇپ.

— سالاھىددىننىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى.

ئىمادىددىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى - دە، يۈرىگى سېلىشقا باشلىدى. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ، سۈكۈت ئىچىدە خىيالغا پاتتى. راشىددىن داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈۋېرىدىغان بولسا، سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىمادىددىن راشىددىنغا يەر تېگىدىن قاراپ، سالاھىددىننىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇھ تارتىپ، قولىدىكى چاچنى تاشلىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «سالاھىددىن؟ ئاللا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دىگەنلىگىنى ئاڭلىدى.

ئىمادىددىن راشىددىننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان بولسىمۇ، يەنىلا لام - جىم دىمەي جىم تۇردى.

— سەن پىرقىمىزگە كىرىشكە نىيەت قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى راشىددىن.

— ھەئە، غوجام، — دىدى ئىمادىددىن.

— سېنى قانداق ئىشلارغا سالىدىغىنىمنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، لېكىن بۇيرۇقلىرىغا قەتئى بويسۇنىمەن.

www.uyghurkitap.com

راشىدىننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە ئاندىن:

— مەن جاۋابىڭدىن ناھايىتى رازى، — دېدى.

راشىدىن سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ گۈڭگا سارايدىن چىقىپ كېتىشكە ماڭدى. ئىمادىددىن بىلەن ئابدۇرەھمەنگە ئارقىسىدىن مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇلار سارايىنىڭ سىرتىغا چىقىپ توختىدى.

— قارا! — دېدى راشىدىن ئىمادىددىنغا، ئالدىدىكى بىر ھاڭنى كۆرسىتىپ.

ئىمادىددىن ئىنكىلىپ قاراپ يۈرىگى قاتتىق قىلدى. ئۇ تېگى يوق بىر ھاڭنىڭ لېۋىدە تۇراتتى.

— ئەگەر ۋەدەڭدە تۇرالىساڭ، ھاڭغا سەكرە! — دېدى راشىدىن.

ئىمادىددىن قورقۇنچلۇق ھاڭغا قاراپ: «راشىدىن مېنىڭ سىرىمنى بىلىۋېلىپ، قەستەن مۇشۇ تۇزاققا دەسسىتىمەكچى بولغان ئوخشايدۇ. ئاۋادا ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بويىچە سەكرىسەم، ئۆلمەي قالمايمەن» دەپ ئويلىدى — دە، ئابدۇرەھمەندىن مەسلىھەت سورىغاندەك، ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىدى. ئابدۇرەھىم ئۇنىڭغا سەكرەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان كۆز ئىشارىتى قىلدى. ئىمادىددىن دوستىغا ئىشەنگەچكە، ئىككىلىنىشنى تاشلاپ، ھاڭغا قاراپ ماڭدى. قىل ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە، تۇساتتىن بىر تال توغرا ياغاچ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى توسۇۋالدى ۋە بۇ ھاڭنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ قالدى. ئىمادىددىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي، چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى.

راشىدىن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى تۇتۇپ:

— سېنىڭ ماڭا سادىق ئىكەنلىكىڭ ئىسپاتلاندى. ساداقەتلىك ھاياتىڭنى قۇتقۇزدى، — دېدى.

راشىدىن ئۇنى سارايغا قايتىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن:

— بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ سادىق مۇرىدىم بولدۇڭ، — دېدى.

راشىددىن سارايغا قايتىپ كىرىپ، ئۆز ئورۇندۇغىغا ئولتۇردى، ئاندىن مۇلازىمنى قەدەھ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مۇلازىم قەدەھنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ قەدەھنى ئالدى، ئاندىن بىر كوزىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پىيالىگە سۇ قۇيدى ۋە مۇنداق دېدى:

— بۇ ئابى ھايات، ئەگەر راست سەمىمى - سادىق بولساڭ، بۇ سېنى باغۇ ئىرەمگە ئېلىپ بارىدىغان كەۋسەر؛ ئەگەر يالغانچى بولساڭ، بۇ جېنىڭغا زامىن بولىدىغان ئوغا - زەھەر؛ نىيىتىڭ دۇرۇس، قەلبىڭ پاك بولسا، بۇيرۇغىمغا بوي سۇنۇپ، بۇنى ئىچكىن.

ئىماددىن قەدەھنى قولىغا ئېلىپ سەل ئىككىلەندى، ئەمما دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەدەھنى كۆتىرىپلا ئىچىۋەتتى. راشىددىن قولى بىلەن ئىماددىننى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئىماددىن ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاستا - ئاستا خۇدىنى يوقاتتى.

* * *

ئىماددىن ئەلەڭ - سەلەڭ ھالدا كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ، ئۆزىنىڭ بىر باغۇ ئىرەمدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ چاغدا، مەيىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئۆتتى؛ بىر قول ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. شۇ ئان بۇ قولنىڭ زىبا بىر قىزنىڭ، پەرىزاتتەك بىر نازىنىننىڭ قولى ئىكەنلىكىنى بىلدى. قىزچاق ئۈستىگە ئۇقادەك ئاق كۆينەك كىيگەن بولۇپ، قەددى - قامىتى زىلۋا ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا تۆگە قۇش-

نىڭ پەرلىرىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بار ئىدى. سول قولى بىلەن ئىمادىددىننىڭ پېشانىسىنى يېنىك سىلىماقتا ئىدى. ئىمادىددىن ئەتراپقا قاراپلا، ئۆزىنىڭ خىيالىي مەنزىرە ئىچىدە تۇرغانلىقىنى سەزدى - دە، سەللا مىدىرلىسام بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن يوقۇلۇپ كەتمىسۇن يەنە دەپ قورقۇپ، مىدىرلىماي ياتتى.

— قوپۇڭ، سۆيۈملۈگۈم! قاچانغىچە ئۇخلايسىز؟ — دېدى قىز ناز - كەرەشمە بىلەن.

ئىمادىددىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچەكلەرگە سەپسالدى: ئۇچىسىدا شاھانە تون، سەرپاي، بېشىغا كالۇتۇن، كۈمۈش يىپلار بىلەن توقۇلغان سەللە ئورالغان ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى گىلەمگە قارىدى، بۇ گىلەم كالۇتۇن، كۈمۈش يىپلار بىلەن ھەر خىل گۈللەر چۈشۈرۈلگەن، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئېسىل گىلەم ئىدى. ئىمادىددىن تەئەججۈپ ئىچىدە ھاڭۋېقىپلا قالدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، گاھ ئۆزىگە، گاھ قىزغا قارايتتى.

بۇ چاغدا قىز يۈزىدىن رومىلىنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالتۇندەك ساغۇچ ، بوستان چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى، ئىمادىددىنغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرى گويا يۈرەك - باغرىنى ئورتەۋاتقان مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ناز - كەرەشمە بىلەن ئويناپ تۇراتتى. لېكىن ئىمادىددىن يەڭگىلتەكلىك بىلەن بىرەر ھەركەت قىلماي، ئۇنىڭ يەنە قانداق ئىپادىلەرنى كۆرسىتىشىنى كۈتۈپ جىم تۇردى. قىز دەرھال قولىنى ئۇزىتىپ، ئىمادىددىننىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇجاپپار، نېمە بولدۇڭ، چۈش كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ شەيخ ھەزرەتلىرى بەرگەن ئابى ھاياتنى ئىچكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن ھازىر جەننەتتە. بۇ يەرگە

پەقەت سالاھىيىتى توشقان ئادەملەرلا كىرەلەيدۇ.

ئىمادىددىن راستىنلا راشىددىن شەيخ ئۇزاتقان بىر پىيالە سۇنى ئىچكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى - دە، شۇئان كەيپى بۇزۇلۇپ، پەرىشان بولۇشقا باشلىدى. «بۇ قىز نېمىشقا ئازدۇرماقچى بولىدۇ؟ بۇ مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماقچىمۇ» دېدى ئىچىدە ۋە قىزدىن كۆزىنى ئېپقاچماقچى بولۇپ، دەرھال كەينىگە بىرنەچچە قەدەم چېكىندى. قىز ئۇنىڭدىن يامانلىغاندەك بىر قىياپەتتە ئاستا - ئاستا ئارقىغا ياندى - دە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە غايىپ بولۇپ كەتتى.

ئىمادىددىن قىزنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا كىشىنى مەس قىلغۇدەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئوت - چۆپ، گۈل - چېچەكلەر ئاجايىپ كۆركەم گىلەمنى ئەسلىتەتتى. ئۇدۇلدا يىراقتا سوزۇلغان سۈپ - سۈزۈك ئېقىن سۇ بولۇپ، ئىككى قىرغىقىدىكى بۈككىدە مىۋىزارلىقنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى ئارىلىرىدىن سۇغا چۈشۈپ تۇرغان كۈن شولىسىدا سۇ يۈزى ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭگارەڭ جىلۋىلىنىپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى.

ئىمادىددىن زەۋق - شەۋق بىلەن پەيزى سۈرۈۋاتقاندا، ئېقىننىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى دەرەخلىكتىن يەنە بىر ھۆر، قىز غىلپال كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ناھايىتى خۇلقىلىق كۈلكە بىلەن ئىمادىددىنغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئىمادىددىن ئۇنى ئاشۇ قىرغاقتا كېلىپ ماڭا گەپ قىلسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدى، بىراق ئۇ قىز قىرغاقتىن ئۆتۈپ سۇنىڭ ئۈستىدىن يېنىك قەدەم بىلەن ئۆتۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يالىڭاياق، مامۇقتەك ئاپپاق پۇتلىرى ئېقىپ تۇرغان سۇ ئۈستىدە بەھۇزۇر چامدايتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يا سۇغا پېتىپ كەتمەيتتى، ياكى سۇنى چالغۇتۇۋەتمەيتتى، ياكى سۇنىڭ ئېقىشىغا كاشىلا بولمايتتى. بۇ چاغدا ئىما-

دىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن جەننەتتە ئىكەنلىكىگە، بۇ يەردىكى ھۆر قىزلارنىڭ پەرىشتىلەر ئىكەنلىكىگە پۈتۈنلەي ئىشەندى. بۇ ھۆر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ چاچلىرى، كۆينىكى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىمادىدىننى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ئىككى غۇلىچىنى كېرىپ قۇچاق ئاچتى. لېكىن ئىمادىدىنىنىڭ ئېسى - يادى سەيىدەدە بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. بۇ ھۆر قىز بەئەينى ئۆز مەشۇقى سەيىدەگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئىمادىدىن: راشىدىدىن سېھرىگەرلىك ئىشلىتىپ سەيىدەنى بۇ يەرگە كەلتۈرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. دەل شۇ چاغدا ھۆر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى ئۇزاتتى. ئىمادىدىنمۇ قولىنى ئۇزاتتى - دە، ئىككى قول بىر بىرىنى چىڭ تۇتۇشتى. ئىمادىدىن ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ سەپسېلىپ، ئۇنىڭ سەيىدەگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، ھۆر قىز ئۇنىڭغا ياراپ قالدى. قىزنى يېنىغا تارتقاندا، تېزدىن ئاجايىپ بىر خىل خۇش بۇي كەلدى. قىز ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالغاندا، ئىمادىدىنىنىڭ بەدىنى غۇژژىدە ئېرىپ كەتتى - دە:

— سىز كىم؟ بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىدى ئەنسىزلىك بىلەن.

— قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەيۋاتامسىز؟ بۇ ئۇلۇغ ئىمامىمىز شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ جەننىتى، — دىدى ھۆر قىز.

— ئۇ شەيخىمىنىڭ ھەممە مۇرىتلىرى مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ؟

— ياق. ئەڭ ئىتائەتمەن كىشىلا تۇرالايدۇ.

ھۆر قىز ئىمادىدىنىنىڭ قولىدىن تارتىپ، خۇمار كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. ئىمادىدىن ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى.

— قورقماي مېڭىۋېرىڭ! — دىدى قىز.

شۇنىڭ بىلەن ئىمادىدىن تەۋەككۇل قىلىپ ھۆر قىز بىلەن

ماگدى ۋە سۇ بىلەن پۈتى ئارىلىغىدا قاتتىق بىرنەرسە باردەك بىلىنىپ، مۇز تۇتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. نېرىقى قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، قىز بىلەن بىللە مېڭىۋەردى.

ئىمادىددىن ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلا مۇشۇ يەردە تۇرالايدۇ دەپ ئاڭلىغانلىقتىن، ھۆر قىزدىن:

— مەنمۇ داۋاملىق مۇشۇ يەردە تۇرامدىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— سىز بۇ يەرگە يېڭى كەلدىڭىز، ئاۋال كۆرۈپ باقسۇن دىدۇق. كېيىنچە بۇ بەردىكى ھوزۇر - ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىسىز، بەلكى شۇنداق بولار.

ئىمادىددىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بولىدىغان ۋاقتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، پۇخادىن چىققۇدەك تاماشا قىلغاچ ماڭدى. باغدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ كۆپلۈگىدىن، ئادەم كۆرۈپ تۈگىگۈلىكى بولمايتتى. ئاپپاق تۇرنىلار، رەڭگا - رەڭ يەرلىك توزلار ئۆز ھۆسنىلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشقاندەك يايراپ يۈرۈشەتتى، ھەر خىل قۇشلار بەس - بەس بىلەن سايرىشاتتى، گۈل - چىمەنلەر ئارا پەرۋاز قىلىشاتتى. ھۆر قىز قۇشلارنى چاقىرىۋىدى، ئىنسان تىلىنى بىلىدىغاندەك بىر توپ قۇش ئارقا - ئارقىدىن ئۇچۇپ كېلىشىپ، قىزنىڭ مۈرىلىرىگە ۋە قوللىرىغا قونۇشتى ھەم ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن دىك - دىك سەكرىشىپ، يۇر - يۇر ئۇچۇشۇپ ئويناپ كېتىشتى.

ئىمادىددىن ھۆكۈرىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى، بۇ شىرنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئىمادىددىن چۆچۈپ:

— ھۆكۈرەۋاتقان شىرغۇ؟ — دىدى.

— ھەئە، قورقماڭ. بۇ يەردىكى شىرلار ئۆز ئىگىلىرىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، — دىدى قىز.

ھۆر قىز ئىمادىددىننى شىر تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. بىر

www.uyghurkitap.com

ئەركەك شىر چارىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سۆرلۈك قىياپەتتە، دەرەخ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى؛ قىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، خۇددى ئاسلاننى ئەركىلىتىپ ئوينىغاندەك، ئۇنىڭ يايلىنى سىلىدى، شىر ئىتائەتمەنلىك بىلەن جىم تۇردى. ئىمادىددىن هاڭ ـ تاڭ قالدى.

ئۇلار يەنە ئالغا قاراپ مېڭىشتى. باغنىڭ چېتىدە، دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا چىرايلىق ياسالغان ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىمادىددىن بۇ ئۆيلەردە قانداق كىشىلەر تۇرىدىغانلىقىنى سورىدى. قىز بۇ يەرنىڭ راشىددىن شەيخنىڭ سادىق مۇرىتلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان، خىلۋەت، هاۋالىق جاي ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى.

ئىمادىددىن هۆر قىزنىڭ كەينىدىن مېڭىپ بىر تامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، قىز توختاپ، ئىمادىددىنغا:

— بۇ يەرگە قاراڭ! — دېدى.

ئىمادىددىن تامدىكى بىر تۆشۈكتىن قاقاس بىر ساينى كۆردى. سايدا نە سۇ، نە ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخ يوق ئىدى. جەسەت ئۇستىخانلىرى ئارىسىدا زەهەرلىك يىلانلار، يىرتقۇچ هايۋانلار ئارىلاپ يۈرۈشەتتى.

— بۇ يەر دوزاق ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئىمادىددىن.

— هەئە، دوزاق. ئەگەر سىز شەيخ هەزرىتىمنىڭ ئەمرى ـ پەرمانىغا ئىتائەت قىلماي، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلسىڭىز، تەقدىرىڭىز مۇشۇ ئادەملەرگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئىمادىددىننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى ـ دە، بۇ يەردە كۆپ تۇرۇشنى خالىماي، ئۆرۈلۈپلا ماڭدى. هۆر قىز ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ماڭغاچ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى، مۇۋە ئۈزۈپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

بىردىنلا قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز سەييىدە-

نىڭ نالىسىگە ئوخشاش بولۇپ، گويا قۇتقۇزۇشنى ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئىمادىددىن سەييىدەنى مۇشۇ ئەتراپتا ئوخشايدۇ دەپ، تۇرۇپلا قالدى.

— نىمە بولدىڭىز؟ — دىدى ھۆر قىز ئۇنىڭغا قاراپ.

— بىرەر ئاۋاز ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، سىز نىمە ئاڭلىدىڭىز؟

ئىمادىددىن ئويلاپ قالدى ۋە يەنە قۇلاق سالدى، لېكىن ھېچنىمىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ: «سەييىدەنى قاتتىق سېغىنغانلىقىمدىن، شۇنداق ئاڭلانغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن يەنە، بۇ سەييىدەنىڭ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ شەپىسى بولۇشى ياكى سەييىدەنىڭ ماڭا بولغان چىن مۇھەببىتى مېنى راشىددىننىڭ سېھرى - جادۇسىدىن پەخەس بولۇپ، نازىنىنلارنىڭ ئالداش ھىيلىسىگە چۈشۈپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم بولالمىدى. بۇ چاغدا ئۇ قاتتىق ئازاپلىنىپ، بۇ يەردىن تېزدىن كېتىپ، مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىت قىلدى.

ئىمادىددىن قاتتىق ئويلىنىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇتلا شىپ - شىپ قىلغان ئاياق شەپىسىنى ئاڭلاپ، شۇ ياققا قارىدى، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر بالا كېلىۋاتاتتى. بالا بېلىگە يىپەك بەلۋاغ باغلىغان، بەلۋېغىنىڭ بىر ئۇچى پەرتۇققا ئوخشاش ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، تال - تال ئۆرۈلگەن ساغۇچ چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى؛ ئۇچىسىغا ھاۋارەڭ كەمزۇل ۋە ئىشتان كىيگەن ئىدى. بالا ئىمادىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىلدى. ئاندىن باللارغا خاس يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن:

— تەقسىر، غىزاغا ئىلتىپات قىلىڭ! — دىدى.

ئىمادىددىننىڭمۇ قورسىقى ئاچقان ئىدى. غىزانىڭ كېيىنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ، قوسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، بالىنىڭ كەينىدىن تار يول بىلەن ماڭدى. ئانچە ماڭمايلا، ئۇدۇلدا ھەشەمەتلىك بىر ساراي كۆرۈندى ۋە ئۇ يەردىن مەزىلىك غىزانىڭ ھىدى كەلدى. پەقەت فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ سارايلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھېيتلىق زىياپەتلەردىلا ئاشۇنداق ھىد كېلەتتى.

دەرۋازا ئىچ قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى ـ دە، دەرۋازا ئىچىدىن يەنە ئىككى بالا چىقىپ، ئىمادىددىننى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى تاماقخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالدى: تۆۋرۈك، لىملىرىغا ھەل بىلەن گۈل، نەقىشلەر چېكىلگەن بولۇپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. ئىمادىددىن تاماقخانىغا كىردى، بۇ چوڭ ساراي بولۇپ، تاملىرىغا نۇرغۇنلىغان ئەينەكلەر ئورنىتىلغان ئىدى، بىر ئادەم كىرسە، نەچچە ئونلىغان ئادەم كىرگەندەك كۆرۈنەتتى، ئادەم ماڭسا، ئەينەكتىكى كۆلەڭگىلەرمۇ تەڭ ماڭاتتى ـ دە، ئەينەكتىكى شەكىللەر سىز بىلەن بىرگە ھەركەتلىنىپ، ئادەم خۇددى بىر تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندەك كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتەتتى.

ئىمادىددىننى باغ سەيلىسى قىلدۇرغان ھۆر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىمادىددىن بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى. تاماق ئۈستىلىگە قىزىلگۈل رەڭلىك تاۋار داستىخان سېلىنغان، ئۈستىگە ھەر خىل ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەر قويۇلغان ئىدى. ھۆر قىز ئىمادىددىنغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قاچىسىغا ھەر خىل تائاملاردىن سېلىپ قوياتتى، ئىنتايىن قىزغىن كۈتەتتى. ھازىر ئىمادىددىننىڭ سەيىدەگە بولغان مۇھەببىتى دىلىدىن خېلىلا كۆتىرىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھۆر قىزنىڭ ھۆسنى ـ جامالى، ناز ـ خۇلقلىرى، شېرىن سۇخەنلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قەدەھ ئۇرۇشتۇرغاندىن كېيىن، شاراپ كۈچىدىنلا ئەمەس، ئىشق كۈچـ

دىن مەس بولۇپ كەتتى.

ھۆر قىز ئىمادىددىننىڭ ئۆز ھىسسىياتىنى باسالماي قالغانلىقىنى سېزىپ، غەرەزلىك ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. لېكىن ئىمادىددىن بارغانسېرى ھىسسىياتقا بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شاراپنىڭ ھىسسىياتنى قوزغىشى بىلەن، ھەدەپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلاتتى، چاخچاق قىلاتتى. قىز ئىمادىددىننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئەقلى - ھوشىدىن بىگانە قىلىۋەتكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، رەنجىگەن ھالدا:

— ئىززىتىڭىزنى ساقلاڭ! — دېدى، — ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزنى بۇ يەرنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئەكەلگەن. بۇ يەردىكى ھوزۇر - ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىسىڭىز، ھاياتىڭىزنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمىغان ھالدا خوجىمىز شەيخ ھەزرەتلىرىگە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت كۆرسىتىشىڭىز كېرەك.

ھۆر قىز قانچە ناز - كەرەشمىلەر قىلغانسېرى، ئىمادىددىن ئۇنىڭغا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ:

— سىز مېنى ئاخماق قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ياق. سىزنى ئاخماق قىلمىدىم. بىراق، مەرتىۋىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، بۇ يەردىكى ھوزۇر - ھالاۋەتتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىرەر خىزمەت كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىمەن. خۇدا سىزنى بىرەر خىزمەت كۆرسىتىشكە نېسىپ قىلغاي، — دېدى ھۆر قىز. ئاندىن ئىمادىددىنغا كۆڭلىدىكى راست گېپىنى قىلدى، — سىزدىن باشقا ھېچكىم مېنىڭ نەزىرىمگە ياقمىغان. سىزنىڭ قەددى - قامىتىڭىز، جاسارىتىڭىز مېنى سىزگە ئاشىق قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن خوجىمىزنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالمايمەن، ئۇنىڭدىن زەررىچە ئىشنىمۇ يوشۇرالمايمەن. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ نىيە-

www.uyghurkitap.com

تىنى بىلىۋالىدۇ، ھەرقانداق سىرنى ئۇقۇۋالىدۇ. سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، چېچىكىڭىزغا مۇشۈك ـ ئەنبەرلىرىمنى چېچىپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ، ــ دېدى ـ دە، قوينىدىن بىر كىچىك قۇتىنى چىقىرىپ ئاغزىنى ئاچتى. قۇتىدىن كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق كەلدى. قىز قۇتىدىكى مۇشك ـ ئەنبەردىن ئېلىپ ئىمادىددىننىڭ ئىككى قولى ۋە چېچىغا سۈركىدى. ئىمادىددىن ھوزۇرلانغىنىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالدى.

ــ بۇ خۇش ھىد ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىنشائاللا، كەلگۈسىدە بىز يەنە قايتا كۆرۈشۈپ قالارمىز، ــ دېدى قىز ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئىمادىددىن راشىددىننىڭ ئىرادىسىگە ھەققەتەن خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىزنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ، لام ـ جىم دېمىدى. ھازىر ئۇ ناھايىتى چارچاپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇ سەھراسىغا كەتتى.

ئىمادىددىن ئەتىسى ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ يەنىلا راشىددىننىڭ سارىيىدا تۇرغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئىكەنلىكىنى كۆردى: ئۈچىسىدا يەنىلا ھېلىقى ئاق پەرىجە، چاچلىرى چۇۋۇق. ئۇ پەرىشان ھالدا ئويان ـ بۇيانغا قاراپ، بايا چۈش كۆرۈپتىمەن دەپ ئويلىدى. لېكىن بېشى ۋە قولىدىن گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان خۇش پۇراق دىمىغىغا ئۇرۇلغاندا، جەننەتتە كۆرگەنلىرىم راست ئىشلار ئىكەن دەپ يەنە ئىشەندى. بىر پەستىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئېسىگە كەلدى ـ دە، راشىددىننىڭ سارايدا بىخىرامان ئولتۇرغانلىقىنى، دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ ئۆز يېنىدا ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇرەھىم ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى ۋە:

ــ جەننەتتىن كەلگەنلىكىڭگە مۇبارەك بولسۇن. چېچىكىڭدىن

دىن مەس بولۇپ كەتتى.

ھۆر قىز ئىمادىددىننىڭ ئۆز ھىسسىياتىنى باسالماي قالغانلىقىنى سېزىپ، غەرەزلىك ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. لېكىن ئىمادىددىن بارغانسېرى ھىسسىياتقا بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شارابنىڭ ھىسسىياتنى قوزغىشى بىلەن، ھەدەپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلاتتى، چاخچاق قىلاتتى. قىز ئىمادىددىننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئەقلى - ھوشىدىن بىگانە قىلىۋەتكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، رەنجىگەن ھالدا:

— ئىززىتىڭىزنى ساقلاڭ! — دېدى، — ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزنى بۇ يەرنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئەكەلگەن. بۇ يەردىكى ھوزۇر - ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىسىڭىز، ھاياتىڭىزنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمىغان ھالدا خوجىمىز شەيخ ھەزرەتلىرىگە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت كۆرسىتىشىڭىز كېرەك.

ھۆر قىز قانچە ناز - كەرەشمىلەر قىلغانسېرى، ئىمادىددىن ئۇنىڭغا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ:

— سىز مېنى ئاخماق قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ياق. سىزنى ئاخماق قىلمىدىم. بىراق، مەرتىۋىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، بۇ يەردىكى ھوزۇر - ھالاۋەتتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىرەر خىزمەت كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىمەن. خۇدا سىزنى بىرەر خىزمەت كۆرسىتىشكە نېسىپ قىلغاي، — دېدى ھۆر قىز. ئاندىن ئىمادىددىنغا كۆڭلىدىكى راست گېپىنى قىلدى، — سىزدىن باشقا ھېچكىم مېنىڭ نەزىرىمگە ياقمىغان. سىزنىڭ قەددى - قامىتىڭىز، جاسارىتىڭىز مېنى سىزگە ئاشىق قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن خوجىمىزنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالمايمەن، ئۇنىڭدىن زەررىچە ئىشنىمۇ يوشۇرالمايمەن. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ نىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تېخىچە جەننەتنىڭ خۇش ھىدى كېلىپ تۇرۇپتۇ! بۇنداق بەختتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن. تېز بېرىپ خوجىمىزغا رەھمەت ئېيتقىن! — دېدى.

ئىمادىددىن راشىددىننىڭ قولىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، راشىددىن قولىنى ئۇزاتتى ۋە:

— سەن ئەمدى بىزنىڭ پىدائىلىرىمىزدىن بولدۇڭ. ئەمدى ھوجراڭغا قايتساڭ بولىدۇ. باشقا ئىشلىرىڭنى دۇبۇس شەيخ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — دېدى. ئاندىن لەسسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇرلۇك كۆزلىرى بىلەن ئىمادىددىنغا تىكىلدى ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئاغزىڭنى ئاچ!» دەپ ۋاقىرىدى. ئىمادىددىن ئاغزىنى ئاچتى. راشىددىن ئۇنىڭ ئاغزىغا دەم سالغاندەك بىرنى تۈكۈرۈپ:

— مېنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىمغا مۆمىنلىك بىلەن ئىتائەت قىلساڭ، سەندىن رازى بولىمەن. ئەمدى قايتقىن! — دېدى - دە، قولىنى قويۇۋېتىپ، ئابدۇرەھىمگە ئىمادىددىننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئىما قىلدى.

ئىمادىددىن لام - جىم دېمەي ئابدۇرەھىمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، يەنە دۇبۇس شەيخنىڭ ھوجرىسىغا كېلىشتى. دۇبۇس شەيخنىڭ رۇخستى بىلەن، ئىمادىددىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كىيىملىرىنى كىيدى. شەيخ ئۇنىڭ راشىددىن ھەزرەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلىدى. ئۇنىڭ خەنجىرى، پۇلى، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى.

ئىمادىددىن ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ تۇرلۇك سىناقلىرىدىن ئۆتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. جەننەت مەنزىرىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. بولۇپمۇ ھۆر قىز ئۇنىڭ ئېسىگە سەييىدەنى سالاتتى. ئۇ سالاھىددىننىڭ تاپشۇرۇغىنى ئويلىغىنىدا، راشىددىننىڭ «خۇدا سالاھىددىننىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دېگەن گېپى

www.uyghurkitap.com

ئېسىگە كېلىپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. چۈنكى راشىدىددىن سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈشكە نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان تۇرۇپ، يەنە بۇنداق دېيىشتىكى غەرىزى نېمىدۇ؟ ئۇ زادى بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئابدۇرەھىمگە بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇسى كەلدى. بىراق ئابدۇرەھىم بۈگۈن كەچتە مەشئاۋۇللۇققا كۆتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، ھازىر ئۆيدە يوق ئىدى. ئىمادىددىن ئۆيدە ئۆزى يالغۇز خىيالغا چۆمدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ چېچى ۋە قولىدىكى خۇش ھىدنى پۇرىدى - دە، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇ سەھراسىغا كەتتى.

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ ئابدۇرەھىم خوشال ھالدا ئىمادىددىننى يوقلاپ كەلدى. ئىمادىددىن يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنى سۆيدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— سەن ئەمدى مەشئاۋۇل بولدۇڭ. ئەمدى سېنى ئاداش دېسەم ئەپلەشمەيدىغان بولدى، — دەپ چاقچاق قىلدى.

ئابدۇرەھىم كۈلۈپ كېتىپ:

— بىز ئايرىلماس دوست. مەرتىۋىسىگە قاراپ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتسەك قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ مەشئاۋۇللۇققا كۆتۈرۈلۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن تېخى، — دېدى.

لېكىن ئىمادىددىن مەشئاۋۇللۇققا كۆتۈرۈلۈشكە ئۇنچىۋالا قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ پىكرى - خىيالى راشىدىددىننىڭ ھېلىمۇ يەنە سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىشتە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇرەھىمدىن:

— شەيخ ھەزرىتىم ماڭا «خۇدا سالاھىددىننىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دېدى. مەن بۇ گەپنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بىلىشىمچە، ئۇ سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈشكە بىرنەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن، — دېدى.

ئابدۇرەھىم ئىمادىددىنغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدىيۇ،

گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئارسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئىما-
دىددىن تاقەتسىزلەنگەن هالدا دېدى:
— سەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىنى بىلسەڭ، ماڭا ئېيتىپ
بەرگىن! ساڭا مەلۇملۇق، بۇ گەپنىڭ ماڭا ناهايىتى زور مۇناس-
ۋىتى بار. سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىسەن.
ئابدۇرەهىم مىدىراپ قويۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق
دېدى:
— ئاغىنە، ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ قانداق مەنىسى بارلىقى
ماڭىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئاخشام مەن مەشغاۋۇللۇقتا كۆتىرىلگەن-
دىن كېيىن ئۇقتۇم. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا يوشۇرىدىغان ئىش
بولمىسۇن دېگەن مەقسەتتە، ساڭا دېسەم دەپ بىرەي.
ئىمادىددىن خۇشاللىقتا ئابدۇرەهىمنى قۇچاقلاپ كەتتى ۋە:
— تېز ئېيتقىنا! شەيخ هەزرىتىم راستىنلا سالاهىددىننىڭ
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەمدىكەن؟ — دېدى.
— هەئە، ئۇ راستىن سالاهىددىننىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى-
نى تىلەيدۇ، — دېدى ئابدۇرەهىم قەتئىي تەلەپپۇزدا.
— قىزىق گەپ. ئۇنداق بولسا، يەنە نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈ-
رۈشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ؟
— سەن مىسىردىن چىقىش ئالدىدا سالاهىددىننىڭ هوجرى-
سىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن!؟ شۇكۈنى سەهەردە
سالاهىددىن ئويغىنىپ ياستۇقىنىڭ يېنىدا بىر خەنجەر ۋە بىر
پارچە تەهدىت خېتى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. شۇنداقمۇ؟
— هەئە، دەل شۇنداق.
— بۇ ئەهۋال شەيخ هەزرىتىمنىڭ سالاهىددىننى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىش خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ ئويلاپ باقمامسەن،
ئۇنىڭ هوجرىسىغا كىرىپ خەنجەرنى ئۇنىڭ ياستۇقى يېنىغا
قويۇپ قويغان پىدائىي ئۈچۈن خەنجەرنى سالاهىددىننىڭ كۆكرى-

گىگە تىقىش قانچىلىك ئىش دەيسەن؟ بۇ ئىشنى قىلغان پىدائىي راشىددىن ھەزرەتنىڭ بۇيرۇغىغا ئەمەل قىلغاچقىلا ئۇنى ئۆلتۈرمەي قورقىتىپلا قويغان، خالاس.

— مەن يەنىلا چۈشىنەلمىدىم. بۇ زادى قانداق ئىش؟ شەيخ ھەزرىتىم شاھ - سۇلتانلارنى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىدىكى مەشھۇر زاتلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇنىڭدىن ۋەھىمە قىلمايدىغان كىشى يوق دىسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا سالاھىددىنمۇ شۇنداق. ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى «خۇدا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن» دەيدۇ؟

— سالاھىددىن ئۇلارنىڭ قاتارىدا يوق.

— نېمىشقا؟

— بۇرادەر، بۇنىڭ ئەلۋەتتە سەۋىبى بار - دە. شەيخ ھەزرىتىمگە ۋەھيى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ۋەھيىدىن ئۆزىنىڭ سالاھىددىن بىلەن تەڭ بىر يىلدا تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، تەڭ بىر يىلدا ئۆلىدىغانلىقىنى، قىسمىتى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇ سالاھىددىنغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا، ئۆزىنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، — ئابدۇرەھىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن شەيخ ھەزرىتىمنىڭ سەمىمى نىيىتىدىن شۈبھىلىنىۋاتقاندەك تۇرىسەن. مېنىڭچە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن كارامەتلىرى بۇنىڭدىن كېيىن سەندە ھەرقانداق شەك - شۈبھە بولۇشقا ئورۇن بەرمەسلىكى كېرەك.

ئىمادىددىن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى: ئابدۇرەھىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىش، راشىددىننىڭ سەمىمى نىيىتىدىن شۈبھىلەنمەسلىك كېرەك ئىكەن، راشىددىن بىلەن سالاھىددىننىڭ قىسمىتى ئوخشاش ئىكەن، ئەمدى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى راشىددىننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، سالاھىددىنمۇ تىرىك قالمايدۇ. ئەھۋالىدىن قارىغاندا،

ۋەزىيە ئورۇنلىنىپ بولدى، ئەمدى بۇ قەلئەدىن كېتىپ، ھەممە ئەھۋالنى سالاھىددىنغا مەلۇم قىلىش كېرەك. دەرۋەقە، تىبخىمۇ مۇھىمى، قايتىپ بېرىپ مەلىكە سەيىيدە بىلەن كۆرۈشۈش. ئۇنىڭغا يەنە بىر ئوي كەلدى: ھازىر بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش تەس، شەيخ ھەزرەت رۇخسەت قىلمىسا، قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ كەتكىلى بولمايدۇ! ناۋادا راشىددىن بىرەر ۋەزىپىگە بۇيرۇسا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىش مۇمكىن.

ئىمادىددىن يۇقۇرقىلارنى ئويلاپ، ئابدۇرەھىمگە قارىدى ۋە ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— سىنىڭ سەممى دوستلۇغۇڭ ۋە يۈرىگىڭدىن چىققان گەپلىرىڭ مىنى بەك تەسىرلەندۈردى. شۇڭا مەنمۇ ساڭا يۈرىگىمنى يېرىپ كۆرسىتىپ، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي.

— قانداق گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن! سىنىڭ ماڭا ئىشەنگىنىڭ مەن ئۈچۈن شەرەپ.

— مەن بۇ قەلئەدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى ئويلاۋاتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى جىق. ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىساممۇ ئۆزەڭگە مەلۇم. مىنىڭ مىسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئىشلىرىم بار. ماڭا كۆپرەك يول كۆرسەتكىن.

— بىراق، ھازىر چىقىپ كەتمىگىڭ ناھايىتى تەس. ئۇلار سىنى مەلۇم ۋەزىپىگە بۇيرۇسا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتەلەيسەن.

— بۇ يەردىن بالدۇرراق چىقىپ كېتەلەيدىغانلا بولسام، ئۇلار بۇيرۇغان ھەرقانداق ۋەزىپىگە تەييارمەن.

— بولىدۇ، ئامال قىلىپ باقاي. مەندىن خەۋەر كۈتكىن! خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سەن ئۈچۈن چېپىپ باقاي. ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىم بار.

— كۆرسەتكەن چارە - تەدبىر ۋە ياردىمىڭنى مەڭگۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇنۇتمايمەن، — دېدى ئىمادىددىن مىننەتدارلىق بىلەن.

ئابدۇرەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى ۋە:

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇزۇت كەتمەيدۇ، خاتىرجەم بولغىن! — دېدى.

* * *

ئۆيدە ئىمادىددىنلا قالدى، ئۇنى يەنە خىيال باستى. راشىدىدىننىڭ سېھرى - جادۇلىرى، سۇلتان نۇرىددىننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر، چاچ بىلەن سۆزلىشىش، جەننەتتىكى ۋەقەلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا يا ئىشەنمەسلىككە، يا ئىشىنىشكە پېتىنالمايتتى. ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ پىرقىنىڭ رەسمى ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، بەزى ئىشلارنى بىلمۇۋېلىش ئۈچۈن قەلئەنىڭ قانداقلىقى يېرىگە بارسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆيدىن چىقتى - دە، ئەتراپقا نەزەر سالدى؛ خېلى يېقىن يەردە بىر چوققا كۆرۈندى. چوققىنىڭ ئارقا تەرىپى ئوت - چۆپسىز، دەل - دەرەخسىز تاپ - تاقىر دالا ئىدى. ئىمادىددىن چوققىغا چىقسام، بەلكى چۈشۈمدە كۆرگەن باغۇ ئىرەم كۆرۈنەر دەپ ئويلىدى. لېكىن چوققىغا چىققاندىن كېيىن توپ - توز دالىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلۈپ، بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا، ئىمادىددىن ئۇلارنىڭ يۈزىدە نىقاپ بارلىقىنى كۆردى. ئىمادىددىن بۇ قورقۇنچلۇق - سىرلىق يەردىن كېتىشكە ئالدىراۋاتقاچقا، ئۇلار بىلەن كارى بولماي، كەلگەن يولى بىلەن كەيپىسىز ھالدا قايتتى.

ئىمادىددىن پەرىشان ھالدا ئابدۇرەھىمدىن خەۋەر كۈتمەكتە ئىدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ تېخىچە كەلمىدى. ئىمادىددىن دوستىنىڭ نېمىشقا كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يەنە

دۇبۇس شەيخنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قەلئەدە يوقلۇقىنى ئاڭلىدى. قەلئەگە بىر توپ ئاتلىقلار كەلگەندىن كېيىن، راشىددىن ئۆز پىرقىسىنىڭ ئاقساقال - كۆكساقاللىرىنى مۇھىم مەسلىھەتكە چاقىرغان ئىمىش، لېكىن قانداق ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدى. بۇ ئاتلىقلار بەلكى مەن كۆرگەن ئاتلىقلار بولسا كېرەك، نىمە ئىش بولغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمنى تۆت كۈن كۈتۈپ ئاخىرى زېرىكتى - دە، ئۇنى ئىزلىمەكچى بولدى. بەزى ئىشلار قىزىق - تە، دەل شۇ چاغدا ئابدۇرەھىم كىرىپ كەلدى. ئىمادىددىن چاچراپ بېرىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئابدۇرەھىممۇ سەممىلىك بىلەن:

— كەچۈرگىن، يېقىندىن بۇيان كۈتۈلمىگەن بەزى ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ، سىنى يوقلاپ كېلەلمىدىم، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— بولدى، سىنى كۆرۈپلا سەپرايىم بېسىلدى. مەن سىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، كەچۈرگىن، بۇ ئاۋارىچىلىقمۇ پات - ئارىدا تۈگەپ قالار. چۈنكى مەن بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، سىنى ئاۋارە قىلمايمەن. ساڭا ھاۋالە قىلغان ئىشىم قانداق بولدى؟

— قەلئەدىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشىكنىڭ ئاران يېرىمىنىلا پۈتتۈردۈم.

— بۇ نىمە دېگىنىڭ؟

— ھازىر سەن ئورۇنلايدىغان بىر ۋەزىپە بار، سەن بىر شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشۈڭ كېرەك. بىراق بۇ شاھزادە مۇشۇ قەلئەدە.

ئىمادىددىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ باش - ئايىغىنى ئۇقالماي، چاخچاق قىلىۋاتىمدۇ، دەپ ئويلاپ:

— خۇدا ھەققى، راستىنى دېگىنە، بۇ زادى قانداق ئىش؟ — دېدى ئىلتىماس نەلەپپۇزىدا.

— راست گەپ. شەيخ راشىددىن ھەزرىتىم سىنىڭ بىر شاھ-
زادىنى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشىڭنى ئېيتتى. بۇ شاھزادە مۇشۇ يەردە.
ئىمادىددىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راست گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى
بايقاپ، يەنە مۇنداق دېدى:
— مېنىڭ ھازىر ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىم بىرەر ۋەزىپە
ئىجرا قىلىش ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش ئىكەنلىكى
ئۆزەڭگە مەلۇمغۇ.
— ئالدىرىما، — دېدى ئابدۇرەھىم سەۋرچانلىق بىلەن، —
راشىددىن ھەزرەتنىڭ سېنى بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا تەيىنلىگەن-
لىكى ساڭا زور ئىشەنچ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۆزەڭگىمۇ پايدىلىق.
ئىمادىددىن سەل ئويلانغاندىن كېيىن:
— ئۇلار بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتىشىڭنى رەسمىي ئۇقتۇردىمۇ؟ —
دېدى.
— ياق، ئۇلار مېنى ساڭا ئېيت دېمىدى، پەقەت دوستۇڭ
بولۇش سۈپىتىم بىلەن سېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇۋاتىمەن.
سېنىڭ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان چاغدا تەمتىرەپ قالماسلىقىڭ
ۋە چاندۇرۇپ قويماسلىقىڭ ئۈچۈن. شەيخ ھەزرىتىم سېنى قوبۇل
قىلىدۇ ۋە ساڭا يوليورۇق بېرىدۇ.
— راستىمنى ئېيتسام، سېنىڭ بۇ خەۋىرىڭ مېنى تېخىمۇ
تەشۋىشكە سېلىپ قويدى، — دېدى ئىمادىددىن ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلۈپ.
— جاپپار، تەشۋىش قىلما، بەلكى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ،
مۇكاپاتلانساڭمۇ ئەجەپ ئەمەس تېخى، — دېدى ئابدۇرەھىم
كۈلۈپ، گويا يەنە بىر نىمىلەرنى دېيىشنى ئەپسىز كۆرگەندەك
قىلىپ.
— گېپىڭنى بارغانسېرى چۈشەنمەيۋاتىمەن. خۇدا

ھەققى، ئۇچۇقراق ئېيتقىن. مەن ئۇچرۇقتۇرماقچى بولغان شاھزادە
زادى كىم ئۇ؟

— ئۇ بىزنىڭ پىرقىمىزنىڭ ئادىمى ئەمەس، ئالدىنقى كۈنى
كەلگەن چاقىرىلمىغان مېھمان.

ئىمادىددىن دالىدا كۆرگەن ھېلىقى ئاتلىقلارنى ئېسىگە ئېلىپ
سورىدى:

— نەچچە كۈن بۇرۇن بىرتوپ ئاتلىقلارنىڭ بۇ تاغ تەرەپكە
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئاشۇلار مۇشۇ ئادەمنىڭ شېرىك-
لىرى بولمىسۇن يەنە؟

— شۇنداق، ئۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە كەلگەن، — دېدى
ئابدۇرەھىم.

— مېنىڭ ساڭا دەپ بېرەلەيدىغىنىم شۇنچىلىكلا. كۆڭلۈمنى
چۈشەنگىن.

— كۆڭلۈڭ ماڭا تېگىمىل بولدى، لېكىن مېنىڭ يەنە چۈشەن-
مەيۋاتقىنىم، ئۇ ئادەم نېمىشقا ئۆزىنى ئۆزى تورغا تاشلايدۇ؟ — دېدى
ئىمادىددىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

— ئۇ شەيخ ھەزرىتىمنىڭ كىچىكىدىنلا تونۇشقان بۇرادى-
رى، قەدىناس دوستى بولۇپ، كېيىن ئايرىلىشىپ كەتكەن ئىكەن.
ئۇقۇشۇمچە، شەيخ راشىددىن ھەزرىتىم ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ
ئىمامى بولۇشتىن بۇرۇن، شۇ دوستى ياردەم قىلغان ئىكەن.
شۇڭا شەيخ ھەزرىتىم ئۇنىڭ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان-
لىقىدىن كۆپ خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە
كۈتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆھبەتتە بولدى. بىراق تۈنۈگۈن
شەيخ ھەزرىتىم مېنى خۇپىيانە چاقىرىپ، ماڭا سېنىڭ جاسارىتىڭ
ۋە ئەقىل - پاراسىتىڭنى ماختاپ، سېنى مۇھىم بىر ۋەزىپىگە
بۇيرۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇئان ساڭا ۋاكالىتەن ماقۇل
بولدۇم ۋە سېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلايدىغانلىقىڭنى
ئېيتتىم، ئۇ ۋەزىپىنى ئۇچۇق ئېيتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
گەپ - سۆزلىرىدىن ئاشۇ چاقىرىلمىغان مېھماننى — قەدىناس

www.uyghurkitap.com

دوستىنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغاندەك تۇردى.

ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتىپ، ھە، راستىدىن ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستىغىمۇ قەست قىلىشتىن يانمايدىغان مۇشۇنداق تاش يۈرەك، رەھىمسىز، بىۋاپا نەرسە ئىكەن ــ دە، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي رايى قايتتى ۋە ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنىمۇ كۆزى يەتتى. ئۇ تۈرلۈك خىياللاردا بولدى، لېكىن ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىدى.

— شەيخ ھەزرىتىمنىڭ ئىشەنگىنىگە رەھمەت، — دەۋەتتى ئىختىيارسىز ھالدا، ئاندىن: سەن ھېلىقى ئادەمنىڭ شەيخ ھەزرەتنىڭ دوستى ئىكەنلىكىگە راست ئىشىنەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. — دېدى ئابدۇرەھىم ئىمادىددىننىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، توپ ـ توغرىلا، — سەن شەيخ ھەزرىتىمنى باغرى قاتتىقلىق قىلىپ ئۆز دوستىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئەيىپلەۋاتساڭ كېرەك. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ ھەقىقانى ئىشقا ئاپىرىن ئوقۇيسەن تېخى. ھازىر...

— ناۋادا، — دېدى ئىمادىددىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — شەيخ ھەزرىتىم ئۆزىنىڭ ھوقۇق ۋە كۈچىنى قوغداش ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلغان بولسا، بۇ چۈشىنىشلىك. لېكىن مەن ئىككىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

ئىمادىددىن خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، كۆڭلىدىكىنى ئاشكارا ئېيتتى. ئابدۇرەھىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى:

— مەنمۇ سەندەك ئەندىشە قىلىمەن. بۇ ھەقتە كېيىنچە پۇرسەت بولغاندا تەپسىلى پاراڭلىشايلى. سەن ئۈچۈن ئۆۋەتتىكى جىددى ئىش — ئىككىلەنمەستىن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىش ھەم بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلاشنى بىلىۋېلىش. بۇ سەممى گېپىمنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىسەن.

# ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئىمادىددىن پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىت - تىت بولۇپ خەۋەر كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ راشىددىننىڭ ئاتالمىش كارامەتلىرى ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلىناتتى ۋە بۇ كارامەتلەردىن قاتتىق گۇمانلىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ راشىددىننىڭ ئىشنىڭ ئىپپى - جىپپىنى بىلىدىغان قاقۋاش شەيخ ئىكەنلىكىگىمۇ قايىل ئىدى. ئىمادىددىن خىيالغا چۆمۈپ تۇرغاندا، راشىددىننىڭ گاس، گاچا چاكارلىرىدىن بىرى كىرىپ (بۇ يەردىكى چاكارلارنىڭ ھەممىسى گاس، گاچا ئىدى. چۈنكى ئۇلار گاس، گاچا بولغاچقا، ئەمرى - پەرمانغا بوي سۇنۇشنىلا بىلەتتى، شەيخ ھەزرەت ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سىرتقا ئاشكارىلاپ قويمايتتى)، ئىمادىددىننى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. گاس - گاچا چاكار ئىمادىددىننى ئۇدۇل راشىددىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. بۇ شەيخ ھەزرەت خىلۋەت بىر ھوجرىدا ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. ئۇ ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، سەل دۈمچەيگەن ھالدا ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭماقتا ئىدى.

ئىمادىددىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۇردى. راشىددىن ياساۋۇلنى ئىشارەت بىلەن چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى ئەتتى. ئاندىن ئىمادىددىننى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— كۆزۈمگە قارا! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئىمادىددىن كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى، لېكىن ھېچ نەرسە سەزمىدى.

— كۆزۈمدە نېمە كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى راشىددىن.

ئىمادىددىن چۆچۈپ كېتىپ:

— غوجام، كۆزلىرىڭىزدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە ئاجايىپ نۇر كۆردۈم، — دېدى.

— سىزنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭىز ۋە ئىخلاسىڭىزدىن كۆپ خۇرسەنمەن، — دېدى راشىددىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، — سىزنى مۇھىم بىر ۋەزىپىگە بۇيرۇيمەن، دەرھال ئىجرا قىلىشىڭىز شەرت، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، غوجام، پەرمان بەردارمەن.

— بىزنىڭ بۇ قەلئەدە سۇلايمان ئىسىملىك بىر شاھزادە بار. سەن ئۇنى تۇيدۇرماي جايلىۋەت. ساڭا بۇيرۇيدىغان مۇھىم ئىش شۇ، قىيىنچىلىقىڭ بارمۇ؟

— غوجام پەرمانىلا قىلىدىكەن، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىشكە تەييارمەن.

— بارىكاللا، جاپپار. ئىشنى جايىدا پۈتتۈرسەڭ، كاتتا مۇكاپات ئالىسەن. سەن ھازىردىن باشلاپ سۇلايماننىڭ چاكىرى بولىسەن. ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ياخشىچاق بول. بىخەستىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھورىنى چىقارماي جايلىۋەت. ئىسىڭدە بولسۇن، ئەڭ ياخشىسى ئۇ قەلئەدىن چىققاندا قول سال، — دېدى راشىددىن ئىمادىددىنغا. ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى: — سۇلايمان بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئاجايىپ كېلىشكەن بىر قىز بار. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇ سېنىڭ بولىدۇ. سۇلايماننىڭ ھەممە تەئەللۇقاتى ساڭا قالىدۇ. تەپسىلى ئەھۋالنى كېيىن ئۇقىسەن. ئۇ ھەممىنى تەييارلاپ قويىدى.

ئىمادىددىن راشىددىن بىلەن خوشلىشىپ، دۇبۇسىنىڭ قېپ-

شىغا ماڭدى. ئۇ ئويلايتتى: سۇلايمان قانداق ئادەم؟ راستىدىن ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈردۇ؟ ھېلىقى چىرايلىق قىز كىم؟ ئىمادىددىن ئاشۇنداق تۈرلۈك گۇمان، ئەندىشىلەر ئىچىدە دۇبۇسنىڭ ھوجرىسىغا كەلدى. ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، دۇبۇس ئۇنىڭغا:

— كەل جاپپار، ئىشىكنى يېپىۋەت، — دېدى.

ئىمادىددىن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، دۇبۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا چاكارلارغا خاس بىر قۇر كىيىم بەردى ۋە ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ ياسانغاندىن كېيىن باشقا بىر سىياققا كىردى. ئارقىدىن دۇبۇس ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى بېرىپ:

— بۇ خەتنى ئېلىپ، سۇلايماننىڭكىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا چاكار بولغىن! شەيخ ھەزرىتىمنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ۋەزىپەڭنى ئورۇنلىغىن! ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى.

ئىمادىددىن «خوپ» دېدى ۋە خوشلاشتى. چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ سىپپى ئۆزىدىن بىر قۇلغا ئوخشاپ قالغانلىغىنى كۆردى، ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى تونۇيالماي قالدى.

ئىمادىددىن كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئىككىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ: مەن ئۇ ئادەم بىلەن تونۇشمىسام، يا ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتىم بولمىسا، ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرىمەن؟! دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا پايدىسى بار» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. ئۇ خىيال بىلەن مېڭىپ، سۇلايمان تۇرۇشلۇق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىغىنى سەزمەي قالدى. دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىدى، ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئۆينىڭ لەمپىسى ئاستىدىكى بىر پارچە تاشقا ئولتۇرۇپ سۇلايماننى كۈتتى. ئۇ قولىنى قوينىغا تىقىپ، بېلىگە قىستۇرۇقلۇق

خەنجەرنى سىلاپ قويدى ۋە دەككە - دۈككە ئىچىدە، ۋاقتى كەلگەندىلا بۇنى ئىشلىتىمەن، دىدى. لېكىن بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش - ئۆلتۈرمەسلىك ئۈستىدە يەنىلا ئارىسالدى بولماقتا.

ئىمادىددىن بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، ئۇدۇل تەرەپتىن بېشىغا يېشىل ياغلىق سالغان، ياغلىقنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەن، ئۇچىسىغا پەرىجە كىيگەن، بوينىغا ئېسىۋالغان تەسۋىيى مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغان، قولىدىكى يەنە بىر تىزىق تەسۋىيى بىر تالدىن سىرىغاچ دۇرۇت ئوقۇپ بىر ئەر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى تەركى دۇنيا زاھىتقا ئوخشايتتى. ئىمادىددىن بۇ ئادەمنى شاھزادە سۇلايمان مۇشۇ بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلدى ۋە لام - جىم دىمەي ئۇنى كۈزىتىپ تۇردى. بۇ ئادەم يېقىن كەلگەندە، ئىمادىددىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى سۆيدى، ئاندىن دۇبۇسىنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا سۇندى. سۇلايمان خەتنى ئېلىپ ئېچىپ كۆرۈپ، ئىمادىددىنغا قارىدى ۋە:

— شەيخ ھەزرەت سىنى خىزمىتىمگە ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خوش، غوجام. ئۆزلىرىگە مەنزۇر بولالىساملا.

— ماڭا چاكار لازىم ئەمەس. ئۆزۈم يالغۇز تائەت - ئىبادەت قىلىشنى، ئىستىراھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭچە، قايتىپ كەتكىنىڭ تۈزۈك. شەيخ ھەزرىتىڭلارنىڭ مەرھەمىتىگە كۆپ رەھمەت.

بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ۋە چىرايى ئىمادىددىنغا تونۇشتەك بىلىندى - دە، قەيەردىدۇ كۆرگەندەك قىلدى. لېكىن دەررۇ ئېسىگە ئالالماي، ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دىدى:

— مەن شەيخ ھەزرىتىمنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن خىزمەتلىرىگە كەلدىم. شۇڭا ھەزرىتىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ

قايتىپ كېتەلمەيمەن. رەت قىلمىسىلا! ئۆزلىرىنىڭ تائەت - ئىبادەتلىرىگە ياكى باشقا مەشغۇلاتلىرىغا كاشىلا قىلمايمەن. لازىم بولغان ۋاقىتتىلا خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، ئىسمىڭ نىمە؟ — دىدى سۇلايمان.

— ئابدۇجاپپار.

— ئەمىسە مۇشۇ يەردە ئولتۇرغىن. شەيخ ھەزرىتىڭلارنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، كەچتە ساڭا بۇ يەردە ئىش يوق. شۇڭا ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرغاندا قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

سۇلايمان سۆزىنى تۈگىتىپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى ۋە يانچۇغىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىمادىددىن يەنە ھىلىقى تاشتا ئولتۇرۇپ، بۇ ئادەمنى نەدە كۆرگەنلىگىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەسلەشكە باشلىدى: ئۇنى دەمەشقتىمۇ، بەيتۇلمۇقەددەستىمۇ ياكى مىسىردىمۇ، ئىشقىلىپ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان كىشىنىڭ كىملىگىنى ئەسلىيەلمىدى. بۇ مەندىكى خاتا تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنى خىيالىدىن چىقىرىۋەتتى. بۇ چاغدا، ئىمادىددىن سالاھىددىننى سېغىندى. شۇ تاپتىلا قەلئەدىن چىقىپ كېتىپ، ھەممە ئەھۋالنى سالاھىددىنغا مەلۇم قىلغۇسى كەلدى. شۇنداق قىلسا، سەييىدەنىمۇ كۆرەلەيتتى. ئۇ سەييىدەنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى، لېكىن سەييىدەنىڭ ئامان - ئېسەنلىگىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

كۈن پاتاي دەپ قالغاندا، ئىمادىددىن سۇلايمانغا كەچلىك غىزا ئۈچۈن ھەر خىل تائاملار سېلىنغان سىۋەتنى بېشىدا كۆتىرىپ، سۇلايماننىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتى. بىر ھازادىن كېيىن، سۇلايمان ئۆيدىن چىقىپ، ئىمادىددىننىڭ

قولىدىن غىزانىنى ئالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر دىنار بېرىپ:
— كەچ بولۇپ قالدى، جاپپار، قايتىپ كەتكىن! — دېدى.
ئىمادىددىن تاپان ھەققىنى ئېلىپ، خوجايىنىغا رەھمەت ئېيتىپ قايتتى. كېتىۋېتىپ، چاكىرىنىمۇ ئۆيگە كىرگۈزمەيدىغان غەلىتە ئادەم ئىكەن بۇ دەپ ئويلىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇدۇلدىن ئابدۇرەھىم چىقىپ كەلدى، ئېچىلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئىمادىددىندىن ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى. ئىمادىددىن ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى دېدى ۋە سولايمانىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى قەيەردىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلغانلىقىنى ئېيتتى.
— سەن ئۇنى بۇرۇن كۆرگەنمۇ؟ — دېدى ئابدۇرەھىم كۈلۈپ.
— شۇنداقتەك تۇرىدۇ. مۇنداق قارىسام چىرايى ناھايىتى تونۇش كۆرۈنىدۇ. ھېچبولمىغاندا بۇرۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن. لېكىن بۇنى مەندىكى بىر خىل خىيالمىكىن دەپ، تازا جەزملەشتۈرەلمەيۋاتىمەن.
ئابدۇرەھىم تەمكىن تۇس ئېلىپ، ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— خىيالىمىكىن دەپ قارىشىڭمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇرۇن ئۇنى راستىن كۆرگەن بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن. سېنىڭچە بۇ ئادەم قانداقراق؟
— ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن بۇ ئادەم گويا بىرەر ئىش ئۈستىدە مەندىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈرىدۇ. مېنىڭچە، سەن ئۇنىڭ سىرىنى ئۇقساڭ كېرەك؟
— ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەھۋالىنى بىلىمەن، لېكىن ھازىر ساڭا تەپسىلىي ئېيتىشقا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ساڭا ئېيتىپ قويىدىغىنىم شۇكى، بۇ ئادەمنىڭ نىيىتى ناھايىتى

يامان. ئۇ شەيخ ھەزرىتىم بىلەن ھوقۇق تالاشماقچى ياكى ئۇنىڭغا پوپۇزا قىلماقچى، نىيىتى توغرا ئەمەس. شەيخ ھەزرىتىم ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرمىدى. شۇڭا شەيخ ھەزرىتىم ناۋادا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا، ئۇنىڭ يۈز ئۆرۈپ، پىتنە - پاسات تارقىتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچى. ئۇنىڭ ھەققىدىكى قىسقىچە ئەھۋال ئەنە شۇ. بۇ ئادەمنىڭ قالغان سىرىنى ئېچىش ساڭا قالدى.

— قانداقچە ماڭا قالىدۇ؟ — دېدى ئىمادىددىن ئۇقالماي، — مەن ئۇنى تېخى بۈگۈن تونۇسام. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ماڭا زادىلا ئىشەنمەيدىغاندەك قىلىۋاتسا. قارىمامسەن، تېخى قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا مېنى ھەيدىۋەتكىلى تۇرغىنىنى.

— كەتمىسەڭ بولدى ئەمەسمۇ. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرساڭ، سېنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس. شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلامسەن.

ئىككىيلەن ماڭغاچ پاراڭلاشتى، بارا - بارا گۈگۈم چۈشمەكتە ئىدى.

— ھازىر نەگە بارىمىز؟ — سورىدى ئىمادىددىن.

— خالىغان يېرىڭگە.

— ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

— بولىدۇ، ئاۋۇ يەرگە بېرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ئابدۇرەھىم بارمىغى بىلەن ئالدى تەرەپتىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ، — مەن ئاشۇ يەردە تۇرىمەن.

ئىككىيلەن ئۆيگە كىردى. چاكار چىراقنى يېقىپ قويغان ئىدى.

— مەن سەن بىلەن يالغۇز سۆزلەشسەم بولاتتى، — دېدى ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمگە.

ئابدۇرەھىم چاكارنى ئىشارەت بىلەن چىقىرىۋەتتى. ئىمادىد-

www.uyghurkitap.com

دىن ئۆلتۈردى ۋە ئۈلۈق - كىچىك تىندى.

— بۇرادەر، نىمىشقا ئۈلۈق - كىچىك تىنىسەن؟ نىمە دەردىڭ بار؟ — سورىدى ئابدۇرەھىم.

— مەن بۇ يەردىن بەكمۇ زېرىكتىم. بۇ يەر ئۇزاق تۇرىدىغان يەر ئەمەسكەن. ساڭا مەلۇم، مىسىردا مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرغانلار بار. يەنە...، — ئىمادىددىن سۆزىنى تۈگەتمەيلا جىم بولۇپ قالدى.

ئابدۇرەھىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دىدى:

— سېنىڭ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكىڭ بار. مەن دوستلۇق يۈزىسىدىن سېنىڭ بۇ يەردىن بۇرۇنراق قوتۇلۇپ مىسىرغا قايتىشىڭنى ماقۇل كۆرگەن. شۇڭا بۇنىڭدىن غەم قىلما. مەنمۇ سەن بىلەن بىللە كېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەۋاتىمەن تېخى!

— سەنمۇ بۇ يەردىن كەتمەكچىمۇ؟ — ئىمادىددىن ئەجەپلىنىپ سورىدى.

— ھەئە، بىللە مېڭىپ قالامدۇق تېخى، — دىدى ئابدۇرەھىم ئالدىرىماي، سالماقلىق بىلەن.

— بارىكاللا، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. بىراق سەن ھازىر ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ مۇھىم ئادىمى، يەنە كېلىپ بۇ گۇرۇھنىڭ نۇرغۇن سىرىنى بىلىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نىمىشقا كېتىسەن؟ — دىدى ئىمادىددىن ھاياجان بىلەن.

ئابدۇرەھىم دەرھال ئىمادىددىنغا «خەپ شۇك» دەپ ئىشارە قىلدى، ئاندىن مۇنداق دىدى:

— بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشەيلى. ئەمما سەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، شەيخ ھەزرىتىم تاپشۇرغان ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلىشىڭ، ھەرقانداق بەدەلگە قارىماي تولۇق پۈتتۈرۈشۈڭ كېرەك. سەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىساڭلا بۇ يەردىن كېتەلەيمىز.

— بولدى، سىنىڭ پىكرىڭچە قىلاي، — دېدى ئىمادىد-
دىن شۇئان ۋە بىلىدىكى خەنجەرنى سىلاپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزى-
گە: «ھىم، بۇنى ئاشۇ ناتونۇش سۇلايمانىنىڭ يۈرىكىگە تىقىي-
مەن» دېدى، ئاندىن ئابدۇرەھمەدىن سورىدى:
— ئاڭلىشىمچە، چىرايلىق بىر ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىل-
لە ئىمىش. شەيخ ھەزرىتىمنىڭ ئېيتىشىچە، مەن سۇلايمانىنى
ئۆلتۈرسەم، ئۇ ئايال مېنىڭ بولىدىكەن. ئۇ ئايالمۇ مۇشۇ
ئۆيىدىمۇ؟
— ئۇ بۇ يەردە ئەمەس، سۇلايمانىنىڭ خىزمەتكارلىرى بى-
لەن بىللە قەلئەدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يېزىدا تۇرىدۇ.
— شەيخ ھەزرىتىم ماڭا ئەڭ ياخشىسى قەلئە سىرتىدا
قول سالغىن دېدى. سۇلايمان قەلئە سىرتىغا چىقامدۇ؟ — دەپ
سورىدى ئىمادىددىن.
— ئۇ ھەر كۈنى دىگۈدەك كەچتە سىرتقا چىقىدۇ. چۈنكى
ئۇ ئاشۇ يەرلەردىلا ئىختىيارى ھەركەت قىلالايدۇ. قەلئە سىرتى-
دا قول سېلىش سەن ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق. گېپىمنىڭ
تېگىنى چۈشەندىڭمۇ؟
— ۋەزىپىنى قەلئە سىرتىدا پۈتتۈرسەڭ، شۇ يەردىلا تىكى-
ۋېتىسەن دېمەكچىمۇ سەن؟
— ھەئە، گېپىمنىڭ مەنىسى شۇ. ئۇ چاغدا سەن ئاۋال
كېتىۋېرىسەن، مەن كەينىڭدىن يېتىشىۋالىمەن.
— ۋەزىپىنى قاچان ئورۇنلايدىغانلىغىمنى قانداق بىلىسەن؟
— ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى تال مەشئەل ياق.
مەن ئوت يورۇغىنى كۆرگەن ھامان، كەينىڭدىن بارىمەن - دە،
بىللە ماڭىمىز.
بۇ چارە ئىمادىددىنغا ياقتى. ئۇ خوشلىشىپ ماڭاي دىگەن-
دە، ئابدۇرەھىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

— پەخەس بولغىن. قەلئەدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆز بېشىمچىلىق قىلما. دېمەكچى، سۇلايماننى جايلىۋەتمەي تۇرۇپ غىسپىدا تىكىۋەتمىگىن. مېنىڭ بۇ نەسىھىتىمنى جەزمەن قۇلىقىڭدا تۇتقىن.

— خوپ، پەرمان بەردارمەن! — دېدى ئىمادىددىن خۇشخۇي هالدا، ئاندىن: — مېنى قەلئە دەرۋازىسىدىن چىققىلى قويامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قەلئەدىن چىقىدىغان چاغدا، قاراۋۇلغا بەلگىنى ئېيتساڭ، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

— بەلگە نېمە؟

— قاراۋۇلغا «ئالۇمۇتلۇق ھەسەن ئىبنى سەبباھ» دېسەڭ، سېنى چىقىرىدۇ.

— بارىكاللا دوستۇم، يول كۆرسەتكىنىڭگە كۆپ رەھمەت. مەن ماڭدىم ئەمىسە.

ئىمادىددىن ئابدۇرەھىم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يەنە سۇلايماننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا ئاستا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇلايمان پانۇس كۆتەرگەن هالدا ئۆيىدىن چىقىۋاتاتتى. ئىمادىددىن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئېگىلىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ:

— غوجام، پانۇسنى مەن كۆتىرەي! مەن ئىززەتلىرىڭىزنىڭ چاكىرى، ئىززەتلىرىگە خىزمەت قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دېدى ۋە بىردىنلا پانۇسنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. ئۇ پانۇسنى قولىغا ئېلىپ بولغىچە، سۇلايمان ياق دېيىشنى بىئەپ كۆردى-دە، ئۇنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ، ئۆزى كەينىدىن ماڭدى. ئىككىسى ئۇدۇل قەلئەدىن چىقىشقا ماڭدى. بەلگىگە توغرا جاۋاپ بېرىلگەچكە، قەلئەدىن توسالغۇسىز چىقىشتى. ئۇلار ماڭغان چىغىر يول ئىگىز — پەس ئىدى، دۆڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۈزلەڭ-



www.uyghurkitap.com

گە چىقىشتى. كىيىنۋىلىپ سۇلايمان ئۇشتۇمتۇتلا توختىدى ۋە
ئىمادىددىنغا:

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن ساڭا، پانۇسنى ماڭا بەرگىن.
بارىدىغان يىرىمگە ئاز قالدى، سەن قايتقىن، — دىدى.

— ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ قوياي.

— بولدى، ئەنە، بىردەمدىلا بارىمەن، — دىدى سۇلايمان
ۋە ئۇدۇلدىكى بىر ئۆينى كۆرسەتتى. ئۇ ئۆيدىن پالىلداپ تۇر-
غان غۇۋا چىراق يورۇغى كۆرۈندى. بۇ يورۇق دالىدىكى بىردىن-
بىر يورۇق ئىدى.

— غوجام، مەن شەيخ ھەزرىتىمنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن
ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا كەلگەن. خىزمەتلىرىگە قىل-
چىلىكمۇ سۇسلۇق قىلىش ھەددىم ئەمەس، رەت قىلمىسىلا!

سۇلايمان پانۇسقا ئىسىلدى، لىكىن ئىمادىددىن پانۇسنى
قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالدى. ئاخىر سۇلايماننىڭ ئاچچىغى كىلىپ:

— ھۇ يوغانباش غالچا، ئەكەل پانۇسنى! كۆزۈمدىن يو-
قال! — دەپ تىللىدى.

— مۇنداق دە تىخى! خىزمىتىڭنى قىلاي دىگىنىمگە
بەرگەن جاۋابىڭ شۇمۇ؟!

ئىمادىددىن پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىدى — دە، خەنجە-
رىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە غاچچىدا تىقتى، سۇلايماننىڭ
كۆكرىكىدىن قان ئوخچۇپ چىقتى. ئۇ كۆكرىكىنى قامالاپ:

— ۋايجان، ھۇ مەلئۇن، مىنى ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ؟ ۋاي
جۇۋاينىمەك، مىنى بىكاردىن — بىكار نىمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟ —
دەپ ۋاقىرىدى.

ئىمادىددىن خەنجەرنى يەنە بىر تىقىپ، ئۇنى ئۇجۇقتۇر-
ماقچى بولۇۋىدى، سۇلايمان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تىترەپ
تۇرۇپ دىدىكى:

— ماڭا بىر پىچاق ئۇردۇڭ، ئەمدى تىرىك قالمايمەن. مېنى ئۆلتۈرگىنىڭگە سەندىن رەنجىمەيمەن، بەلكى قىسمىتىم شۇنداقتۇ. لېكىن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن ئاۋۇ چىراق يېنىپ تۇرغان ئۆيگە چاپسان بارغىن، ئۇ يەردە بىر ئايال بار، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىن. ئۇ مەندىنمۇ زىيادە ئۆلۈمگە مەھكۇم ئايال. خەير، سەن مېنىڭ پۇل ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىمنى ئېلىپ كەتكىن! ساڭا بەرگەن ھەققىم بولۇپ قالسۇن.

شۇ گەپ بىلەن تەڭلا، سۇلايمان كۆپىپىدە چۇشۇپ جان ئۈزدى.

ئىمادىددىن ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران قالدى. ئېڭىشىپ ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، پۇل ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى ئالدى - دە، كەتتى.

* * *

ئىمادىددىن كېتىۋېتىپ، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئاشۇ ئۆيگە بارايمۇ ياكى دەرھال مىسىرغا قايتايمۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆيگە بارسا، ھايال بولۇپ قېلىشتىن ياكى راشىددىننىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنى قورغانغا چاقىرتىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇنداق بولغاندا، ياخشى پۇرسەت قولدىن كېتەتتى. ئىمادىددىن ئەسلىدە سۇلايماننى ئۆلتۈرمەيلا قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. لېكىن ئابدۇرەھىم ئۇنىڭغا سۇلايماننى ئۆلتۈرۈشنى قايتا - قايتا جېكىلىگەچكە، نائىلاج ماقۇل بولغان. بىراق، سۇلايماننى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكى ئۇنىڭغا تېخىچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار دەپ قارايتتى.

ئىمادىددىن دەرھال بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، يولنى كۆرگىلى، نىشاننى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئارسالدىلىق ئىچىدە، سۇلايماننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئېيتقان گەپلىرى ئېسىگە كەلدى-دە، ئىنتايىن ئەجەپلەندى. ئېھتىمال سۇلايمان بىلەن ئاشۇ ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەت بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئايال بار ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى. ئۇ خەنجىرىنى پاكىز سۈرتۈۋېتىپ، غىلاپىغا سالغاندىن كېيىن، پانۇسنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، چىراق يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ئېھتىيات بىلەن قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئەتراپىغا قۇلاق سېلىپ ماڭدى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى قېقىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بۇ ئەر كىشى ئۆز شېرىگىگە:

— بايا يېراقتىكى چىراق يورۇقىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

— كۆردۈم. سۇلايمان شەيخىم كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئىككىنچى ئەر كىشى.

— بىراق چىراق بىردىنلا ئۆچۈپ قالدى. بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالمىغاندۇ-ھە؟ — دېدى بىرىنچى ئەر كىشى.

— ئۇنداق بولماس. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئادەم، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.

— سۇلايمان شەيخىم بۇ يەردە خەقنىڭ قولىغا قارايدىغان تازا بىر بىچارە بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ تازا ئېچىنىشلىق.

— بۇ بىچارە قىزنىڭ ھالى ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق دېگىنە! سۇلايمان ئۇنى ھەدېسىلا ئۇرۇپ، تېپىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئازاپلايدۇ. بۇ قىزغا ھەقىقەتەن بىر ئاز ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتمەن دېگۈچە، ئۆزەڭگە كېلىدىغان پايدىنىڭ غېمىنى يېگىنە! سۇلايمان شەيخىم ئىشىمىز ۋۇجۇتقا چىقسا، بىزگە چوڭ ئىنئام بېرىشكە ۋەدە قىلدىغۇ.

— سەن تېخى ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىۋاتامسەن؟

— تولۇق ئىشەنچە قىلالمىساممۇ، ھەر ھالدا ئىشەنمەيمۇ قالمايمەن. مېنىڭچە، سەن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى تازا ئۇقمايدىغان ئوخشايسەن.

— راست ئېيتتىڭ، بۇ ھەقتە مېنىڭ ئۇقىدىغانلىرىم ئاز. بەزى ئەھۋاللارنى ماڭا دەپ بەرسەڭ قانداق؟

— بولىدۇ، دەپ بېرەي. بىراق مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان. سۇلايمان شەيخىم بۇ يەردىكى ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ رەئىسى راشىددىن سىناننىڭ يېقىن دوستى ئىكەن. راشىددىن سۇلايمان شەيخىمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ پىرقىنىڭ رەئىسى بولغان ئىكەن. كېيىن سۇلايمان ئۇنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىققىنىغا ھەسەت قىلىپ، ئاچچىقى كەپتۇ، باشقا جايلارغا بېرىپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆز - كۆز قىلماقچى بولۇپ، بۇ يەردىن كېتىپتۇ. ئۇ كېيىن مىسىرغا بېرىپ، مىسىرغا خەلىپە بولۇش تاماسىغا چۈشۈپتۇ. خەلىپىلىكنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنى فاتىمىيە خەلىپىلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاپتۇ. ئاندىن ئىسمىنى ئەبۇ ھەسەنگە ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇ مىسىر خەلىپىسى ئازىدلىدىنىللانىڭ ئېغىر كېسەل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى ھىمايە قىلىشقا بىر تۈركۈم شېرىك سېتىۋاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ سۇيىقەستى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، شېرىكلىرىنىڭ ھەممىسى بىراقلا سالاھىددىننىڭ تورىغا چۈشۈپتۇ، يالغۇز ئۆزىلا قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ يەنە بىرنەچچە جېنىدىن تويغانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوردىدىن بۇ قىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ

كېلىۋاتقان يول ئۈستىدە بىزگە ئۇچراپ قالدى. ئاندىن بىزنى ئۆزى بىلەن بىللە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئىشى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، بىزگە چوڭ ئىنئام بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇ راشىددىننى ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىغا رەئىس بولماقچى. لېكىن ئۇنىڭ ئىشى ئەمەلگە ئاشامدۇ، ئاشمامدۇ، كىم بىلىدۇ دەيسەن؟

ئىمادىددىن بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزى ئۆلتۈرگەن سۇلايماننىڭ ئەبۇ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، خوشاللىقىدىن يۈرىكى گۈپ-گۈپ سېلىپ كەتتى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە سالاھىددىن ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقىتىدىغانلىقىنى، يەنى ئەبۇ ھەسەننى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇ، بەلكى بۇمۇ ئاللانىڭ ھېكمىتىدۇر، بەلكى ئەبۇ ھەسەننىڭ پەيمانى توشقان بولغىيدى، دەپ ئويلىدى.

ئىمادىددىن بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتىدىن يەنە ئەبۇ ھەسەننىڭ بۇ ئۆيدىكى خان قىزنى تەپتارتماستىن خارلىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى چاكارنىڭ بۇ قىزغا ئىچى ئاغرىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا، بۇ قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، بۇ قىزغا ھېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغىلىپ، بۇ بىچارە قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئىمادىددىن ئىشىكنى قاقتى، ئۆيدىكى ئىككى چاكار ئالاقىزادە بولۇپ كېتىشتى. ئۇلاردىن بىرسى: «كىم؟» دېدى. ئاندىن ھەمرىيىگە:

— خوجام كەلگەن ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ چىراق يورۇغىنى كۆردۈم دېمىگەنمىدىم! — دېدى.

— مەن سۇلايمان شەيخىم ئەۋەتكەن كىشى، — دېدى ئىمادىددىن ئىشىكنىڭ سىرتىدا.

چاكارلاردىن بىرسى ئىشىكنى ئاچتى، يەنە بىرسى چىراقنى ئىمادىددىننىڭ يۈزىگە يېقىن تۇتۇپ، باش - ئايىغىغا سەپ - سېلىپ چىقىپ:

— نىمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— سۇلايمان شەيخىم مېنى بىر ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتتى. قارا، مانا بۇ پانۇس ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن بەلگىسى. — ئىمادىددىن پانۇسنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— بۇنىڭغا ئىشەندىم. خوش، نىمە ئىش قىلماقچىسەن؟

— سۇلايمان شەيخىم مېنى بۇ يەردىكى قىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى قەلئە دەرۋازىسى يېنىدا ساقلاپ قالدى!

ئىككى چاكار ئىنتايىن ئەجەپلىنىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن: «سۇلايمان بۇ قىزنى نىمىشقا ئالدۇرۇپ كېتىدۇ؟ ئۇنى نىمە قىلماقچىدۇ؟» دەپ ئىچىدە غۇدۇكشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ ئالامسەن؟ — سورىدى چاكاردىن بىرسى.

— ھەئە. ئۇنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى ئىمادىددىن.

— مەن ئۇنىڭغا ئېيتاي، — چىراق كۆتەرگەن چاكار ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئىمادىددىن ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر قىزنىڭ ئىڭرىغان ۋە خورسىنغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئاۋاز ناھايىتى زەئىپ ئىدى.

ئىمادىددىن ئاۋازنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى: بۇ ئاۋاز سەبىيەدەنىڭ ئاۋازىغا ئەجەپمۇ ئوخشايدىغۇ! ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆيدە زادى كىم بارلىقىنى كۆرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ چاكار بىلەن نىمە دېيىشىدى-

غانلىغىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ قۇلاق سالدى. چاكار قىزغا مۇنداق دېدى:

— غوجام سىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۆزى قەلئە ئالدىدا ساقلاپ تۇرغۇدەك.

— جۇۋاينىمەك ئالۋاستى مېنى ئۇ يەرگە ئېلىپ كېتەمدىكەن؟ بارمايمەن. ئۇنىڭ ئازاپلاشلىرى يەتمەپتىمۇ؟ — قىز غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى.

— خېنىم، خاپا بولماڭ. غوجام ئەۋەتكەن كىشى راشىدىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم ئىكەن. ئۇ سىزنى يۈك ـ تاقىلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ، دەرھال مېڭىشىڭىزنى ئېيتىۋاتىدۇ.

— ياق، بارمايمەن. خۇدايىم بۇ ئادەملەرنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن!

ئىمادىددىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇ قىزنىڭ سەيىدە ئىكەنلىگىنى تېخىمۇ جەزملەشتۈردى، لېكىن يەنە ئويلاپ قالدى: قاھىرە بۇ يەردىن ناھايىتى يىراق تۇرسا، ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ سالاھىددىننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرسا؟

شۇ چاغدا ھىلىقى كىرىپ كەتكەن چاكارنىڭ يەنە:

— كەلگەن ئادەم سىرتتا كۈتۈپ قالدى، بىز غوجامنىڭ ئەمرىگە بويۇن تاۋلىق قىلالمايمىز. سىزچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — دېگىنىنى ئاڭلىدى.

قىز تېخىمۇ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ ئېيتتىكى:

— سەنمۇ مېنى زورلاۋاتامسەن؟ مېنى يەنە ئاشۇ مەلئۇنلارنىڭ قولىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ئۇلار مېنى شۇنچە ئازاپلىدى! نەچچە قېتىم تۇتۇپ كەتتى. رەھىملىك ئاللا، مېنى قۇتقۇزغىن! باتۇر پەرىشتە ئىمادىددىننى بۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم چۈشۈرۈپ بەرگىن! — قىز سۆزلەپ شۇ يەرگە

كەلگەندە، بىر ئۇھ تارتىپ: — ئاھ، ئىمادىددىن، قەيەردە سەن؟! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئىمادىددىن بۇ نالە-پەرياتلارنى ئاڭلاپ، بۇ قىزنىڭ ئۆزى كېچە-كۈندۈز سېغىنىپ كەلگەن مەھبۇبىسى سەيىدە ئىكەنلىگىگە بەرھەق ئىشەندى-دە، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھاياجان بىلەن ۋاقىراپ كەتتى:

— مېنى بۇ يەرگە كەلتۈرگەن ئاللاغا مىڭ رەھمەت: مانا مەن ئىمادىددىن كەلدىم. مەلىكەم، كۆپ ئازاپ چەكتىڭىز!

كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆيگە ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرگەنلىگى ھەم ئۆزىنى ئىمادىددىن دەپ ئاتىغانلىغى سەيىدەنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. ئۇ، چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇ ئىمادىددىنغا ھاڭۋاقتان ھالدا سىنچىلاپ قارىغىنىچە كالپۇكىنى مىدىرلاتتى، لېكىن ئاغزىدىن گەپ چىقمىدى. ئاخىر يىغىدىن بوغۇنۇقتان ھالدا:

— ئىمادىددىن... ئىمادىددىن... مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟ — دىدى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ.

ئىمادىددىن سەيىدەنىڭ يۈرەك ئالدى بولۇپ، روھى چۈشۈپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى ۋە سەيىدەگە يېقىن كېلىپ دىدى:

— مەلىكەم، بۇ چۈشىڭىز ئەمەس! مەن ئىمادىددىن، ئەمدى قورقماڭ، مەن سىزنى جېنىم بىلەن قوغدايمەن.

* * *

ئىمادىددىننىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان سەيىدە ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا سەپسېلىۋىدى، ئىمادىددىن بۇرۇنقىغا ئوخشىمىغان قىياپەتتە يات بىر كىشى



www.uyghurkitap.com

بولۇپ كۆرۈندى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىلا تونۇش ئاڭلىنىدى.
سەيپىدە ئىمادىددىننىڭ چىرايىغا يەنە سىنچىلاپ قارىدى، بىراق
كۆزلىرى ياش بىلەن غۇۋالىشىپ تۇرغاچقا، ئوچۇق تونۇيالمىدى.
ئاندىن كۆزلىرىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن،
ئىمادىددىننى كۆزىدىن تونۇدى - دە، ئۆكسۈپ يىغلاپ:

— ئىمادىددىن؟ سىز ئىمادىددىنمۇ؟ سىزنى بۇ يەرگە
كىم ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى ۋە يەنە گۇمانلىنىپ: — ياق!
ياق! سەن ئىمادىددىن ئەمەس. ھەلىقى ئېبلىسنىڭ چاكىرى،
سەن مېنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرمەكچى. ھەي ئاللا، ئېيتساڭچۇ،
بۇ ئىمادىددىنمۇ؟ — دىدى - دە، بىردىنلا سەۋدايىلەردەك قاقاق-
لاپ كۈلۈپ كەتتى. — سەن ئۆزەڭنى ئىمادىددىن دەۋاتامسەن؟
ياق. مۆجىزە دىگەن بولىۋەرمەيدۇ. توغرا، ئىمادىددىن بۇرۇن
مېنى قۇتقۇزغان. خۇدايىم، ھازىرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ
قالسىدى...، — ئۇ ھازىر ھوشىغا كەلگەندەك، يەنە شۈك بولۇپ
قالدى. كۆزلىرىنى يەنە بىر ئېرتىۋېتىپ، ئىمادىددىنغا سىنچىلاپ
قارىدى. ئىمادىددىن يۈرىكىگە پىچاق سانچىلغاندەك بىئارام
بولۇپ، سەيپىدەنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە قاراپ تۇراتتى.
سەيپىدە ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىمادىددىن
ئىكەنلىگىنى ئەمدى تونۇدى - دە، چۈش كۆرۈۋېتىپ ئويغانغان
ئادەمدەك: «ئىمادىددىن! ئىمادىددىن!» دەپ ۋاقىرىغان پېتى
ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئاتتى ۋە ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەن-
لىكتىن ھوشىدىن كەتتى. ئىمادىددىن ئۇنى يۆلىۋالدى. ھودۇقۇپ
كەتكەن چاكار دەرھال سۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە
پۈركىدى، ئىمادىددىن ئۆز ياغلىغى بىلەن سەيپىدەنىڭ ياشلى-
رىنى ئېرتتى. بىر پەستىن كېيىن، سەيپىدە ھوشىغا كېلىپ،
ئىمادىددىنغا يەنە تىكىلىپ قارىدى. خۇددى ئامراق نەرسىسىنى
يوقىتىپ قويۇپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىغان كىچىك بالا

شۇ نەرسىسىنى قايتا تاپقاندا خوشال بولۇپ كەتكەندەك، سەيپىدەنىڭ چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

ئىمادىددىن سەيپىدەنىڭ سۇلغۇن چىرايىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ ئۆتكەنكى كۈنلەردىكى گۈزەل مەلىكىنىڭ — خەلىپىنىڭ ئاچىسىنىڭ لەنەتكەردى ئەبۇ ھەسەننىڭ قولىدا ئازاپلىنىپ، مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ ئەبۇ ھەسەن دىگەن بۇ ئىبلىسنىڭ كۆزىدىن يوقىتىلغانلىقىنى ئەسلەپ، سەل دەردى چىققاندەك بولدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، مەلىكەم، مەن سىزنىڭ سادىق چاكىرىڭىز ئىمادىددىن بولىمەن، — دەپ سەيپىدەگە تەسەللى ئېيتتى.

— ياق، سىز مېنىڭ چاكىرىم ئەمەس، خوجايىنىم، — دىدى سەيپىدە ھاياجانلىق بىلەن، — سىز مېنىڭ نىجات يۇلتۇزۇم. سىز مېنى ئۆلۈمدىن، خورلۇقتىن ئىككى قېتىم قۇتۇلدۇردىڭىز، سىز مېنىڭ جېنىم، يۈرىكىم، — دىدى. ئاندىن خىجىللىق بىلەن يەنە: — مېنى تاشلىۋېتىڭ، مەن ئېپپىتىمنى يوقاتتىم، — دىدى - دە، ئۇيىلىپ ئالقىنى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى.

ئىمادىددىن يېنىدا ئىككى چاكارنىڭ تۇرغانلىقىدىن، نىمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۇلارغا:

— بۈگۈن كەچتە سادىر بولغان بۇ ئىشلاردىن ھەيران قېلىۋاتقىدىغانسىلەر. ئىككىڭلار ئەبۇ ھەسەن دىگەن بۇ ھازازۇلدىن نەپرەتلىنىپ، بۇ مەلىكە سەيپىدەگە رەھىمىڭلار كەلگەنلىكىنى بىلدىم، — دەپ، يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، ئەبۇ ھەسەننىڭ يېنىدىن ئالغان پۇلدىن بىر سىقىم ئېلىپ ئۇلارغا بەردى.

چاكارلار ئىمادىددىننىڭ مەرتلىكىگە قايىل قېلىشتى. ئۇلاردىن بىرسى ئىمادىددىننىڭ سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دىدى:

— دېگىنىڭىز راست. مېنىڭچە، سىز چاكار ئەمەس، بۇ بېچارە قىزنى قۇتقۇزۇشقا ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن نىجات يولتۇزدەك قىلىسىز. بىزمۇ بۇ قىزنىڭ ھالىغا كۆپ ئېچىنغان ئىدۇق.

— ئۇنداق بولسا، سىلەرمۇ بۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى خالايدىكەنسىلەر - دە؟

— شۇنداق. خىزمىتىڭىزگە تەييار بىز. قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىڭىز، ھەتتا لەنىتى ئەبۇ ھەسەننى ئۆلتۈر دېسىڭىزمۇ تەييار بىز، — دېدى بىر چاكار.

— ھاجىتى قالمىدى. بۈگۈن كەچتە ئاللا ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ھېساپ ئالدى. مانا بۇ پۇللار ئاشۇنىڭ پۇللىرى، — دېدى ئىمادىددىن، ئۇلارغا يەنە بىرئاز پۇل بەردى.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىككىسى تەڭلا.

— ئاللا ھازازۇللارنى ئەپۇ قىلمايدۇ، — دېدى ئىمادىددىن جاۋابەن.

سەييىدە ئىمادىددىننىڭ ئىككى چاكار بىلەن قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ جىم تۇراتتى. ئۇ زەئىپلىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ھەددىدىن زىيادە قايغۇرغانلىقتىن، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قالمىغان ئىدى. ئەبۇ ھەسەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ھەيرانلىق ۋە خوشاللىق ئىچىدە كاپ قىلىپ ئىمادىددىننىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — دېدى ئىمادىددىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — بۇ ئەبلەخنىڭ ئەبۇ ھەسەن ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، پارە - پارە قىلىۋەتكەن بولاتتىم ۋە جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆزەمنىڭ ئىمادىددىن ئىكەنلىكىمنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەلىكە سەيپىدە ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغانلىغىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغان بولاتتىم.

بۇ چاغدا، ئىككى چاكار مەلىكە سەيپىدەنىڭ بۇيەردىن قايتىش تەييارلىغىنى قىلىشقا چىقىپ كەتتى. ئىمادىددىن سەيپىدەگە ئۆزىنىڭ بۇ قەلئەگە سالاھىددىننىڭ بۇيرۇغان ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سالاھىددىننىڭ ئىسمى چىقىش بىلەنلا سەيپىدەنىڭ چىرايى ۋىللىدە نۇرلىنىپ:

— سالاھىددىنغا ئاللا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن. ئۇ ئۇلۇغ سۇلتان، — دېدى.

— خۇداغا شۈكرى، پات ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمىز. ئاڭلىشىمچە، سۇلتانىمىز بىزنىڭ بەختىلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىمىزنى تىلەپتۇ.

— دېمىسىمۇ، ئۇ دانا سۇلتان.

ئىككى چاكار قايتىپ كىردى، ئۇلار ئاتلارنى توقۇپ، يۈك-تاقلارنى تېڭىپ قويغان ئىدى. تۆتەيلەن يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. ھازىر تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ئاي سىماق تېغىنىڭ ئارقىسىدىن باش كۆتەرگەن ئىدى. ئىمادىددىن دوستى ئابدۇرەھىم تاپىلغان ئىشنى ئېسىگە ئالدى-دە، چاكارلارنى تۆز يەرگە چىقىپ ئىككى تال مەشئەل يېقىشقا بۇيرۇدى. چاكارلار شۇ بويىچە قىلدى.

# ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشى

ئۇلار تېزلا يولغا چىقىشتى. سەيپىدەنىڭ خېچىرى ئىمادىددىنىڭ ئېتى بىلەن يانمۇ ـ يان ماڭاتتى. ئۇلار ماڭغاچ، ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى بىر بىرىگە ئىزھار قىلىشتى، تارتقان رەنج ـ كۈلپەتلىرىنى تۆكۈشتى، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن بىر بىرىگە ئىزھار قىلىشقان چىن مۇھەببەت رىشتىسى ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر بىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلىدى.

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە مېڭىۋېرىپ، سىماق تېغىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرەپتىن ئات تۇيىغىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس شەپىسى ئاڭلاندى. ئىمادىددىن قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ، دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى دەرھال پەرق ئەتتى. ئۇ قەلئەدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئابدۇرەھىم بىلەن كۆرۈشۈشكە تولىمۇ ئىنتىزار ئىدى.

ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىمادىددىن سەيپىدە بىلەن چاكارلارغا كېتىۋېرىشنى ئېيتىپ، ئۆزى ئېتىنى ئاستىلاتتى ۋە ماڭغاچ ئابدۇرەھىمنى ساقلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يىراقتىن دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ، ئارقىسىدىن

www.uyghurkitap.com

كىمدۇر بىرى قوغلاۋاتقاندەك تېز ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي، ئابدۇرەھىممۇ سەن؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

— ئىمادىددىنمۇ سەن؟ — دىدى قارشى تەرەپ.

ئابدۇرەھىم يېقىن كەلگەندە، ئىمادىددىن ئۇنىڭدىن:

— ئاتنى بۇنداق تېز چاپتۇرۇپ كەلگىنىڭدىن قارىغاندا، ئارقاڭدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتامدۇ ياكى بىرەر جىددى ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياقەي، مەن سىلەردىن ئەنسىرەپچۇ!

— سېنى بىزدىن ئەنسىرىتىدىغان نىمە ئىش بولدى؟ ھەممە ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولدىغۇ مانا.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دىدى ئابدۇرەھىم، — ئۇ لەنەتكەردىنى بىر پىچاق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ ئىشنى جايىدا قىلدىڭ. شۇ چاغدا مەن خېلى ۋاقىتقىچە ئارقاڭدا يۈردۈم. كېيىن مۆكۈپ يۈرۈپ، ھەركىتىڭگە سەپسالدىم. سېنىڭ ئۇ ئەبلەخنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىڭنى كۆرۈپ، خېلى ئۇزاق ساقلاپمۇ، سېنىڭ بەلگە ئۇچۇن ئوت ياققانلىقىڭنى كۆرمىدىم. سېنى بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئېتىمغا مىندىم-دە، باشقا بىر يول بىلەن ئايلىنىپ ھىلىقى ئۆينىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۆيگە كىرىپ قارىسام، ئۆزەك تۆگۈل قاراڭمۇ يوق. ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئوت يورۇقىنى كۆردۈم-دە، شۇئان ئارقاڭدىن قوغلاپ كەلدىم. بىرەر پىشكەللىككە ئۇچرىمىغانسەن؟

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، خۇدا بىزنى ئامان-ئېسەن ھەم بەختلىك قىلدى.

— ئۆزەك ئۆلتۈرگەن ھىلىقى سولايمان دىگەننىڭ كىملىگىنى تېخى بىلمەيسەنغۇ دەيمەن؟

— بىلدىم. ئۇ ئەبۇ ھەسەن دېگەن مۇناپىق ئىكەن، — دېدى ئىمادىددىن مەنسىتمىگەن ھالدا، — سەن مەندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى جىددى تەلەپ قىلغان ۋاقتىڭدا، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر گەپ بار دەپ ئويلىغان ئىدىم، دەل شۇنداق بولۇپ چىقتى، ھەقىقى ئەھۋال ئاشكارا بولدى. بۇ مۇقەددەس ۋەزىپەمنى ئورۇنلىشىمغا ھەيدەكچى بولغىنىڭغا كۆپ رەھمەت. بۇ خۇش خەۋەرنى مەۋلانىم سالاھىددىنغا يەتكۈزىمەن. بۇ ئىشتا بىر كىشىلىك تۆھپەڭ بار. مەن مەۋلانىمغا ھەم ساڭا يەنە بىر زور خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىمەن، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن مۇھىم!

— قانداق زور خۇش خەۋەر ئۇ؟

— سەن ئاۋۇ ھەمسەپەرلىرىمنىڭ كىملىكىنى سورىماقچى ئەمەسمىدىڭ؟

— ھەئە، بىراق ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىمەن. دېسەم - دېمىسەم ئۇلار ھېلىقى ناكەسنىڭ چاكارلىرى ھەم ئۇنىڭ خوتۇنىدۇ. ئەمدى ئۇ سېنىڭ ئاغىچاڭ بولدى - دە، ئەلۋەتتە.

— ياق، ياق، ئۇ ئىپلاس ھېچقاچان خوتۇن ئالمىغان.

— ئۇنداق بولسا، كىم ئۇ؟

— بۇرۇن ساڭا بىر مەلىكىنى تونۇشتۇرغانلىغىم ئېسىڭدىمۇ؟ سەن قاھىرەگە بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ نازاكەتلىكلىگى ۋە گۈزەللىگىدىن ھەيران قالغانلىغىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىدىڭ.

— ئۇ مەلىكە سەيىدە، خەلىپىنىڭ ئاچىسى دەمسەن؟ — دېدى ئابدۇرەھىم تەئەججۈپلەنگەن ھالدا.

— شۇنداق، ئۇ سەيىدە. ھېلىقى مۇناپىق ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنى ئېلىپ قېچىپ، قاھىرەدىن مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى دەپسەندە قىلىپتۇ، ئازاپلاپتۇ.

مېنى ئۇنى يەنە قۇتۇلدۇرۇشۇمغا نېسىپ قىلغان تەقدىرگە رەھمەت.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۇ خېچىرغا مىنگەن سەيپىدە ئىكەن-دە؟

— ھەئە شۇ، سەن كۆرۈشەمسەن؟

— كۆرۈشەمدىغان ھازىرچە ئالدىراش يوق. سىرئاز ماڭايلى، تاڭ ئاتقاندا دەم ئالىدىغان جاي تېپىپ ئاندىن كۆرۈشەرمەن.

— مىسىرغا بىز بىلەن بىللە بارامسەن؟

— ماقۇل كۆرسەڭلار، بىللە بارىمەن.

— مىسىرغا بىللە بېرىشىڭنى تولىمۇ ئۈمىت قىلاتتىم، — دېدى ئىسمادىدىن شۇئان خوشال بولۇپ، — سۇلتانىمىز سالاھىددىن تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالىغانلىقىم پۈتۈنلەي سېنىڭ كۆرسەتكەن ياردىمىڭ ۋە ئەقلىڭدىن بولدى، سېنى ئۇبدان رازى قىلمىسام بولمايدۇ، سېنى سۇلتانىمىز سالاھىددىنغىمۇ تونۇشتۇرۇپ، تۆھپەڭنى رويخەتكە ئالدۇرىمەن. بىراق، سېنىڭمۇ بۇ يەردىن نىمىشقا كېتىدىغانلىقىڭغا ھەيرانمەن. چۈنكى سەن ھازىر ئىسمائىلىيە پىرقىسىنىڭ مۇھىم كىشىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيخ ھەزرەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ئېتىۋارىغا مۇشەررەپ بولدۇڭ.

— شۇنداق. بۇ يەردە شەيخ ھەزرەتنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتىم، — دېدى ئابدۇرەھىم، كەسكىن قىياپەتتە، — لېكىن بۇ ئادەملەرگە قانچە ئارىلاشساڭ ئۇلاردىن شۇنچە نەپرەتلىنىسەن. ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئالدانغانلىقىڭنى سېزىسەن. چۈنكى بۇ خۇنخور پىدائىيلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە، جۈملىدىن جىسمانىي جەھەتتىكى ھوزۇر-ھالاۋەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەر خىل

سېھىر - جادۇلارنى ئىشلىتىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەبۇ ھەسەنگە ئوخشاش بىۋاپا، نومۇسسىز ناكەسلەر. مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولغىنىمنى ھەم ئۇلار ئۈچۈن غالچىلىق قىلىشنى خالىمىغاچقا، بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئىمادىددىن چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئۇ بارماقلىرى بىلەن ئاتنىڭ يايلىنى تارىغاچ سورىدى:

— ئۇنداق بولسا، راشىدىدىننىڭ كارامەتلىرى قانداق ئىش زادى؟

— مەنمۇ ئۇنىڭ كارامەتلىرىنى راست دەپ ئىشىنىپ يۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭدىكى سىرنى ئۇقۇپ قالغاندىن كېيىن، كارامەت دېگىنىنىڭ ئادەم ئالدايدىغان ھىيلە - مىكىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئوچۇغىنى ئېيتسام، كارامەت دېگىنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالدامچىلىق. ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىرەر ئىشمۇ يوق، — ئابدۇرەھىم بىر پەس جىمىلىقتىن كېيىن، قولى بىلەن ئۇدۇل تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— قارا، ئاۋۇ يەردە ساراي بار ئىكەن، شۇ يەرگە چۈشۈپ ئازراق دەم ئالايلى، — دېدى.

ئىمادىددىن ئېتىنى قامچىلىغان پېتى سەيپىدەگە يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا دوستى ئابدۇرەھىمنىڭ كەلگەنلىكىنى، سەيپىدە بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. سەيپىدە ناھايىتى خۇشال بولدى. ئىمادىددىن ئابدۇرەھىمنىڭ نام - ئەمالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، سەيپىدە ئۇنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، مەردانىلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئىمادىددىن، سەيپىدە قاتارلىق ھەمسەپەرلەر سارايدا دەم ئېلىپ تۇرسۇن. ئەمدى بىز مىسىردىكى ئەھۋاللار

ئۈستىدە پاراڭلىشايلى.

قاھىرەدە ئەبۇ ھەسەننىڭ سۈيىقەستى پاش بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ھەممىسى سالاھىددىن تەرىپىدىن چاپراس مۇسلارغا مىخلاندى. ئۆزى تەلىيى ئوڭ كېلىپ دەمەشىققە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، سۇلتان نۇرىددىننىڭ ئالدىدا ھىيلە-نەيرەڭگى ئاقماي بۇرنىغا يىمدى. لېكىن ئۇ يەنىلا نىيىتىدىن يانماي، ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىدى، ئۇ ئىسمائىلىيە پىرقىسىدىكىلەردىن بىرنەچچە پىدائىي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مىسىرغا قايتىپ كەلدى. مەلىكە سەيىدە ئوردا بېغىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، ئۇنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ ئېلىپ قاچتى. سۇلتان سالاھىددىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تىت-تىت بولۇپ، تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزلەتتى، لېكىن مەلىكە سەيىدەنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدى. سالاھىددىن سەيىدەنىڭ يوقاپ كېتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، سىرتتا ئۆزى ئۈچۈن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىمادىددىننى ئەسلىدى. ئۇ، ئىمادىددىن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ قايتىپ كەلسە، ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويماقچى بولغان ئىدى. ئىمادىددىندىن تېخىچە خەۋەر كەلمىدى، ئەمدى سەيىدە بۇلاپ كېتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھلى سەلىپ بىلەن بولغان جەڭ ئوتى لاۋۇلدىماقتا. شۇ تاپتا سالاھىددىن بەيتۇلمۇقەددەسكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تازا بېشى قاتتى. دەل شۇ چاغدا، ھەرەم بېگى باھائىددىن كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئىمادىددىندىن خەۋەر كەلدى. بۈگۈن ئۇ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ سۇلتانىمىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاپتۇ، مەلىكە سەيىدەنىمۇ قۇتقۇزىۋاپتۇ. ھازىرلا يېتىپ كېلىپ، سۇلتانىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىرمەكچى.

سالاھىددىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال

بولدى-دە، باھائىددىنغا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ئىمادىددىننى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىشنى بۇيرۇدى.

باھائىددىن سۇلتان سالاھىددىننىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، كاتتا مۇراسىم ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن بىر توپ چەۋەندازلارنى ۋە تەختىراۋان ئورنىتىلغان بىر تۆگىنى ئېلىپ، قاھىرەنىڭ سىرتىغا، ئىمادىددىننىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىمادىددىنلار سۇلتان سالاھىددىننىڭ باھائىددىننى ئالدىغا چىقارغانلىقىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، دەرھال سالاھىددىننىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىرمەكچى بولدى. ئاتلىق سەپ مەلىكە سەيىدە تۇرىدىغان بەرجىۋان سارىيى ئالدىدىن ئۆتكەندە، مەلىكىنىڭ ئىنىگانىسى ياقۇتە مەلىكىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيدى، مەلىكىنى تىنچ-ئامان كەلتۈرگەن ئاللانىڭ ھېكمىتىگە ئاغزى بېسىلماي ھەمدۇ-سانا ئوقۇدى. لېكىن مەلىكىنىڭ جۇدەپ، ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ يىغلاپ كەتتى. مەلىكە سەيىدە ئىنىگانىسىغا ئۆزىنىڭ بولاپ كېتىلگەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئىمادىددىننىڭ قۇتقۇزۇۋېلىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

ئىمادىددىن باھائىددىننىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتان قەسرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەسرگە يېقىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشۈپ، قەسرگە پىيادە كىردى ۋە سالاھىددىننى كۆرۈپلا، دەرھال ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى ۋە:

— سادىق چاكارلىرى ئىمادىددىن ھۇزۇرلىرىغا سالامغا كەلدىم، — دېدى.

— سېنى ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىشكە نېسىپ قىلغان ئاللاغا مىڭ رەھمەت، — دېدى سالاھىددىن خۇشال ھالدا.

سورۇندىكى باشقا مۇلكىي ۋە ھەربىي بەگلەرمۇ ئىما-

دىددىنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىگىنى ئارقا-ئارقىدىن تەبرىكلەشتى.

بۇ چاغدا سالاھىددىن ئىمادىددىن بىلەن باھائىددىننى ئېلىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى. ئاندىن ئىمادىددىندىن ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش جەريانىنى بىر-بىرلەپ سورىدى. ئىمادىددىن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن-ئاياق تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. سالاھىددىن ئەبۇ ھەسەن دىگەن بۇ ئاپەتنىڭ يوقىتىلغانلىغىنى، مەلىكە سەيىيدەنىڭ تىنچ-ئامان قايتىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ، خوشال كۈلۈپ مۇنداق دىدى:

— باركاللا، يىگىت. ھەقىقى باتۇر ئىكەنسەن! زور بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭ. ھازىردىن باشلاپ مىنىڭ چوڭ قەھرىمانىم ۋە خاس يىگىتىم بولدۇڭ.

ئاندىن باھائىددىنغا چاخچاق قىلىپ مۇنداق دىدى:

— قەسىرىمىزدا بۇرنۇڭنىڭ ئاستىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن يىگىت مانا مۇشۇ. ئەمدى بۇنى تۇتۇپ جازالىساڭ بولىدۇ!

— بۇ، يىگىتلەرنىڭ يىگىتى، يولۋاس يۈرەك باتۇر ئىكەن، — دىدى باھائىددىن كۈلۈپ، — مەرھۇم سۇلتانىمىز نەجمىددىننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئاللا رەھمەت قىلسۇن!

سالاھىددىن ئىمادىددىنغا يەنە مۇنداق دىدى:

— مەلىكە سەيىيدە بىلەن ئىككىڭلارنىڭ يۈرىگى بىر-بىرىگە سوقۇۋىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللا ئىككىڭلارنىڭ سەرگۈزەشتىنى بىر قىلىپتۇ. ئەمدى سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن. تويۇڭلار شاھزادىلەرنىڭ تويىدەك تەنتەنىلىك بولىدۇ.

ئىمادىددىن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ھالدا ئىگىشىپ، سالاھىددىننىڭ ئىككى قولىنى سۆيدى. ئاندىن دىدىكى:

— سۇلتانىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت. مەن خوشلىنىشتىن ئاۋال ئۆزلىرىگە دوستۇم ئابدۇرەھىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتە-

مەكچىمەن: مەن ئۆزلىرى تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۇنىڭ جاسارىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىسىدىلا ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدىم. بۇندىن كېيىن بىزنىڭ ئەھلى ـ سەلىپكە قارشى ئۇرۇشىمىزدا ئۇنىڭ بىزگە زور ياردىمى تېگىدۇ. چۈنكى ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ھەر بىر ئۆيى، ھەر بىر كوچىسىنى بەش قولدەك بىلىدۇ...

سالاھىددىن ئىمادىددىننىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭ دىگىنىگە قوشۇلۇپ ئېيتتىكى:

— ئابدۇرەھىمنىڭ ئەھۋالىنى باھائىددىندىن ئۇقتۇم. مەن ئۇنى ياخشى رازى قىلىمەن. ئۇ مېنىڭ خاس يىگىتلىرىمدىن بولىدۇ. خوش، ئەمدى مەن بېرىپ مەلىكە سەييىدە بىلەن كۆرۈشەي، ئۇنى تەبرىكلىمىسەم بولمايدۇ.

باھائىددىن سۇلتان سالاھىددىننىڭ سەييىدەنى يوقلاشقا بارىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ، مەلىكە سەييىدەنىڭ سۇلتاننى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرۇشىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، دەرھال بەرجىۋان سارىيىغا كەلدى.

سالاھىددىن بەرجىۋان سارىيىغا كېلىپ، مەلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىپ دىدىكى:

— باتۇرىمىز ئىمادىددىن سىزنى ئىككى قېتىم ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردى، سىزنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ئاشىق، بىقارار بولغىنىڭىز بىكار گەپ ئەمەسكەن ـ دە، كۆزىڭىز خېلى ئۆتكۈر ئىكەن. بۇرۇن مېنى يارىتمىغىنىڭىزمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى ئوخشايدۇ. مەلىكەم، مەن سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. مەن سىلەرنى تەنتەنىلىك توي قىلىپ قويىمەن، چۈنكى مەنمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلالمايمەن ـ دە!

مەلىكە سەييىدە سالاھىددىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىزا تارتقان ھالدا كۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى ۋە ئاندىن ئىنتايىن مىننەتدارلىق بىلەن ئېيتتىكى:

— ھۆرمەتلىك سۇلتىنىم، بىز ئۆزىڭىزنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىلا بولۇپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۈگۈن مانا سالامەت تۇرۇپتىمىز. سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىز شارapىتىدىن بىز زالالەت ۋە بەختسىزلىكتىن غالىپ كەلدۇق، سىزگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. رەھىملىك ئاللا گۇۋا بولسۇنكى، مەن داۋاملىق سىزنىڭ ھامىلىقىڭىز ۋە ئىلتىپاتىڭىزغا مۇھتاجمەن.

سالاھىددىن سەيىدەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ماڭا بەرگەن ياخشى تەئرىپىڭىز مەن ئۈچۈن شەرەپ. ئاللا گۇۋاكى، مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان سىلەرگە ئامانلىق ۋە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا كېچە-كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ كەلدىم. سىز مېنىڭ ھامىلىقىمدا بولۇپ كەلگەن بولسىڭىز، ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ قەھرىمانىمىز ئىمادىددىننىڭ قوغدىشىدا بولىسىز. سىز ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگىنىڭىزدەك، بىزمۇ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز. سىلەرنىڭ بەختلىك، كۆڭۈللۈك بولۇشۇڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن! — سالاھىددىن گېپىنى تۈگىتىپ، مەلىكە سەيىدە بىلەن خوشلاشتى-دە، بەرجەۋان سارىيىدىن چىقىپ كەتتى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سالاھىددىن ئىمادىددىن بىلەن مەلىكە سەيىدەنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆزى بىۋاستە باشقۇردى. توي شاھزادىلەرنىڭ توي مەرىكىسىدىن قېلىشمىغۇدەك ھەشەمەتلىك، كەڭتاشا ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن مىسىر شات-خوراملىققا چۆمدى.

بۇ كىتاپ شىنخۇا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىل 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان خۇبېي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新华出版社1981年6月湖北第一版第一次印刷本翻译出版·

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# سالاھىددىن

ئاپتورى: جورجى زەيدان
تەرجىمانى: مامۇت سابىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11 125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1985 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·981
تىراژى: 25,000 — 1
باھاسى: 0.98 يۈەن

萨 拉 丁 （维吾尔文）
乔治·宰丹著
马木提沙比提译　　托呼提巴克校订

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开本　11.125印张　2插页
1985年6月第1版　1985年11月第1次印刷
印数：1——25,000

统一书号：M10098·981　　定价：0.98元